بوغدا ئابدۇللا

# يېزىقچىلىق ئىلمى

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى

يېزىقچىلىق ئىلمى

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شادىيە ھاشىم



ISBN 7-5631-0783-5

ISBN7-5631-0783-5/G · 443 (维文)

定价：15.50 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالىي مەكتەپلەر ئۆچۈن دەرسلىك

# يېزىقچىلىق ئىلمى

تۈزگۈچى: بوغدا ئابدۇللا

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شادىيە ھاشىم

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

## يېزىقچىلىق ئىلمى

تۈزگۈچى: بوغدا ئابدۇللا

---

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھەر غالىبىيەت كوچا №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 11.5
1996-يىل 7-ئاي 1-نەشرى
1996-يىل 7-ئاي 1-بېسىلىشى
تىرازى: 1—5000

---

ISBN7—5631—0783—5/G · 443
باھاسى: ئاددىي مۇقاۋا: 10.50 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋا: 18.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بۇ دەرسلىك مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى يېزىقچىلىق جەريانى نەزەرىيىسى، ژانىر يېزىقچىلىقى نەزەرىيىسى، بەدىئىي ماھارەت نەزەرىيىسى، ئىلمىي ماقالە نەزەرىيىسى قاتارلىق 4 قىسىم، 16 بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن دەرسلىك ئۆز تەلىپى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن دۆلەت مائارىپ كومىتېتى چۈشۈرگەن «يېزىقچىلىق» ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىللە، تۈزۈلۈش سىستېمىسى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش (ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش) ئەمەلىيىتىنى ئۇنىڭغا توغرا ۋە ئىلمىي يوسۇندا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇردى.

بۇ دەرسلىك ئاپتور بوغدا ئابدۇللانىڭ ئۇزاق مەزگىللىك جاپالىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى بىلەن تەتقىقات ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش داۋامىدا، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇرچە تۈزۈلگەن بۇرۇنقى «يېزىقچىلىق» دەرسلىكىدىكى

كونسراپ كەتكەن مەزمۇنلارنى يېڭىلاشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا يەنە يېزىقچىلىق جەريانى نەزەرىيىسى، بەدىئىي ماھارەت نەزەرىيىسى قاتارلىق يېڭى مەزمۇنلارنى تولۇقلاش بىلەن بىللە، يەنە دەرسلىك مەزمۇنىنىڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن ھەم زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

كىتابخانلار قولىدىكى بۇ يېڭى دەرسلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن شىرىپىدىن ئۆمەر، ئەخمەتبېك كىرىشباي، ئازاد سۇلتان، قاۋسىلقان قامىجان، خالىق نىياز قاتارلىق تونۇلغان پروفېسسور-مۇتە-خەسسىسلەردىن تەشكىل قىلىنغان «يېزىقچىلىق ئىلمى» دەرسلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈشى بىلەن نەشىر قىلىندى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر، جۇملىدىن چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ۋە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش ئوبيېكتلىرى ئۈچۈن بىر ئورتاق دەرسلىك قىلىندى.

دۆلىتىمىز ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى، نەشىر ھوقۇقى قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، قايتا يېزىش ياكى قايتا نەشىر قىلىشقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرسلىك سۈپىتى بىلەن نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ

دەرسلىكنى ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز مەيلىچە كۆپەيتىپ بېسىشىنىڭ قەتئىي چەكلىنىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى
دەرسلىك باشقارمىسى

1996-يىل ئۆكتەبر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1

بىرىنچى قىسىم: يېزىقچىلىق جەريانى نەزەرىيىسى

I باب باش تېما ........................................ 3

§ 1. باش تېما ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى ........................ 3

§ 2. باش تېمىنىڭ ماقالىدىكى ئورنى ۋە رولى ...... 6

§ 3. باش تېمىنى ئېنىق بېكىتىش پرىنسىپى ...... 11

§ 4. باش تېمىنى بېكىتىشتىكى تەلەپ ............ 14

§ 5. باش تېمىنى ئايرىپ چىقىش .................. 20

II باب ماتېرىيال ........................................ 27

§ 1. ماتېرىيال ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى ................ 27

§ 2. ماتېرىيال بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتى ... 30

§ 3. ماتېرىيال جۇغلاش ۋە يىغىش ................ 33

§ 4. ماتېرىيال تاللاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى ...... 51

III باب قۇرۇلما ........................................ 62

§ 1. قۇرۇلمىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى .......... 62

§ 2. قۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ................ 64

§ 3. قۇرۇلمىنىڭ پرىنسىپى ........................ 69

§ 4. قۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى .............. 75

§ 5. قۇرۇلمىنىڭ تۈرى ............................ 90

IV باب ماقالىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى .......... 97

§ 1 . بايان ........................................ 98
§ 2 . تەسۋىر ........................................ 107
§ 3 . مۇھاكىمە ........................................ 116
§ 4 . چۈشەندۈرۈش ........................................ 122
§ 5 . لىرىكا ........................................ 127
V باب ماقالە ـ ئەسەرنىڭ تىلى ........................ 129
§ 1 . تىلدىن پايدىلىنىشتا كۆتۈلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەر
........................................ 130
§ 2 . تىل ئۆگىنىشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك ··· 141
VI باب ئۇسلۇب ........................................ 154
§ 1 . ماقالە ـ ئەسەر ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى ······ 156
§ 2 . ئۇسلۇبنىڭ ماقالە ـ ئەسەردە ئىپادىلىنىشى ··· 161
§ 3 . ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە ماقالە ـ ئەسەرلەرنى يېزىش
........................................ 167

ئىككىنچى قىسىم: ژانىر يېزىقچىلىقى نەزەرىيىسى

VII باب تەپسىلىي خەۋەر ........................ 173
§ 1 . قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 173
§ 2 . تەپسىلىي خەۋەرنىڭ تۈرلىرى ........................ 176
§ 3 . تەپسىلىي خەۋەر يېزىشنىڭ ئۇسۇلى ........ 180
VIII باب دوكلات ئەدەبىياتى ........................ 186
§ 1 . قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 186
§ 2 . دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ··· 191
IX باب نەسىر (ھېكايەت) ........................ 196
§ 1 . قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 196
§ 2 . نەسىرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ........ 199

www.uyghurkitap.com


X باب شېئىرىيەت ...... 204

§ 1. شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتى ...... 205

§ 2. شېئىرنىڭ تۈرلىرى ...... 208

§ 3. شېئىرنىڭ يېزىلىشى ...... 219

XI باب ئېپىك ژانىرلار ...... 223

§ 1. رومان، پوۋېست، ھېكايە ...... 224

§ 2. ھېكايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 231

§ 3. ھېكايىنىڭ يېزىلىشى ...... 242

XII باب تىياتىر ئەدەبىياتى ...... 256

§ 1. تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ...... 257

§ 2. تىياتىرنىڭ تۈرلىرى ...... 264

§ 3. تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىشى ...... 269

ئۈچىنچى قىسىم: بەدىئىي ماھارەت نەزەرىيىسى

XIII باب ھېسسىيات ...... 279

§ 1. ھېسسىيات ئۇقۇمى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتىكى رولى ...... 279

§ 2. ھېسسىيات — يېزىقچىلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ...... 283

§ 3. ھېسسىياتنىڭ جۇغلىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشى ...... 286

§ 4. ھېسسىيات يەتكۈزۈشنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپى ...... 293

XIV باب ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئىلھام ...... 298

§ 1. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەركىبلىرى ...... 298

§ 2. ئىلھام ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرى ...... 304

§ 3. ئىلھامنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى رولى ...... 308

XV باب ماقالە ـ ئەسەرنى تۈزىتىش .................. 311
§ 1. تۈزىتىشنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقى ··· 311
§ 2. ماقالە ـ ئەسەرنى تۈزىتىشنىڭ بىر قانچە تەرەپلىرى
.......................................................... 314
§ 3. تۈزىتىش ئۇسۇللىرى ۋە ماھارەت ............ 320

## تۆتىنچى قىسىم: ئىلمىي ماقالە نەزەرىيىسى

XVI باب ئىلمىي ماقالە .................................. 327
§ 1. ئۆزئىچىگە ئالغان مەزمۇن ۋە تۈرى ........ 327
§ 2. ئىلمىي ماقالىنىڭ ئالاھىدىلىكى .............. 330
§ 3. تېما تاللاش .................................... 332
§ 4. تېما تەتقىقاتىنىڭ قەدەم-باسقۇچى ۋە ئۇسۇلى ··· 336
§ 5. ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقىنىڭ قەدەم-باسقۇچى ۋە
ئۇسۇلى ........................................ 345

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

يېزىقچىلىق ئىلمى ئۆگەنمىسە بولمايدىغان پەن، ئىنسان ياشىغان ئىكەن ئۇ ھامان ئۆزىنى ئىپادىلەشكە مۇھتاج بولىدۇ، بۇ خىل ئىپادىلەش ھامان تىل ۋە يېزىق ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر خەلق، بىر مىللەت يېزىقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنى بىلمەيدىكەن، ياكى ئۇنىڭغا سۇس قارايدىكەن، ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئارقىدا قالغىنى قالغان، بۇنىڭ ئورنىنى ھەر قانداق بىر نەرسە بىلەن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق بىر تارىخ داۋامىدا بۇ ئىلىمدىن مۇكەممەل پايدىلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىباھا تۆھپە قوشقانلىقىنى كىشىلەر بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. بۈگۈنكى ئەۋلادلارمۇ بۇ جەھەتتە ئوخشاشلا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدىكەن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئەپۇ قىلمايدۇ.

بىلمىگەن ئادەملەر، بىزنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىمىز بولسۇن، بۇ پەقەت كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ دېيىشى مۇمكىن. بۇ تامامەن خاتا قاراش. بىز ھەر كۈنى، ھەر سائەت يېزىقچىلىق دۇنياسىنىڭ ئىچىدە تۇرىمىز، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش، رادىئو خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش، نۇتۇق سۆزلەش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ماقالە-ئەسەر يېزىشلار ھامان يېزىقچىلىق سەنئىتىدىن ئايرىلمايدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپادىلەش. بەزى ئادەملەر خەت تونۇمايدۇ، بىراق ناھايىتى ياخشى نۇتۇق سۆزلىيەلەيدۇ، بەزى ئادەملەر ئىچىدىكى گەپنى باشقىلارغا تولۇق

يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان ئۆزىدۇ، بەزىلەر ماقال - تەمسىللەردىن ناھايىتى جانلىق پايدىلىنالايدۇ، بەزىلەر كېلىشتۈرۈپ يازالايدۇ، لېكىن كېلىشتۈرۈپ سۆزلىيەلمەيدۇ، يەنە بەزىلەر ماقالە - ئەسەرلەرگە تولىمۇ خۇشتار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگىنىدۇ ۋە بەدىئىي زوق ئالىدۇ.

ئەمما، يېزىقچىلىق ئىلمى سىرلىق نەرسە ئەمەس، كىم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىكەن، ئىجتىھاد بىلەن ئۆگىنىدىكەن ۋە ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلىدىكەن، ئۇ ھامان نەتىجە قازىنالايدۇ.

گوركىنىڭ ماكسىم پېشكوۋغا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يېزىشنى مەشىق قىلىپ باق (مۇئەللىمگە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس!)، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ھەر خىل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ مەشىق قىل. بۇ تولىمۇ تېزىقارلىق ئىش، مەن سېنىڭدەك يېشىمدا يېزىقچىلىقنى مەشىق قىلىغان، خاتىرە يازغان، ئېھتىمال شۇ سەۋەپتىن يازغۇچى بولۇپ قالغاندىمەن. يېزىقچىلىق ئوبدان ئىش، ئۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ھەم كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىش» («گوركى بىلەن ئوغلىنىڭ خەت - ئالاقىلىرى» 51 - بەت). ماكسىم پېشكوۋ تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئەتتىن خەۋىرى بار ئىدى (رەسىم سىزالايتتى، رويال چالالايتتى، ئاكاردىئون تارتالايتتى)، ئۇ ئەدەبىياتتا ئىقتىدارلىق ئىدى (يېزىقچىلىق قىلالايتتى، شېئىر تەرجىمە قىلالايتتى)، ئۇنىڭ بىلىمى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى گوركىنىڭ ۋاقتىدا يېتەكلىگەنلىكىدىن ھەم ئۇنى كىتاب دۇنياسىغا باشلىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق تەپەككۇر ھەرىكىتىدە ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر ئابستراكت ئۇقۇم، ئارقىلىق ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدىغان تەپەككۇردۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەندە، تەپەككۇر جەريانىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كونكرېت خاراكتېرىنى ۋە ئوبرازلىق خاراكتېرىنى چىقىرىپ تاشلىماي، ئۇلارنى «كۆزگۈلگە» يۆكۈپ قويۇش ھەمدە بۇ ئوبرازلارنى بىر - بىرىگە باغلاش، يىغىنچاقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش يولى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئىمكانقەدەر بىلىم جەھەتتىكى نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز، يەنى ئۆز كەسپىمىزگە دائىر ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالماي، مۇناسىۋەتلىك باشقا بىلىملەرنىمۇ كۆپلەپ ئۆگىنىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىن كۆرەرلىكىمىزنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئۆزىمىز ئۆگىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىۋاتقان بىلىمنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان خىلمۇ خىل ئىچكى باغلىنىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەيدىغان بولۇشىمىز لازىم. ئۆگىنىشتە نۇقتىلىق ئۆگىنىش بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىشىمىز كېرەك.

بىزگە مەلۇم، مۇۋەپپەقىيەت جاپالىق ئەجىردىن كېلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار توختىماي ئىزدىنىپ، مول بىلىم ئىگىلەپ، جاپالىق مەشىق قىلسىلا، ئىشىنىمىزكى، چوقۇم ئۆزىدە ياخشى يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ مول مەنىۋى مەھسۇلات يارىتالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

## يېزىقچىلىق جەريانى نەزەرىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# I باب باش تېما

## § 1. باش تېما ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

### 1. باش تېما دېگەن نېمە؟

باش تېما — ئاپتور ماقالە يېزىش جەريانىدا ھەر خىل ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن مەركىزىي مەزمۇن. ئۇ ماقالىنىڭ باش - ئاخىرىغا سىڭگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىقتىكى مۇھىم مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ ماقالىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان ئاساسىي تونۇشى، چۈشىنىشى ۋە باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باش تېمىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان ژانىرنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشاشمىغان ژانىردىكى ماقالە - ئەسەرلەردە باش تېمىغا ئوخشاش بولمىغان نام بېرىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەتتە «مەركىزىي ئىدىيە» دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا «باش تېما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئاپتور پۈتۈن خام ماتېرىيالنى تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن مەركىزىي ئىدىيە ياكى ئېچىپ بېرىلگەن بىر خىل ھېسسىيات ۋە ئوي - پىكىر. ئادەتتىكى بايان - تەسۋىر ئەسەرلىرىدە باش تېما مەركىزىي ئىدىيە ياكى مەركىزىي مەزمۇن دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە باش تېما مەركىزىي ئىدىيە ۋە مەركىزىي مەزمۇن دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھاكىمە

خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بولسا مەركىزىي نۇقتا ياكى ئاساسىي نۇقتا دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. تەتقىقات تېمىسى، مۇلاھىزە تېمىسى

تەتقىقات تېمىسى ياكى مۇلاھىزە تېمىسى، ماقالە يېزىقچىلىقىدا تەتقىق ياكى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مۇھىم مەسىلە. ئالدىنقىسى ئادەتتە پەننىي دىسسېرتاتسىيە ھەم چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا قارىتىلغان. كېيىنكىسى بولسا، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ ئىسپات ئوبيېكتىغا قارىتىلغان. تەتقىقات تېمىسى ياكى مۇلاھىزە تېمىسى باش تېما (ياكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر) غا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئادەتتە پەقەت ماقالە مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرى ھەم ئاساسىي دائىرىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئاپتورنىڭ كونكرېت كۆز قارىشىنى گەۋدىلەندۈرمەيدۇ، مەلۇم ئوبيېكتىپچانلىققا ئىگە، ئەمما باش تېما بولسا كونكرېت ئوبيېكتىپ تەتقىقات توغرىسىدىكى نەتىجە بولۇپ، ئېنىق ھالدا ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، مەلۇم سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە. تەتقىقات تېمىسى، مۇلاھىزە تېمىسى ئادەتتە نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەمما نۇقتىئىنەزەر بولسا مەلۇم تەتقىقات تېمىسى ياكى مۇلاھىزە تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

## 3. ماۋزۇ (سەرلەۋھە)

ماۋزۇمۇ تېما دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ماقالىنىڭ نامى. ئۇ بىر پارچە ماقالىنىڭ بايرىقى، كۆزى، ماۋزۇ كىتابخانلارنى ماقالە مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، باش تېما ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ ھەم خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويغاندەك، ئالدى بىلەن كىتابخانلاردا روشەن، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدۇ. ماۋزۇ ماقالىنىڭ باش تېمىسى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزىلىرى باش تېمىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مەسىلەن، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «تۆگىمەس ناخشا»؛ بەزىلىرى ئوبرازلىق ئۇسۇل بىلەن باش تېمىدىن ۋاستىلىك بىشارەت بېرىدۇ، مەسىلەن، «قارىغاينىڭ خىسلىتى»، «ياۋا گىياھ»؛ بەزىلىرى مەزمۇن دائىرىسىنى ھەم خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، مەسىلەن، «لېۋ.تولستوي»، «لۇشۈننىڭ شائخەيدىكى بىر قانچە ئىشنى ئەسلەش»؛ بەزىلىرى باش تېمىنى، ئىپادىلەش شەكلىنى، ژانىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مەسىلەن، «چۆقان»، «تاشقورغان خاتىرىلىرى»؛ بەزىلىرى باش تېمىنىڭ يىپ ئۇچىنى ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، «شاپتۇلنىڭ چېچەككە كىرىشى»، «مېنىڭ بىر كۈنۈم»؛ يەنە بەزىلىرى سوئال، ئىملىق سۆز شەكلى ئارقىلىق باش تېمىنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن، «گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟»، «ئېھ، كەچكۈز»؛ بەزىلىرى بولسا گەرچە «ماۋزۇسىز» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن باش تېمىنىڭ مۇقامى، رەڭگىنى ئاستىرتتىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ماۋزۇنىڭ شەكلى ئاساسلىقى چوڭ ماۋزۇ، قوشۇمچە ماۋزۇ، كىچىك ماۋزۇدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ.

چوڭ ماۋزۇ — باش ماۋزۇ، رەسمىي ماۋزۇ، ئومۇمىي ماۋزۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئاساسلىقى ماقالىدىكى كىچىك ماۋزۇ، ئىزاھاتلىق ماۋزۇ، تارماق ماۋزۇ بىلەن زىت كېلىدۇ. ئۇ باش تېمىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ئېچىپ بېرىشتە قوللىنىلىدۇ. ماقالىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئېنىق كۆرسىتىش، ماقالە ژانىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش — ماقالە ماۋزۇسىنىڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر.

ئىزاھاتلىق ماۋزۇ تارماق ماۋزۇ، قوشۇمچە ماۋزۇ دەپمۇ

ئاتىلىدۇ، ئۇ، ماقالىنىڭ ئومۇمىي ماۋزۇسى ۋە رەسمىي ماۋزۇدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ رەسمىي ماۋزۇنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاشتا ياكى ماقالە مەزمۇنىنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە، ياكى پاكىتنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشتا ۋە ياكى باش تېمىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە قوللىنىلىدۇ.

كىچىك ماۋزۇ شاخ ماۋزۇ، قىستۇرما ماۋزۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەجىمى ئۇزۇنراق ماقالىدىكى ھەر بىر كىچىك بۆلەكنىڭ ماۋزۇسى، ئۇ چوڭ ماۋزۇ بىلەن ئاكا — ئۇكىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بەزىدە ئايرىغىلى بولمايدىغان مەزمۇن ئالاقىسىدا بولىدۇ. ئۇ ماقالىدىكى قارىمۇ - قارشى مۇستەقىل بۆلەك مەزمۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئۇزۇن ماقالىنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق بېرىشتە، سىستېمىسىنى ئايرىشتا قوللىنىلىدۇ.

## § 2. باش تېمىنىڭ ماقالىدىكى ئورنى ۋە رولى

### 1. باش تېمىنىڭ ماقالىدىكى ئورنى

باش تېما — بىر پۈتۈن ماقالىنىڭ يادروسى، روھى ۋە باش قوماندانى.

باش تېما ماقالىنىڭ يادروسى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ ھەمدە مۇناسىپ قۇرۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تىل ئارقىلىق ئۇلارنى بىر مۇكەممەل، جانلىق ماقالىغا ئايلاندۇرىدۇ. باش تېما بولمىسا ماقالە مەزمۇنسىز، نېمە دېيىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس بىر نەرسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپ قالىدۇ.

باش تېما ماقالىنىڭ روھى. روھ دېگەنلىك ئادەمنىڭ ئاڭ ئىدىيىسىگە قارىتىلغان، ئۇ، ئادەمنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىدۇ. ماقالىدە «ئاساسىي مېڭە» بولۇشى كېرەك. كونىلار خېلى بۇرۇنلا باش تېمىنىڭ ئادەم روھىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ۋە ماقالىدە ئاساسىي يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ماقالىدە ئەگەر باش تېما بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تونۇش قىممىتى يوقۇلىدۇ.

باش تېما ماقالىنىڭ باش قوماندانى. ھەربىي قوشۇندا باش قوماندان بولسا، سىياسەت بېكىتىدىغان، قوشۇن يۆتكەيدىغان، دۈشمەنگە تەھدىت سالىدىغان ئاساسىي ئادەم بولۇپ، ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر قوشۇندا، ئەگەر باش قوماندان بولمىسا، ئۇ ھالدا قوشۇن قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ماقالىدە باش تېما بولمىسا، خۇددى قوشۇندا باش قوماندان بولمىغاندەك، يېتەكچى كۈچىدىن ئايرىلىدۇ.

## 2. باش تېمىنىڭ ماقالىدىكى رولى

1. باش تېما ماتېرىيال تاللاش ۋە ئايرىشنى بەلگىلەيدۇ. تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن ماتېرىيال دائىم چېچىلاڭغۇ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەمەس، ئۆز ئارا يېگانە بولىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللارنى ئەينەن يېزىپ ماقالىغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، پەقەت باش تېمىنىڭ ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا تايىنىپ، تاللاپ ۋە ئايرىۋالغاندا، ئاندىن تېپىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئۆز ئارا باغلانغان ماتېرىياللار باش تېمىنى ئىپادىلەشتىكى جانلىق قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىدىن بىرى: «بىز دائىم تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋىي مەزمۇنىنى تەكشۈرۈپ چىقمىغاچقا، گەرچە كۆپلىگەن خام ماتېرىياللارغا ئىگە

بولغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا تۇرمۇش ئىسكىلاتىدا سىدىرلىماي تۇرىدۇ، ئىجادىيەت ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتالمايدۇ، بەزىدە كىشى گەرچە ئۇ توغرۇلۇق بىر نېمە يازاي دېسىمۇ، يەنىلا غەيرەت قىلالمايدۇ. لېكىن، مۇبادا بىز ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى چۈشىنىپلا قالساق، بىر چوڭقۇر يېڭى پىكىرگە ئىگە بولىمىز، باش تېمىنى تاپساق، ئۇ چاغدا ئەھۋال دەرھال ئوخشىمايدۇ، ئىدىيە ئۇچقۇنى يېنىپلا قالسا، بارلىق تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرى، كىچىك ھالقىلار، ھەممىسى يورىتىلىدۇ، پائالىيەت قىلىدۇ، باش تېما ئىدىيىسىگە قاراپ مەركەزلىشىدۇ، ھەممىسى ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ، ھەممىسى ئەسلى قىياپىتىگە كېلىدۇ، بىر ئەسەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشى روشەنلىشىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مۇبادا باش تېما روشەن، ئېنىق بولسا، ئۇ ھالدا ماتېرىياللار باش تېما ئالدىغا يىغىلىدۇ. ئەگەر ماتېرىيال باش تېمىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىسا، ئۇنداقتا ماتېرىيال گەرچە قانچە كونكرېت، جانلىق بولسىمۇ، ئانچە چوڭ مەزمۇنغا ئىگە بولالمايدۇ، ھەتتا ئۇ ماقالىنىڭ باش تېمىسىنى كۆمۈۋېتىدۇ.

2. باش تېما ماقالىنىڭ مەلۇم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىدارە قىلىدۇ. ماقالىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ماقالە ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ غولىغا ئوخشايدۇ، باش تېما ئىپادىلەشنىڭ تاشقى ھالىتى، ھەر قانداق باش تېمىدا ئۇنىڭغا مۇناسىپ قۇرۇلما ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. باش تېمىنىڭ ھەر قانداق ئۆزگىرىشى، ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ ماس ھالدا رەتكە سېلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەقەت ئاپتور قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن يېزىقچىلىق مۇددىئاسىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندا، ئاندىن قۇرۇلمىنىڭ قەيەرگە قوشۇش، قەيەرنى قىسقارتىش، قەيەرنى تەپسىلىي، قەيەرنى يۈزەكى، قەيەرنى ئوچۇق، قەيەرنى غۇۋا قىلىش، قايسىلىرىنى ئالدىدا، قايسىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەينىدە قويۇشنى بېكىتەلەيدۇ. بۇ چاغدا، ئاندىن ماقالە مۇكەممەل، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، يىپ ئۇچى ئېنىق، قاتلاملىرى روشەن بولىدۇ. بولمىسا باش تېما رېلىستىن چىقىپ كېتىپ، قارا قويۇق بايان قىلىنىپ، مۇكەممەل، بىرلىككە كەلگەن ماقالە قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ.

3. باش تېما ماقالىنىڭ ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلىنى شەرت قىلىدۇ. ماقالىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ماقالىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن جەمئىيەت تۇرمۇشىنى ئەكس قىلدۇرىدىغان مۇئەييەن ئۇسۇلى. مەلۇم ماقالىنىڭ باش تېمىسى، دائىم ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىزدەيدۇ، مەسىلەن، بەزى ماقالىلەرنىڭ باش تېمىسى بولسا پېرسوناژ ياكى ۋەقەلەر ئىدىيىسى، مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈندۇر، ئۇ بايان، تەسۋىرنى ئاساس قىلىدۇ؛ بەزىلىرى شەيئى ياكى ئىشنىڭ يولىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، ئۇ، چۈشەندۈرۈشنىمۇ ئاساس قىلىدۇ؛ بەزىلىرى ئاپتورنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر، ئۇ لىرىكىنى ئاساس قىلىدۇ؛ بەزىلىرى ئاپتورنىڭ مەلۇم بىۋاستە سېزىمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر، ئۇ تەسۋىرنى ئاساس قىلىدۇ. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىنىڭ باش تېمىسى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. باش تېمىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولسىمۇ، كونكرېت مەزمۇنىنىڭ پەرقى بولغانلىقتىن، قوللانغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ، ھەرگىز ئۆزئارا ئوخشاش بولۇپ قالمايدۇ.

4. باش تېما ماقالىنىڭ سۆز ئىشلىتىش ۋە جۈملە تۈزۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى چوقۇم ئۇنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ، مەزمۇن ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ماقالىدا ئېنىق، روشەن باش تېما بولمىسا، سۆز-ئىبارىلەر ھەر قانچە رەڭدار

بولسىمۇ، ئۇ خۇددى «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

مۇبادا ماقالىدە روشەن ۋە چوڭقۇر ئوي، كۈچلۈك ھەم گۈزەل ھېسسىيات بولسا، ماقالىنىڭ تىلى ئاددىي بولۇپ قالسىمۇ، سۆزلەردىن ئىدىيە نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

5. باش تېما ماقالە يېزىقچىلىقىدىكى ئاساسىي دەلىل بولۇپلا قالماي، يەنە ماقالە قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. بىر پارچە ماقالىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچىگەندە، ئاساسلىقى ئۇنىڭ باش تېمىسىنىڭ مەزمۇنى بار - يوقلۇقىغا قارايمىز. يەنى چوڭقۇر ئىدىيە، ئىلمىي ئۇسۇل، پايدىلىق بىلىم، ساغلام ھېسسىيات بىلەن تەمىنلەش - تەمىنلىمەسلىكىگە قارايمىز. ھەر قانداق ماقالە ئاپتورنىڭ مەلۇم سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىستېتىك قارىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ جەمئىيەت، تۇرمۇش توغرىسىدىكى تونۇشىنىڭ پائال ئىنكاسى. چىڭگىز ئايتماتوۋ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «جەمئىيەت دېگەن ئۆزىگە ئۆزى باھا بېرىشى، ئۆزىنى ئۆزى مازاق قىلىش سېزىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.» («بۈگۈنكى كۈننىڭ ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرى توغرىسىدا مونولوگ»). باش تېما بولسا بۇ خىل ئىنكاسنىڭ مەركەزلىك يىغىنچاقلىنىشى بىلەن ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ كىتابخانلارنىڭ ئوي ۋە ھېسسىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ماقالىنىڭ باش تېمىسىدا تېيىز - چوڭقۇرلۇق، كونا - يېڭىلىق، توغرا - ناتوغرىلىقتەك پەرق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماقالە قىممىتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئوخشاش تېمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەردە ئالاھىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، تەبىئەتتىكى قارىغاينى قەدىمدىن تارتىپ

www.uyghurkitap.com

كۆپلىگەن كىشىلەر ماقالىلىرىدە مەدھىيەلەپ كەلدى، ئۇنى قەيسەرلىك، پەزىلەتنىڭ سىمۋولى قىلىشتى. ئەمما نىيەت ئوخشاش بولمىغاچقا، ماقالىلەردە ئوخشاشمىغان قىممەت تونۇشى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، باش تېما ماقالىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن ئىجتىمائىي قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل.

## § 3. باش تېمىنى ئېنىق بېكىتىش پرىنسىپى

### 1. جەمئىيەت رېئاللىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىش، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش

جەمئىيەت رېئاللىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىش، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش ماقالە باش تېمىسىنى ئېنىق بېكىتىشتىكى مۇھىم ئامىل. دەۋر روھى دېگەنلىك، مەلۇم تارىخىي دەۋردە، دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەلۇم ئىنقىلابىي روھنى كۆرسىتىدۇ. ماقالە بولسا دەۋرنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ باش تېمىسى مەركەزلىك ھالدا ئەشۇ دەۋرنىڭ روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. شۇڭا، ماقالىنىڭ باش تېمىسى دەل ۋاقتىدا دەۋرنىڭ تومۇرىنى ئىگىلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى زىددىيەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، جەمئىيەت ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ زور مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى، شۇنداقلا ئىلغار سىنىپنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىۋاتقان

يېڭى ئادەم، يېڭى شەيئى، يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىملەرنى نۇقتىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، بىخ ھالىتىدە تۇرىۋاتقان، ئەمما ھاياتىي كۈچكە ئىگە شەيئىلەرنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ، روھنى جانلاندۇرىدىغان، ئىدىيىنى يۇقىرى كۆتىرىدىغان، بىلىمنى ئۆستۇرىدىغان، پەزىلەت تاۋلايدىغان رول ئوينىشى لازىم.

ياخشى بىر پارچە ماقالە باش تېمىنىڭ ساپ بولۇشى بىلەن دەۋرنىڭ ئاۋازىنى ئالدىن ياڭرىتالايدۇ، بۇ توغرىدا كۆپلىگەن مىساللار بار. 50 - يىللاردا، ۋېي ۋېينىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم» دېگەن ئەسىرى پەيدائى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە ئېرىشكەنىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسىرى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا كۈچلۈك ئىلھام بېرىش رولىغا ئىگە بولغان. يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى باش تېمىنىڭ ئىدىيىسى، رېئال مەزمۇنى ياكى دەۋرچانلىقىنىڭ روشەن گەۋدىلەنگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

## 2. ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ مەلۇم ھەقىقىي قىياپىتى، ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ ئىنكاسى

ماقالىنىڭ باش تېمىسى، ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىگە بولغان تونۇشىنىڭ مەركەزلەشكەن گەۋدىسى. ئۇ، ئەينەككە ئوخشاش تەييار نەرسىنى ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى، شەيئىلەر تەسەۋۋۇرىدا توختاپ قالماسلىقى، بەلكى ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ مەلۇم ئەسلى قىياپىتى بىلەن ئەسلى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماقالىدە ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى قايتا كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. بىز تۇرمۇشنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز، توقۇپ چىقماسلىقىمىز، بەلكى ھەقىقىي، ئەينەن ھالدا، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى بىلەن تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ، تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇت قىياپىتىنى نامايان قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بۇرمىلىۋەتسەك، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرەلمەيمىز.

ماقالىدە ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك بولسا، ئۇ چاغدا شەيئىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن چېچىلاڭغۇ، يېگانە شەيئىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇقۇم ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش كېرەك. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا، ئوبرازدا مەركەزلىك ھالدا مول ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇمۇ ئوخشاشلا ئاپتورنىڭ شەيئىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايقىشى ۋە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشىنىڭ جەۋھىرى.

## 3. ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ شارائىتىنى ئۆيلىشىش كېرەك

ماقالىنىڭ باش تېمىسىنى بېكىتىشتە، يەنە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىگە بولغان شارائىتىنى چوقۇم ئويلىشىش كېرەك، يەنى توپلىغان ماتېرىيالى، زاپاس بىلىمى، ھەقىقىي تۇيغۇسى، يېزىقچىلىق قىزغىنلىقى، تونۇش ئىقتىدارى قاتارلىقلار. ئەگەر بۇ شارائىتلار تولۇق بولمىسا، باش تېمىنى بېكىتىش ئالدىدا، ئاكتىپ ھالدا بۇ شارائىتلارنى يارىتىش لازىم.

بىرىنچىدىن، ئاپتور چوقۇم ئۆزى يازىدىغان ئوبيېكتنى

ئىنتايىن ياخشى تونۇشى، ئىگىلىشى، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ماتېرىياللىرىنى ئىگىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى بىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، باش تېمىنىڭ بېكىتىلىشى ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، يازغاندا كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھەقىقىي تەسىرات ۋە يېزىقچىلىق قىزغىنلىقى بولۇشى لازىم. قەلەم تەۋرىتىپ كۆرگەنلا ئادەم بولسا، ھەممىسىدە بۇنداق تەسىرات بولىدۇ. پەقەت ئۆزى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان شەيئى ياكى ئۆز ھېسسىياتى سىڭگەن ئوبراز ئاندىن ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ، ئۇ، ماقالىنى ياخشى يېزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەلۋەتتە، ئاپتورنىڭ ماتېرىيال ئىگىلىشى ۋە تەسىراتقا ئىگە بولۇشى، يەنە چوقۇم ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىدىيىسى، تۇرمۇش ۋە بىلىمىنىڭ توپلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ خىل توپلىنىش قانچە چوڭقۇرلاشسا، قانچە قېلىنلاشسا، ماتېرىيال ئىگىلەش ۋە تەسىرات كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

## § 4. باش تېمىنى بېكىتىشتىكى تەلەپ

### 1. باش تېما توغرا بولۇشى لازىم

توغرا بولۇش دېگەنلىك، باش تېمىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، ئىلمىيلىكى ياكى نۇقتىئىنەزەر قىممىتىگە بولغان تەلەپ. باش تېما ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىغا ۋە پەن قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىشى، كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىشى كېرەك. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن جەمئىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈنىلىشىنى نامايان قىلىشى، يېڭى دەۋردە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىش، يېڭى ئادەملەرنى مەدھىيىلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغان نەرسىلەرنى قامچىلاش، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيىۋى پەزىلىتىنى يۇقىرى كۆتىرىشى كېرەك.

ھەر خىل تۈردىكى ماقالىلەرنىڭ رولى ئوخشاش بولمىغاچقا، توغرا باش تېما دائىم ئوخشاش بولمىغان مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بايان خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئادەتتە مەلۇم توغرا ئىدىيىنى، ساغلام ھېسسىياتنى ياكى نۇقتىئىنەزەرنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ، كۆپلىگەن مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە، ئادەتتە توغرا كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسنى ئىپادىلەيدۇ ياكى مەلۇم ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئەمما چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە بولسا، كۆپىنچە مەلۇم ئىلمىي ئۇچۇر ۋە شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئوستىروۋسكىنىڭ «مېنىڭ بىر كۈنۈم» («ئوستىروۋسكى نۇتۇقلىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى، خەت - چەكلىرى توپلىمى») دېگەن ئەسىرىنىڭ باش تېمىسىنىڭ توغرا بولۇشى، ئاساسلىقى ئەمالىق ۋە پالەچلىك بىلەن كۈرەش قىلغان بىر خىل قەيسەر ئىرادە، ئۈمىدۋار روھ ۋە ئېسىل پەزىلەتنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىدە. ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى بىر كۈنلۈك تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى، ئۆزىنىڭ ئىنسان بەختىگە بولغان توغرا چۈشەنچىسىنى بايان قىلغان. بۇ خىل ئىنقىلابىي غايە بىلەن قىزىلغان ھايات بۇلىقى تا بۈگۈنگىچە، يەنىلا بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ھايات بەخش ئېتىپ كەلمەكتە.

توغرا باش تېما كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش، پەزىلىتىنى تاۋلاش، بىلىمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەكسىچە، خاتا ياكى ساغلام بولمىغان باش تېما بولسا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىپ، كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىۋېتىدۇ، ئىلگىرى بەزىلەر ماقالە يېزىپ: ھەر قانداق ئادەم «سۇبيېكتىپ ئۆزى ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ باشقىلار ئۈچۈن» دەيدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ باش تېما تامامەن خاتا، «سۇبيېكتىپ ئۆزى ئۈچۈن» قىلمىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەۋجۇت، ئەمما ھەممىلا ئادەم ئۇنداق ئەمەس، ئىلگىرى ئىنقىلابى كۈرەشلەردە مىليونلىغان ئەزىمەتلەر باشقىلار ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت ۋە كۈرەش قىلغان، ئۇلار ھەتتا قۇربان بولۇشقا رازى بولغان. شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ. بۇ خىل خاتا ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن ماقالىنىڭ باش تېمىسى، بىر قىسىم ياشلارنى خاتا يولغا باشلىغان، مەلۇم پاسسىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان.

باش تېمىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى، دائىم ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، مېتودولوگىيىسى (دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ توپ ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەلىمات) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خۇددى لۇشۇن: «بۇلاقتىن چىققاننىڭ ھەممىسى سۇ، تومۇردىن چىققاننىڭ ھەممىسى قان» دېگەندەك، بىز پەقەت تىرىشىپ توغرا دۇنيا قاراشنى تىكلىسەك، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلىسەك، ئاندىن باش تېمىسى توغرا بولغان ياخشى ماقالە-ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن.

## 2. باش تېما مەركەزلىشىشى كېرەك

مەركەزلىشىش دېگەنلىك، ئاساسلىقى باش تېمىنىڭ قىسقا ۋە بىر خىل بولۇشىغا قارىتىلغان. ئادەتتە، بىر پارچە ماقالىدە پەقەت بىرلا باش تېما بولۇش، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەركەز بولماسلىقى كېرەك. بولمىسا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، ماقالىنىڭ مەركىزىنى بۇزىدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ ماقالە مەركىزىگە بولغان توغرا كۆز قارىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ۋېي ۋېي ئىلگىرى: «بىر پارچە نەرسىنىڭ مەقسەتچانلىقى قىسقا، ئېنىق بولۇشى لازىم، بىر پارچە قىسقا نەرسىدە بىر مەقسەتنى ئېنىق دېيىش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس، لېكىن قەلەم تەۋرەتكەندە، كىشىنىڭ ھەممە تەرەپكە ئېتىبار بەرگۈسى كېلىدۇ. باشقىلارغا ھېلى ئۇنى دېگۈسى، ھېلى ئۇنى دېگۈسى كېلىدۇ، نەتىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئۆتكۈر، ئېنىق بولمايدۇ، چوڭقۇرلاپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھېچقايسىسى مەسىلىنى ئېنىق دەپ بېرەلمىسە، كىشىلەردە قانداقسىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىلى بولسۇن؟» دېگەنىدى (مەن «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم»نى قانداق يازدىم). شۇڭا، بىر پارچە ماقالىدە، بولۇپمۇ قىسقا ماقالىدە، باش تېما چوقۇم مەركەزلىك، بىر خىل بولۇشى كېرەك. ئەگەر ماقالىدە ئېنىق فوكۇس بولمىسا، باش تېما چېچىلاڭغۇ بولسا، نېمە دەۋاتقانلىقى ئېنىق بولمىسا، ئۇ چاغدا كىتابخانلار خۇددى تومان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، گاڭگىراش ھېس قىلىدۇ. باش تېمىنىڭ قىسقا ۋە بىر خىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىش، مەسىلىنىڭ روشەنلىشىش، ئۆتكۈرلىشىش، چوڭقۇر، ئېنىق بولۇشىغا قولاي بولۇش، باش تېمىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈندۇر.

ھەجمى چوڭراق ماقالە ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە، تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەرەپلەر ۋە يىپ

ئۇچى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ باش تېمىسىمۇ بىرلا بولمايدۇ. ئاساسلىق باش تېمىدىن باشقا، يەنە بىر قانچىلىغان قوشۇمچە باش تېما بولىدۇ، مەسىلەن، لېۋ. تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ۋە باشقىلار. ئەسەرلەردە كۆپ باش تېما بولۇشى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئەھۋال، بەزىسى ئاپتور قۇرۇلما قىلىۋاتقاندا ئېنىق بولىدۇ، بەزىلىرىدە بولسا، ماقالىنىڭ باش تېما مەزمۇنى ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ بىلىش دائىرىسىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. ئەمما، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، كۆپ مەنالىق ئالاھىدىلىكى نامايان بولىدۇ. بەزىدە بولسا، ئوخشاشمىغان كىتابخانلار ئىدىيە، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتە پەرقلىق بولغاچقا، ئوقۇش جەريانىدا، ئەسەرنىڭ باش تېمىسىغا بولغان چۈشەنچە ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئەمما، ماقالە، ئەسەرلەردىكى قوشۇمچە باش تېما ئادەتتە، ئاساسىي باش تېما بىلەن ئىچكى مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە كۆپىنچىسى ئاساسىي باش تېمىغا بويسۇنىدۇ، باش تېمىنىڭ مەركەزلىك ۋە خاس بولۇش تەلىپى ئەسەرلەردىكى قوشۇمچە باش تېمىغا ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەندە، ماقالىنىڭ باش تېمىسى دائىم مەركەزلىك بولمايدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى سەۋەبى بار: بىرىنچىسى، يېزىۋاتقان نەرسىنىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق ئويلىۋالماسلىق، كىتابخانلارغا كۆپلىگەن نەرسىنى بىلدۈرىمەن دەپ، ھەممىنى ئاساسلىق قىلىپ يېزىش، نەتىجىدە باش تېما چېچىلىپ كېتىپ، كىتابخانلار باش - ئاخىرىنى تاپالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئىككىنچىسى، باش تېمىغا پايدىسىز بولغان ماتېرىياللارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇمۇ جانلىق، بۇمۇ قىزىقارلىقتەك ھېس قىلىپ، تاللىمايلا ھەممىنى ئەسەرگە كىرگۈزۈۋېتىش، بۇنداق بولغاندا، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى چېچىلاڭغۇ بولۇپ كېتىپ، مەركەزلىك بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 3. باش تېما روشەن بولۇشى كېرەك

روشەن بولۇش دېگەنلىك، ئاساسلىق باش تېمىنىڭ خاھىشچانلىقىغا قارىتىلغان. مەسىلەن، مەلۇم سىياسىي، ئىدىيىۋى خاھىش ياكى گۈزەللىك خاھىشى. ئاپتور ماقالە- ئەسەرلىرىدە، دۈشمەن بىلەن ئۆز، ھەق ۋە ناھەق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك قاتارلىق شەيئى ياكى مەسىلىنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا كۈچلۈك مۇھەببەت- نەپرەتنى ياكى ئېنىق پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىشى كېرەك، ئىككى خىيالدا ۋە مۇجمەل، تومتاق قاراشتا بولماسلىقى لازىم.

بەزى ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسى روشەن بولمايدۇ، بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئاپتورنىڭ قۇرۇلما ئۈستىدىكى ئويى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ماقالىدە مەركەزنى ئىپادىلەشنى تازا ئېنىق بىلمەيدۇ. شۇڭا يېزىپ چىققان ماقالىسى مۇقەررەر ھالدا، ئېنىقسىز، تومتاق بولۇپ، ماتېرىياللارنىڭ دۆۋىلىنىپ قېلىشى ۋە ئۆزئارا دەخلى قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەنلەر قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئىدىيىسىنى روشەنلەشتۈرۈشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، باش تېما ئاندىن روشەن، مەركەزلىك بولىدۇ.

## 4. باش تېما چوڭقۇر بولۇشى كېرەك

چوڭقۇر بولۇش دېگەنلىك — باش تېمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قارىتىلغان. باش تېما شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، ھادىسىلەر تىزمىسى ۋە باياندا توختاپ قالماستىن، بەلكى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئىنكاس قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چوڭقۇر باش تېمىنىڭ ئابستراكت ئەقلىي خۇلاسە ياكى

ئاساسسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مەنىسى بولمىسا مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇ روشەن خاسلىقتا ئىگە كونكرېت ماتېرىيال ئىچىدە تۇرىدۇ. ئىككىسى ئەپچىل بىرلەشسە، ماقالە ئاندىن ھەم تەسىرلىك، ھەم چوڭقۇر بولىدۇ.

بەزى ئوقۇغۇچىلار ماقالە يازغاندا، دائىم باش تېما تېپىز بولۇپ قېلىش، ئايرىم شەيئىلەر ئىچىدىن شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تېپىشقا ماھىر بولالماسلىقتەك ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئادەتتە ئۇنىۋېرسال شەيئىلەرنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى ياخشى ئىگىلىمىگەنلىك ۋە تەھلىل قىلمىغانلىقتىن ياكى تونۇشتا مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولىدۇ. بىز پەقەت ئىدىيە، تونۇش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلساق، باش تېمىنىڭ چوڭقۇرلىشىش مەسىلىسى ئاندىن تەدرىجىي ھەل بولىدۇ.

## § 5. باش تېمىنى ئايرىپ چىقىش

باش تېمىنى ئايرىپ چىقىش دېگەنلىك — ھەر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماقالە ماتېرىياللىرىدا بار بولغان مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ قېزىپ، مەلۇم خاسلىققا ئىگە ئىدىيە ياكى ئىشنىڭ يولىنى شەكىللەندۈرۈش ياكى چۈشىنىش دېگەنلىكتۇر.

باش تېمىنى ئايرىپ چىقىش ماقالە يېزىشتىكى مۇھىم بىر ھالقا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ماقالە يېزىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كونترول قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باش تېمىنى توغرا ئايرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1. پۈتۈن ماتېرىيال يۈت تىرەپ تۈزۈش

ئايرىلغان باش تېما ئاپتور ئىگە بولغان پۈتۈن ماتېرىيالدا يۈت تىرەپ تۈزۈشى لازىم. چۈنكى، كىشىلەر ماتېرىيالنىڭ ئىنتايىن مول ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئاندىن مۇشۇنداق ماتېرىياللارغا ئاساسەن، توغرا كۆز قاراشنى ۋە نەزەرىيىنى ئايرىپ چىقالايدۇ. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «شەيئىلەرنى ھەقىقىي تونۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك. بىز پۈتۈنلەي بۇنداق قىلالمىساقمۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك تەلەپ بىزنى، خاتالىشىشىمىز ۋە قاتماللىشىشىمىزدىن ساقلايدۇ». بىز ماقالە يازغاندا، چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بارلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، ئۇلاردا مەۋجۇت بولغان جەمئىيەت، تارىخنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، باش تېمىنى ئايرىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل ئاساس يارىتىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ماركس «كاپىتال»نى يېزىش ئۈچۈن نەچچە ئونمىڭلىغان كىتابنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈزۈندىلەر خاتىرىسى 250 دەپتەردىن ئاشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇنداق چوڭقۇر ئىدىيە ياكى تۈرمۇش سىڭىمچانلىقىنىڭ بولۇشىدا، يۇقىرىقى سەۋەبلەر مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بەزىدە باش تېمىغا ئۈزۈن مۇددەت جۇغلاپ، ئاندا ـ ساندا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بەزى ئاپتورلاردا مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى بولىدۇ، ئەمما ئالدىن ـ ئالا مەلۇم روشەن يېزىقچىلىق مۇددىئاسى شەكىللەنمىگەن بولىدۇ. بەلكى تۇرمۇشتىكى مەلۇم بىر پەيت، مۇھىم شارائىت ياكى ئۇچراتقان شەيئى قاتارلىقلار، ئاپتورنى دەرھال ھۇشىغا كەلتۈرۈپ، ئىلھام پەيدا قىلىدۇ، بىر روشەن باش تېما شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ باش تېما خۇددى بىر پارچە چوغنى بىر چېلەك بېنزىنغا تاشلىغاندەك، ئاپتورنىڭ ئادەتتە

يادىدا ۋە ھېسسىياتىدا ساقلاپ كەلگەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى بىردىنلا يالقۇنجىتىۋېتىدۇ ھەم باش تېمىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە يىغىدۇ. يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ باش تېما ئاپتور مېڭىسىدە ساقلاپ كەلگەن ماتېرىياللارنىڭ جەۋھىرى، ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلالمايدىغان ئاڭدىن تاشقىرى تۇيغۇنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل «تاسادىپىي» ئىگە بولغان باش تېمىمۇ، ئاپتورنىڭ «ئۇزۇن مۇددەتلىك جۇغلانمىسى» نىڭ بارلىق ئاساسىي ماتېرىيالى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

## 2. شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىش

1. باش تېما تاللىغاندا، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى، مەزمۇنىغا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك، چوقۇم چوڭ مېڭىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەھلىلى ئارقىلىق، مول بولغان ھېسسىي بىلىش ماتېرىياللىرىنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، جەۋھىرىنى قالدۇرۇش، ساختا تەرەپلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ھەقىقىي تەرەپلىرىنى قالدۇرۇش، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭغا ئۆتۈش، ئىچىدىن - تېشىغىچە پىششىقلاپ ئىشلەش، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش لازىم. بىز مۇنداق ئىلمىي بولغان بىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، باش تېما تاللىغاندا، كونكرېتلىقتىن - ئابستراكتلىققىچە، ئايرىملىقتىن - ئومۇملۇققىچە، ھادىسىدىن - ماھىيەتكىچە شەيئىلەرنىڭ جەۋھىرىنى تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز لازىم.

2. باش تېما تاللىغاندا، دەۋرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيەت مەزمۇنىنى ئېچىش كېرەك. يېزىش ئوبيېكتىنى بىر بىپايان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە قويۇش

www.uyghurkitap.com

— قويالماسلىق، بەزىدە بىۋاستە ھالدا باش تېمىنى ئېچىش چوڭقۇرلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ يېزىش قابىلىيىتى ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەگەر ئۆزىنىڭلا تۇرمۇش دائىرىسى ياكى يېزىش ئوبيېكتىنىڭ تار دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى كەڭ بولغان مۇناسىۋەت ۋە قانۇنىيەتنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەسىرىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يېتەلمەيدۇ ھەمدە شۇ دەۋر ياكى كېيىنكى دەۋر ئادەملىرى كۆڭلىدە كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە ئەكس سادا قوزغىيالمايدۇ.

3. باش تېما تاللىغاندا، يەنە ئوخشاش بولمىغان ماقالىنىڭ ئىپادىلەش رولىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىش كېرەك.

كىشىلەرنى خاتىرىلەشكە ئېتىبار بېرىدىغان ماقالىلەر، ئادەتتە پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىدىيە، خاراكتېرى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئىجتىمائىي مەزمۇنىنى نامايان قىلىدۇ.

بايانغا ئېتىبار بېرىدىغان ماقالىلەردە، ئادەتتىكى ۋەقەلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بىر شېئىرنىڭ ئەھمىيىتى ئادەتتە كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ، قايسى نۇقتىدىن ئېچىش چوقۇم باش تېمىنىڭ ئىپادىلەش نۇقتىسى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك.

لىرىكىغا ئېتىبار بېرىدىغان ماقالىلەردە، ئادەتتە ئەسەرگە يوشۇرۇنغان، گىرەلەشكەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئاشكارىلاشقا ئېتىبار بېرىلىدۇ، ئىدىيىۋى ھېسسىيات بولسا، لىرىكا ئەسەرنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى يىپ ئۇچى ۋە قان تومۇرى.

چۈشەندۈرۈشكە ئېتىبار بېرىدىغان ماقالىلەردە، ئادەتتە

چۈشەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكتىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشكە ئېتىبار بېرىلىدۇ.

مۇھاكىمىگە ئېتىبار بېرىلىدىغان ماقالىلەردە، ئادەتتە ئىشنىڭ يولىنى ئېنىچكە تەھلىل قىلىشقا كۈچ چىقىرىلىدۇ، نۇقتىئىنەزەر ۋە دەلىل - ئىسپاتنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى توغرا ئېچىپ بېرىلىدۇ.

دەسلەپ ماقالە يازغانلار باش تېما تاللاشتا ماھىر ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ ماقالىسى تەسەۋۋۇردىلا توختاپ قالىدۇ، شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يېتەلمەيدۇ.

## 3. يېڭى نۇقتىنى تاللاش

باش تېمىنى تاللاشتا، يەنە يېڭى، ئالاھىدە نۇقتىنى تاللاشنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. شەيئىلەرنىڭ يېڭى مەزمۇنىنى ئىزدىنىپ تەكشۈرۈش كېرەك. ماقالىدىكى يېڭى نۇقتا دائىم يېڭى نەزەر، يېڭى مەزمۇننى ئېچىشقا ياردەم بېرىدۇ. خۇددى تاغقا چىقىشقا ئوخشاش، ئەگەردە دائىم كىشىلەرمېڭىپ باققان يول بىلەن ئىلگىرىلىسە، پەقەت يەنە بۇرۇنقى مەنزىرىنىلا كۆرىدۇ، ئەگەر ئەكسىچە بولسا، ئۇ چاغدا ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئوخشاشمىغان نۇقتا، ئوخشاشمىغان باش تېمىنى تاللاپ چىقىرىدۇ. نۇقتا يېڭى بولسا، باش تېما يېڭى مەزمۇننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كىتابخانلارمۇ باشقىچە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇننى چۈشىنىدۇ- دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئالاھىدە بىر يېڭى تەسىر قالىدۇ.

يېڭى ئالاھىدە نۇقتىنى تاللاشتا، ئاساسلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى نەزەرگە ئېلىشقا بولىدۇ: بىرى، يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسى، يەنە بىرى، يېڭى تونۇش نۇقتىسى.

يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسىنى قوللىنىش دېگەنلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن يېزىش ئوبيېكتىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش، ئوخشاشمىغان تەرەپتىن باش تېمىنى ئېچىش دېگەنلىكتۇر. فرانسىيە يازغۇچىسى موپاسسان: «سىلەر ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسىنى، ئۇزۇن مۇددەت ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىشىڭلار كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، باشقىلار تېخى بايقىمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى بايقىيالايسىلەر» دېگەن («ھېكايە» توغرىسىدا). بىز ماقالە يازغاندا، يېزىش ئوبيېكتىنى ئەستايىدىل كۆزىتىشىمىز لازىم، ئەڭ ياخشى تەرەپ ۋە ئەڭ ياخشى ئورۇننى ئىزدەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، باش تېمىنىڭ قىممىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىپادىلەش كېرەك.

يېڭى تونۇش نۇقتىسىنى تاللىۋېلىش دېگەنلىك — ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە كۆز قارىشىنى ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. ھەم يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسى، ھەم يېڭى تونۇش نۇقتىسى بولغاندا، ماقالىدە يېڭى قىياپەت، يېڭى مەنزىل بارلىققا كېلىدۇ.

## 4. قايتا - قايتا تاللاش ئېلىپ بېرىش

باش تېمىنى تاللاشنى بىر قېتىمدىلا پۈتتۈرگىلى بولمايدۇ، بەلكى، ئۇ ئاپتور ئۈزلۈكسىز چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ قېتىملىق قايتا - قايتا تاللاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. باش تېمىنىڭ تاللىنىشىغا ماقالە يېزىشنىڭ پۈتۈن جەريانى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. ماقالىدە تېما بېكىتىش، ماتېرىيال تاللاشتىن باشلاپلا باش تېما ھازىرلىنىدۇ، تېزىس تۈزۈش، ماتېرىيال تاللاش ۋاقتىدا باش تېما بېكىتىلىدۇ، قەلەم تەۋرىتىپ يازغان ۋاقىتتا، ئۈزلۈكسىز ھالدا باش تېما تۈزىتىلىدۇ، ماقالىنى تۈزىتىپ سىلىقلاشتۇرۇۋاتقان پەيتتىمۇ، باش تېما ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ ۋە تاللىنىدۇ، ھەتتا يېزىش جەريانىدا ياكى تۈزىتىش جەريانىدا، ئەسلىدىكى باش

تېمىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش ئەھۋالىمۇ يۈز بېرىدۇ. باش تېمىنىڭ تاللىنىشى، يەنە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تونۇش جەريانىنىڭ ئىنكاسى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان توغرا تونۇشىنى بىر قېتىمدىلا پۈتتۈرگىلى بولمايدۇ، «بىر توغرا بولغان تونۇش، دائىم ماددىدىن مەنىۋىلىككىچە، مەنىۋىلىكتىن - ماددىغىچە بولغان جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ، بۇ — ئەمەلىيەتتىن تونۇشقىچە، تونۇشتىن ئەمەلىيەتكىچە قايتا - قايتا تەكرارلانغاندا، ئاندىن پۈتتۈرۈلىدۇ» . شۇڭا باش تېمىنى قايتا-قايتا تاللاش ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. باش تېمىنى تاللاش، ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانى، بىر ياخشى باش تېمىنى تاللاش ئۈچۈن، ئاپتور ئۆزىنىڭ تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىشى، ئىنچىكە تەھلىل قىلىشى، قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز يازغان نەرسىلەر كىشىلەرگە روھى ئوزۇق بېغىشلايدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. باش تېما دېگەن نېمە؟ ئۇ ئوخشاش بولمىغان ژانىردىكى ماقالە - ئەسەرلەردە نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
2. تەتقىقات تېمىسى، مۇلاھىزە تېمىسى ۋە ماۋزۇلارنىڭ پەرقى نېمە؟
3. نېمە ئۈچۈن باش تېما بىر پۈتۈن ماقالىنىڭ يادروسى، جېنى ۋە قوماندانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟
4. باش تېمىنى ئېنىق بېكىتىشنىڭ پرىنسىپلىرى قايسىلار؟
5. باش تېمىنى بېكىتىشنىڭ تەلەپلىرى قايسىلار؟
6. باش تېمىنى قانداق توغرا ئايرىش لازىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# II باب ماتېرىيال

## § 1. ماتېرىيال ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

### 1. ماتېرىيال دېگەن نېمە؟

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، باش تېمىنى تاللاش ۋە ئىپادىلەش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان شەيئى ۋە كۆز قاراشنىڭ ھەممىسىنى ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ. ماتېرىيال، كونكرېت ماقالىدىكى ماتېرىياللارنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن (مەسىلەن، كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدىغان دەلىل - ئىسپات، تەسۋىر، چۈشەندۈرۈش ۋە شۇنىڭ بىلەن لىرىكا ئوبيېكتى قاتارلىقلار)، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتورنىڭ يېزىش ئالدىدىكى جۇغلىمىسى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، مول تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئىشەنچلىك ھەقىقەت ۋە ھەر خىل يازما ماتېرىياللار، ھۆججەت قاتارلىقلار).

ماقالە يېزىشتا، ماتېرىيال دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. ئوخشاشمىغان ئۆلچەمگە ئاساسەن ئۇلارنى بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1. پاكىت خاراكتېرلىك ماتېرىيال ۋە كۆز قاراش خاراكتېرلىك ماتېرىيال. بۇ، ماتېرىياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بۆلۈنگەن. پاكىت خاراكتېرلىك ماتېرىيال ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان كونكرېت شەيئىلەر ياكى دەپتەر، كىتاب، ماقالە تەسىلىگەن كونكرېت ئەمەلىيەت، شەخس، ئىش، سان - سىفىر

قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆز قاراش خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى ئەمەلىيەت، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەنە ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان كۆز قاراشلار، بۇلار ئىلىم - پەن ئاساسىنى، ئېنىقلىما، نەتىجە، كۆز قاراش، كۈندىلىك تۇرمۇشتا تارقىلىپ يۈرگەن ئۇرغۇلۇق جۈملە، ھېكمەتلىك سۆز ۋە ماقال-تەمسىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئايرىم ماتېرىيال ۋە ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال بۇ، ماتېرىيالنىڭ مەۋجۇت بولغان ئىدىئولوگىيە ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ ئېيتىلغان. ئايرىم ماتېرىيال — يەككە مەۋجۇت بولغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال، ئوخشاش تۈردىكى بىر قانچە ئايرىم ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ماتېرىيال، ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال بولىدۇ.

3. تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئەمەلىي ماتېرىيال. بۇ، ماتېرىيالنىڭ مەۋجۇت ۋاقتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئاجرىتىلغان، ماقالىدە يېزىلغان ۋاقىتنىڭ يىراق بولغىنىنى ئادەتتە تارىخى ماتېرىيال دەيمىز، ماقالىدا يېزىلغان ۋاقىتنىڭ قىسقاراق بولغانلىرىنى رېئال ماتېرىيال دەيمىز. بۇ ئىككى مەسىلە نىسپىيلىككە ئىگە. بۈگۈنكى تارىخىي ماتېرىياللار ئۆز ۋاقتىدا رېئال ماتېرىيال ئىدى، بۈگۈنكى رېئال ماتېرىياللارمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار ئىشلەتكەندە تارىخىي ماتېرىيالغا ئايلىنىدۇ.

4. ئىجابىي ماتېرىيال ۋە سەلبىي ماتېرىيال. بۇ، ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى ۋە كونكرېت ماقالىدىكى رولىغا قاراپ ئايرىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئىجابىي ياكى سەلبىي خاراكتېر روشەن بولىدۇ، بەزى ماتېرىياللارنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ماقالىدىكى ئەمەلىي رولىغا ئاساسەن ئايرىش مۇمكىن: ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ماتېرىيال ئىجابىي ماتېرىيال بولىدۇ، ئاپتور

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۇمانلانغان، چەتكە قاققان ماتېرىيال سەلبىي ماتېرىيال بولىدۇ. ماتېرىيالنىڭ ئىجابىي، سەلبىي خاراكتېرى مەلۇم خىلدىكى نىسپىيلىكنى ياكى سۇبيېكتىپلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى سەلبىي ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەتكەننى، يەنە بىرى ئىجابىي ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىشىمۇ مۇمكىن.

5. بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ئىككىنچى قول ماتېرىيال.

بۇ، ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قاراپ ئايرىلغان، ئالدىنقىسى بىۋاستە ئىگە بولغان ماتېرىيال، كېيىنكىسى ۋاستە ئارقىلىق ئىگە بولغان ماتېرىيال.

ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرىدە دائىم قاتمۇ قات ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، بىر كونكرېت ماتېرىيال دائىم بىرلا ۋاقىتتا يۇقىرىقىدەك نەچچە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. خام ماتېرىيال، تېما

خام ماتېرىيال، ئادەتتە ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ياكى يېزىقچىلىق قىلىش ئالدىدا، كۆزىتىش، سەرگۈزەشتە ۋە تەسىرات، تۇرمۇشتىن تاللىۋالغان، ئەمما تېخى پىششىقلاپ ئىشلىمىگەن ئىپتىدائىي ماتېرىيالدىن ئىبارەت. خام ماتېرىيالغا ۋاستە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قولىدىن ياكى كىتابلاردىن ئېرىشكىلىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ماركس «كاپىتال»نى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە يازما ماتېرىياللارنى كۆرگەن، بۇلار كىتابلاردىن ۋاستە ئارقىلىق ئېرىشكەن خام ماتېرىياللاردۇر.

تېما، ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتنى كۆرسىتىدۇ، يەنە ئومۇمەن ئاپتورنىڭ تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئەسەر ياكى ماقالىغا كىرگۈزگەن، باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن

ئىشلىتىدىغان ماتېرىيالنى كۆرسىتىدۇ. تېما مول خام ماتېرىيال ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە بېكىتىلگەن بولىدۇ.

### 3. ماتېرىيال

بۇ كۆپ ھاللاردا، ئىلمىي ماقالە ۋە باشقا مۇھاكىمە ھەم چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى يېزىشتا قوللىنىلىدىغان يازما ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. ماتېرىيال ئاساسەن ئەمەلىي ماتېرىيال ۋە باشقىلار ئارقىلىق ياكى ئۆز قولى بىلەن رەتلەپ پىششىقلىغان ماتېرىيال دەپ ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسى ئاساسەن، ئەسلى يازما ماتېرىيال، يىغىن خاتىرىسى، تەكشۈرۈش خاتىرىسى، مەدەنىي يادىكارلىق سۈرەتلىرى قاتارلىقلار؛ كېيىنكىسى ئاساسەن مۇھىم نۇقتىلار، مۇندەرىجە، تۈرگە ئايرىلغان كېزىتلەر، ماتېرىيال خاتىرىسى ۋە كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى قاتارلىقلار.

## § 2. ماتېرىيال بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. ماتېرىيال باش تېمىنى تاللاش ۋە شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى

ماقالىنىڭ باش تېمىسى قۇرۇقتىن - قۇرۇق شەكىللەنمەستىن، بەلكى ئاپتورنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىشى، تەتقىق قىلىشى، ھەزىم قىلىشى جەريانىدا تاللىنىپ بېكىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئېنگېلسنىڭ «ماركس قەبرىسى ئالدىدىكى نۇتۇق» نىڭ باش تېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى،

ئاپتورنىڭ ماركسنىڭ ئىدىيە، تەلىمات، كەسپىنى تولۇق بىلىشى ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. يېتەرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولغاندا، بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە ساختىسىنى تاشلاپ، راستىنى ئېلىپ قېلىش، شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى ئېلىپ قېلىش، ئىچىدىن تېشىغىچە پەرق ئېتىپ تەھلىل قىلىش لازىم. پىششىقلاش، رەتلەش ئېلىپ بارمىغاندا، بىر روشەن ھەم توغرا بولغان باش تېمىنى تاللىۋېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ماقالە يېزىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماتېرىيال — مەڭگۈ بىرلەمچى نەرسە، ئۇ ماقالىنىڭ نېگىزى ھېسابلىنىدۇ. باش تېما بولسا، ئىككىلەمچى نەرسە بولۇپ، بۇ نېگىز ئۈستىدە بارلىققا كەلگەن كۆز قاراش، خىيال ۋە تۇيغۇدۇر.

## 2. ماتېرىيال باش تېمىنى ئىپادىلەيدىغان، چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ۋاستە

ماتېرىيال باش تېمىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باش تېمىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ۋاستە. باش تېمىنى دائىم ئاددىي جۈملە ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرغىلى ياكى بايان قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇ كونكرېت ماقالىدە يىگانە، ئوچۇق - ئاشكارا مەۋجۇت بولالمايدۇ، بەلكى چوقۇم مەلۇم ماتېرىيال (پېرسوناژ، ئىش، ۋەقە، ئارقا كۆرۈنۈش، مەنزىرە، ئورۇن ۋە بىلىم، قائىدە، سان - سىفىر) لار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، قوللىنىلىدۇ ياكى ئىسپاتلىنىدۇ.

باش تېمىنى تاللاش ۋە ئىپادىلەش جەريانىدا، شەكىللىنىۋاتقان ۋە شەكىللىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان باش تېما ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ كۆپىنچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتىرىش ياكى يۆتكەش، ئۆزگەرتىش ئۇچۇن بولىدۇ،

بۇنداق ئەھۋال ماتېرىيالنىڭ تولۇقلىنىشى ياكى يېڭىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «ماركس قەبرىسى ئالدىدىكى نۇتۇق» دېگەن ماقالىنىڭ بېشىدا، تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا، بۇرۇنقى نۇسخىدىكى ماركس خانىمىنىڭمۇ ماركس بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ماتېرىيال ئېلىۋېتىلگەن ھەمدە ئۇ ماركس ۋاپات بولغان ۋاقىتتىكى كونكرېت ئەھۋالنى بايان قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن، بۇنداق قىلىنغاندا، بېكىتىلگەن باش تېما مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە ماركسنىڭ ھاياتىغا باھا بېرىش تەرىپىگىمۇ ئاساس يارىتىلغان ھەمدە مەنىلىك ھالدا ئاپتورنىڭ ماركسقا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنغان. شۇ ئارقىلىق باش تېما مەلۇم دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان.

### 3. ماتېرىيالنى تاللاش ۋە تەشكىللەش باش تېمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ

ماتېرىيال بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىكىلىققا ئىگە. باش تېما تېخى شەكىللەنمىگەن ياكى ئەمدى شەكىللىنىۋاتقان چاغدا، ماتېرىيال باش تېمىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. باش تېما بېكىتىلسىلا، ئەكسىچە ئۇ ماتېرىيالنى تاللايدىغان ۋە تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئاساسىي دەلىلگە ئايلىنىدۇ. باش تېمىنى ئىپادىلەشكە مۇناسىۋەتسىز بولغان ياكى مۇناسىۋىتى ئانچە چوڭ بولمىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاش كېرەك، ئەكسىچە، باش تېمىنى كۈچلۈك ئىپادىلەيدىغان ياكى نۇقتىئىنەزەرنى قۇۋۋەتلەيدىغان ماتېرىياللار بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارغا چوقۇم يېتەرلىك ئېتىبار بېرىش لازىم. ماتېرىيالنى ئىشلىتىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا، يەنىلا باش تېمىغا ئېھتىياجلىق تەرەپنى

www.uyghurkitap.com

ئويلاش كېرەك، تەپسىلىي بولسا يەنى تەپسىلىي بايان قىلىش، قىسقارتىدىغاننى قىسقارتىش ھەمدە ئۇلارغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىش لازىم. بەزىدە، يېزىقچىلىق جەريانىدا، يەنە باش تېمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر ۋاقىت يېڭى ماتېرىيال تولۇقلاش ياكى ئىشلەتمەكچى بولغان بەزى ماتېرىياللارنى ئۆزگەرتىش لازىم.

دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقانلاردا، دائىم ماتېرىيال بىلەن باش تېمىنى ئايرىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ياكى ماتېرىيالغا ئاساسەن جاپالىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن باش تېمىنى تاللاپ بېكىتمەيدۇ ياكى باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىپادىلەش بويىچە، ئىگىلىگەن ماتېرىيالنى بىر تەرەپ قىلىشقا، تاللىۋېلىشقا ھەم ماتېرىيالغا زۆرۈر بولغان تولۇقلاش كىرگۈزۈش ۋە رەتلەشكە ماھىر بولالمايدۇ. نەتىجىدە، باش تېمىنىڭ غۇۋالىقى، مەركەزلەشمەسلىكى، مۇستەھكەمسىزلىكى ياكى ماتېرىيالنىڭ تېپىكسىزلىكى، ئۆز جايىدا بولماسلىقى، چېچىلاڭغۇلۇقى قاتارلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە تونۇشنى تېخىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ماتېرىيال بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىشتە، يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ۋە ماقالە . ئەسەرلەر سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

## § 3 . ماتېرىيال جۇغلاش ۋە يىغىش

ماقالە يېزىشتا ئالدى بىلەن ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش كېرەك. ماتېرىيال جۇغلاش ۋە يىغىشنىڭ ئاساسلىق يولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## 1. كۆزىتىش

كۆزىتىش — ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزاسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى كۆرۈش سەزگۈسى، تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، ئادەم مېڭىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇچۇرلارنىڭ 85 پىرسەنتى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ئىگىلىنىدىكەن) دىن پايدىلىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، ئىنچىكە ھالدا ئوبيېكتىپ شەيئىنى تونۇشتىن ئىبارەت سەزگۈ جەريانى. كۆزىتىشتىكى ئاساسىي مەقسەت، شەيئىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شەيئىلەرنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئىچكى ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرۈش، شەيئىلەرنى كۆزىتىش جەريانى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بايقاشتىن ئىبارەت. شۇڭا باي بولغان كۆزىتىشمۇ ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ پائالىيەتچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

كۆزىتىشنى ئومۇمەن مەقسەتلىك كۆزىتىش ۋە مەقسەتسىز كۆزىتىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئالدىنقىسى بېكىتىلگەن مۇددىئا بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەترابلىق، سىستېمىلىق كۆزىتىش، كېيىنكىسى بولسا ھەر قانداق يەردە، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىش. مەقسەتلىك كۆزىتىش بىلەن مەقسەتسىز كۆزىتىش دائىم ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېنىق چېگرا ئاجرىتىشى مۇمكىن ئەمەس. شەيئىلەر ئۈستىدىن ئۈنۈملۈك كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس. ئوخشاش بىر مۇھىتتا، ئوخشاش ئوبيېكتقا قارىتا، بەزىلەر كۆزىتىشكە، ئوبيېكتنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەسىرلەرنى ئېلىش ھەم ئۆزگىچە بايقاش، تەسىرات ۋە تونۇشقا ماھىر كېلىدۇ، بەزىلەر كۆڭۈلدىكىدەك كۆزىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنۇمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاساسلىقى كۆزىتىش ئادىتى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدا، بۇنىڭ ئۆزىمۇ دەل يېزىقچىلىقنى ياخشى ئۆگىنىش - ئۆگىنەلمەسلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ بىرى. فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى فلوبېر ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، يەنە كېيىن داڭلىق يازغۇچى بولغان مۇپاسساننى تەربىيىلىگەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق بىر قاتتىق تەلەپنى قويغان: «سەن ئۆزىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇرغان بىر دۇكانچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، غاڭزا بىلەن تاماكا چېكىپ تۇرغان بىر دەرۋازىۋەننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، بىر ئات هارۋىسى بېكىتى ئالدىدىن ئۆتكەندە، كېيىن، سەن بۇ دۇكانچى ۋە دەرۋازىۋەننىڭ تۇرۇشى، سىرتقى قىياپىتىنى، رەسساملارنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن روھى قىياپىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى باشقا هەرقانداق دۇكانچى، هەر قانداق دەرۋازىۋەن بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتمەيدىغان هالدا ماڭا تەسۋىرلەپ بېرىسەن». بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان كۆزىتىش ئادىتى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئۇسۇلىنى يېتىشتۇرۇش دېگىنىمىز، ئەدەبىي ئىجادىيەتكىلا مۇۋاپىق بولۇپ قالماستىن، باشقا ماقالە يېزىقچىلىقىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ياخشى كۆزىتىش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇش، ئىنچىكە بولۇش، ئۆتكۈر بولۇش كېرەك. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتساق، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەلەپنى ئورتۇرىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ:

1. كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئورنىتىش

1) ئورۇن كۆزىتىش نۇقتىسى

شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە چوقۇم مەلۇم بىر بەلگىلىنىك ئورۇننى بېكىتىۋېلىش كېرەك ھەمدە ئوبيېكتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش ئۈچۈن، يەنە مەلۇم ئارىلىق ۋە نۇقتا تاللاش كېرەك، ئېھتىياجلىق بولغاندا يەنە بۇ ئورۇن، ئارىلىق ۋە نۇقتىنى ئۆزگەرتىش، رەتلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندا كۆزەتكۈچى بىلەن

ئوبيېكتنىڭ بوشلۇق مۇناسىۋەت مەسىلىسى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق بوشلۇق مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان كۆزەتكۈچىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنى (ئارىلىق ۋە نۇقتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) «ئورۇن كۆزىتىش نۇقتىسى» دېيىشكە بولىدۇ (بەزىلەر «بەدەن كۆزىتىش نۇقتىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ).

ئورۇن كۆزىتىش نۇقتىسى مۇقىم بولسىمۇ بولىدۇ، ياكى يۆتكىلىدىغان ياكى ئۆزگىرىدىغان بولسىمۇ بولىدۇ. مۇقىم كۆزىتىش نۇقتىسى، ئەمەلىيەتتە، پەقەت نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە، مۇئەييەن ئورۇندا كۆزەتكەندە، ئۇدۇل كۆرگىلىمۇ، ياندىن كۆرگىلىمۇ بولىدۇ، يېتىپ كۆرگىلىمۇ، ئېگىشىپ كۆرگىلىمۇ بولىدۇ، نۇقتا ئۆزگەرسىلا، كۆزگە كۆرۈنىدىغان شەيئىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئوبيېكت ھەرىكەت قىلىۋاتقان چاغدا، مۇقىم كۆزىتىش نۇقتىسىمۇ نىسپىي يۆتكىلىدىغان كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ. كۆزىتىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسا، كۆزەتكەن نەتىجىمۇ ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. ئوبيېكتنىڭ دەل ئۆزىنى ئەتراپلىق ئىگىلىمەكچى بولساق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىنى، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئىگىلىمەكچى بولساق، ئۇ ھالدا، ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ئورۇن كۆزىتىش نۇقتىسىنى تاللىشىمىز كېرەك.

2) پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسى

ئىنسانلار كۆزىتىش ئېلىپ بارغاندا، ھەرگىز سىن ئالغۇ ئاپپاراتىدەك پەقەت پاسسىپ ۋە ئۆلۈك ھالدا قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى مەلۇم ھېسسىيات ۋە مۇئامىلىگە ئىگە ھالدا، پائالىيەتچانلىق بىلەن، مول ئىجادىيەتچانلىق بىلەن كۆزىتىش ئوبيېكتىغا يۈز تۇرانە قارايدۇ. بۇ خىل خاس ھېسسىيات ۋە مۇئامىلە، ئادەتتە «پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسى» دەپ

ئاتىلىدۇ. لېكىن، بەزى كۆزىتىشلەر پەۋقۇلئاددە يېزىش مۇددىئاسىدىن پەيدا بولىدۇ، ئەمما پۈتۈن كۈچى بىلەن سۇبيېكتىپ كۆز قاراشنى چەتكە قېقىپ، بىر خىل ئوبيېكتىپ مۇئامىلىگە مۇھتاج بولىدۇ. مەسىلەن، گېئولوگىيە خىزمەت خادىملىرى گېئولوگىيىلىك ھادىسىلەرنى كۆزەتكەندە، بىئولوگىيە خادىملىرى تەبىئەتنى كۆزەتكەندە، ئۇلار ئىلمىي بولغان بىر خىل ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىنى تىكلىشى لازىم، ھەرگىزمۇ سۇبيېكتىپ ھالدا ياخشى - يامان كۆرۈش بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىشكە دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. مەلۇم چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ۋە ئىلمىي ماقالە يازغاندا، كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن ماتېرىيال ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ساپ بولغان ئوبيېكتىپ پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسى مەۋجۇت ئەمەس، ھېچبولمىسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا، كۆزىتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوبيېكتىپ كۆزىتىش نۇقتىسى ئوبيېكت تەرىپىدىن نېرى - بېرى قىلىنىپ، سۇبيېكتىپ تۈسكە ئىگە بولغان پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىش شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا فلوبېر: «...... كۆزىتىشنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى، ياخشى بىر جۈپ كۆز بولۇش كېرەك، ئەگەر بىر خىل يامان ئادەت — بىر خىل شەخسىي مەنپەئەت كۆزنى قاماشتۇرىۋەتسە، شەيئىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ» دېگەن.

ئومۇمەن، بىرىنچىدىن، كۆزىتىش نۇقتىسىنى توغرا تاللاش كۆزىتىش خادىملىرىنىڭ مۇھىم نەتىجىلەرگە ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئورۇن كۆزىتىش نۇقتىسى بىلەن

پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسى ئۆزئارا بىرلىشىشى كېرەك ھەمدە دۇرۇس بولغان بىر خىل پسىخولوگىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسى بېكىتىلىشى لازىم، بۇنداق قىلىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تېخىمۇ بەلگىلەش رولىغا ئىگە بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كۆزىتىش نۇقتىسىنى مۇھىتقا قاراپ ئۆزگەرتىشكە يول قويۇش لازىم، بۇ، ئوبيېكتنى نەق، توغرا ئىگىلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ئېنىق بېكىتىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى، مەلۇم ماقالىلەردە ئىز قالدۇرۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابخانلارنىڭ كۆزەتكۈچىنىڭ (ئاپتور) قەدىمىگە ئەگىشىپ، ماقالىدە تەسۋىرلىگەن مەزمۇندا ئۆزىمىز باردەك ھېس قىلىش، تەكشۈرۈپ كۆرۈش، چۈشىنىشنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ چاغدا ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى كۆزەتكەن ۋاقىت بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭمۇ كۆزىتىش ئورنىغا، ئارىلىقىغا، نۇقتىسىغا ۋە كۆزەتكەن چاغدىكى پسىخولوگىيىلىك ھالىتىگە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 2. تاللاپ كۆزىتىش ئۇسۇلى

كۆزىتىشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆپ خىل ئۆزگىرىشچانلىقى كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى بەلگىلەيدۇ.

1) ئومۇمىي كۆزىتىش ۋە ئاجرىتىپ كۆزىتىش

ئومۇمىي كۆزىتىش — پۈتۈن گەۋدىدىن ئوبيېكتنى ئىگىلەيدىغان كۆزىتىش ئۇسۇلى. ئۇ ئۇنىۋېرسال ھالدا ئوبيېكتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ماھىيىتىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي تەسىرىگە ئىگە بولۇش. ئومۇمىي كۆزىتىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ئوبيېكتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇۋالايدۇ ھەمدە ۋاقتىنچە ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، كىشىدە دەسلەپكى تەسىراتنى ئۆزگەرتمەسلىكتەك تەسىر ۋە

www.uyghurkitap.com

يېگىلىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ تەسۋىرى، لىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشتا ناھايىتى قىممەتلىك. ئەمما، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ۋە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرگە نىسبەتەن، بۇنداق تۇيغۇ بولسىلا ئىشەنچلىك بولمايدۇ، بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يازغاندا، ئاجرىتىپ كۆزىتىشتىن ئۇنىۋېرسال كۆزىتىشكە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىگە بولغان ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئومۇمىي كۆزىتىش بولۇپ، ئۇ ئىگە بولغان نەتىجە ئۆلچەملىك، ئىشەنچلىك، ھەر تەرەپتىن چوڭقۇرلاشقانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئاجرىتىپ كۆزىتىش — ئوبيېكتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسىنىڭ مەلۇم تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئايرىم كۆزىتىشتۇر. ئۇنىڭ مەقسىدى شەيئىلەرنىڭ قىسمەن ھەتتا ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئىگىلەشتۇر. ئاجرىتىپ كۆزىتىش گەرچە قىسمەن ۋە ئىنچىكە تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنىۋېرسال ھالدا ھەر تەرەپنى ئىگىلەشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاجرىتىپ كۆزىتىشنى ئومۇمىي كۆزىتىشنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ، ئومۇمىي كۆزىتىش بولسا، ئاجرىتىپ كۆزىتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ھەمدە يەنە بىر قېتىم ئاجرىتىپ كۆزىتىشكە يولباشلىغۇچى بولىدۇ. ئىككىسى پەقەت زىچ ھەمكارلاشقاندىلا، ئاندىن ئوبيېكتنى ھەم ھەر تەرەپلىمە، ھەم ئىنچىكە، ھەم يېڭى تۇستە، ھەم ئاساسىي ماھىيەت جەھەتتە ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

2) ئايرىم كۆزىتىش ۋە سېلىشتۇرما كۆزىتىش

نىسپىي ياكى ۋاقىتلىق ھالدا بىر شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىش ئايرىم كۆزىتىش دېيىلىدۇ. بۇ خىل كۆزىتىشنىڭ ئالاھىدىلىكى، كۆزىتىش ئوبيېكتى ئېنىق، ئاددىي، مەركەزلەشتۈرۈپ كۆزىتىشكە قولاي

بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قەدەر تېز نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يېتەرسىزلىكى بولسا، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭدىن مەلۇم بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئوخشاش شەيئىلەر بىلەن قانداق ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئاسان تۇتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئادەتتە كىشىلەر سېلىشتۇرما كۆزىتىشكە ئېتىبار بېرىدۇ.

سېلىشتۇرما كۆزىتىش — ئاڭلىق ھالدىكى بىر خىل ئېنىق، مۇئەييەن كۆزىتىشتۇر. بۇ خىل كۆزىتىش ئومۇمەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى قارىمۇ قارشى سېلىشتۇرما كۆزىتىش. بۇ، بىر شەيئىنى ئوخشاشمىغان شەيئىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش دېگەنلىك، مەسىلەن، ئىتنى ئات دەپ پايدىلىنىپ كۆزىتىش؛ ئىككىنچىسى، ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆزىتىش، مەسىلەن، خېچىرنى ئات دەپ پايدىلىنىپ كۆزىتىش؛ ئۈچىنچىسى، ئوخشاش نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆزىتىش، مەسىلەن، بىر ئاتقا قاراپ يەنە بىر ئاتنى سېلىشتۇرۇش. ئايرىم كۆزىتىشمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە سېلىشتۇرما كۆزىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا، ئۇنى ئىلگىرى كۆرگەن بەزى كۆرگەزمىلەرگە سېلىشتۇرۇپ قالىسىز، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش مەقسەتلىك بېكىتىلگەن بولمىغاچقا، ئاسانلا غۇۋالىق ياكى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

3) تۇرغۇنلۇقنى كۆزىتىش ۋە پائالىيەتنى كۆزىتىش

تۇرغۇنلۇقنى كۆزىتىش نىسپىي تىنچ ھالەتتىكى ئوبيېكتىپ كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى، مۇقىم ئورۇندىن، ئارىلىقتىن، نۇقتىلاردىن قايتا-قايتا، ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ۋە تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىدە كۆپىنچە بۇ خىل كۆزىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يېتەرسىز تەرىپى شۇكى، ئۇ ئوبيېكتنىڭ پائالىيىتىنى، تەرەققىيات قىياپىتىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ. شۇڭا خاتىرە، تەسۋىرى ماقالىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكەندە، بۇنداق كۆزىتىش ئۇسۇلى ئاسانلىقچە قوللىنىلمايدۇ (مۇتلەق قوللىنىلمايدۇ ئەمەس).

ئوبيېكتلارنىڭ جانلىق ئوبرازى ۋە قىياپىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، پائالىيەت كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، يەنى پائالىيەت نۇقتىسىدىن ئوبيېكتلارنى كۆزىتىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە بىر قانچە خىل ئەھۋال بار: بىرىنچى، ئوبيېكتنىڭ پائالىيەت قىلىشى، مەسىلەن، ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت بىردەم ئېگىز، بىردەم پەس، بىردەم يىراق، بىردەم يېقىن ئۇچىدۇ، قارىماققا شۇنداق ھەيۋەتلىك تۇيۇلۇپ، ئاسانلا كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ. ئىككىنچى، كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى، مەسىلەن، تىك ئۇچار ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىنى، تاغ - دەريالارنى، شەھەرلەرنى، يېزا - قىشلاقلارنى كۆرگەندە باشقىچە بىر خىل مەنزىرە نامايان بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئوبيېكت بىلەن كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاشمىغان سۈرئەت ياكى يۆنىلىشتە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى، مەسىلەن، غەۋۋاسلار دېڭىز ئاستىدا رەڭگا - رەڭ بېلىقلارنىڭ ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرگەن قىياپىتىنى كۆرەلەيدۇ. ھەرىكەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشتا، گەرچە ھېچقانداق تونۇش تەسىرگە ئىگە بولغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن شەكىلگە ئىگە ئومۇمىي ھېسسىيات ھاسىل بولىدۇ. تەبىئىكى، تۇرغۇنلۇقنى كۆزىتىش ۋە ھەرىكەتنى كۆزىتىش ئۆزئارا بىر - بىرىگە سىڭىشكەن بولىدۇ: ھەرىكەت ئىچىدە تۇرغۇنلۇق بولىدۇ،

تۇرغۇنلۇق ئىچىدە ھەرىكەت بولىدۇ. كىچىك دائىرىدىكى ھەرىكەت تۇرغۇنلۇقتا ناھايىتى يېقىن، تۇرغۇنلۇق بولسا يەنە ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

تەبىئىي پەن بويىچە ئىلمىي دوكلات، ئىلمىي ماقالە يازغاندا، ھەر خىل ئۇنۇملۇك ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن، بۇ تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ سىستېمىلىق، تېخىمۇ مەقسەتلىك بولغان يۇقىرى قاتلامدىكى كۆزىتىشتۇر، ئۇنىڭ مەقسىدى، تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇشلا بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتۇر، شۇڭا، بۇ خىل كۆزىتىش، كۆزەتكۈچىلەرنىڭ كۆزىگىلا تايىنىپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى قوزغاشتا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق.

3. كۆزىتىش پوزىتسىيىسىنى تۈزىتىش

توغرا كۆزىتىش پوزىتسىيىسى ھەممە كۆزەتكۈچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەت، بۇ خىل پوزىتسىيە كۆزىتىش ئەمەلىيىتىدە بەرپا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەرىپى «كۆڭۈل قويۇش»، كۆزەتكەن چاغدا، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز، پىكرىمىزنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم، پائالىيەتنى كۆزەتكەندە، بولۇپمۇ بۇ خىل پوزىتسىيىدە بولۇش لازىم. چۈنكى بۇ چاغدا، ئوبيېكت بىردىنلا يوقاپ كېتىشى مۇمكىن، كۆڭۈل قويمىساق ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، «سەۋرچانلىق»، ئىلمىي تەجرىبىلەرنى كۆزەتكەندە، تېخىمۇ جاپادىن قورقماسلىق، ئاخىرغىچە غەيرەت قىلىش، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماسلىق لازىم. ئۈچىنچىسى، «كۆپ پىكىر قىلىش»، خۇددى باشتا ئېيتقاندەك، كۆزىتىش بولسا، سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىدراك جەھەتتىكى كۆزىتىشىلا بولۇپ قالماستىن،

www.uyghurkitap.com

بەلكى پائالىيەتچان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر. سەزگۈ ئەزالار قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلار چوقۇم نېرۋا ئارقىلىق چوڭ مېڭىنىڭ ماس ئورنىغا ئەۋەتىلىدۇ، چوڭ مېڭە خاتىرە، ساقلاش، تەسەۋۋۇر، تەھلىل قاتارلىق ئۇنۇۋېرسال، كۆپ خىل ئۇسۇل بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇر ئىنكاسىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆزەتكۈچى خاس بولغان تەسىرات ۋە توغرا تونۇشقا ئىگە بولىدۇ، كۆزىتىش بولسا تەسەۋۋۇردىن ماھىيەتكە چوڭقۇرلىشىدۇ، قىسمەنلىكتىن ئومۇمىيۈزلۈككە كېڭىيىدۇ، بۇ شەيئىدىن ـ ئۇ شەيئىگە ئۆتىدۇ. شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ئەتراپلىق سىستېمىلىقىقا ئىگە بولىدۇ. كۆرۈشلا بولۇپ، پىكىر قىلىش بولمىسا، ئالدىن-ئالا پىلان بولمىسا، ئىشتا مېڭىسىنى ئىشلەتمىسە، ئىشتىن كېيىن رەتلىمىسە، بۇنداق كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئەمما كۆزىتىشتە مېڭىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ، كۆزىتىشتىكى زور يېتەرسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. توغرا پوزىتسىيە بولسا، ئاكتىپ ھالدا تەپەككۇر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، بىۋاسىتە كۆزىتىش تەسىرىگە ئېرىشكىلىمۇ ھەم ئۇنىڭدىن چەتنەپ چىقىپ كەتكىلىمۇ بولىدۇ، شۇنداق قىلغاندا كۆزىتىش مەقسىتىگە ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 2. سەرگۈزەشت

ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىۋاسىتە ھېس قىلىش، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇش جەريانى ئادەتتە سەرگۈزەشت دېيىلىدۇ. سەرگۈزەشت كۆزىتىشكە قارىغاندا تېخىمۇ ھېسسىيات تۈسىگە ئىگە بولىدۇ. سەرگۈزەشت ئادەتتىكى ماقالە يېزىشلاردا،

بولۇپمۇ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت جۇغلانمىسى، خام ماتېرىيال ۋە تېما تاللاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەرگۈزەشتىنىڭ تەلىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. ھالىغا يېتىش

سەرگۈزەشت — ئۆزىنى ئوبيېكت (ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىچىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ئىچىگە قويۇش، ئوبيېكت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىش، ساددا ھالدا تاماشىبىن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماستىن، بەلكى بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى سۈپىتىدە، ئوبيېكت شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمەلىي پائالىيەت ئىچىگە كىرىش كېرەك دېگەنلىك.

2. ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇش

سەرگۈزەشت جەريانى — بىر خىل ھېسسىيات پائالىيىتىنىڭ جەريانى. ئېتىبارسىزلىق، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماسلىق پوزىتسىيىسى تۇرمۇشتىكى سەرگۈزەشت بىلەن سىغىشالمايدۇ. باجىن ئۆزىنى «مەن ئېغىر بېسىق يازغۇچى ئەمەس» دەيدۇ، ئۇ ياراتقان پېرسوناژلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سەرگۈزەشتىسى جەريانىدا سۆيگەن ۋە نەپرەتلەنگەنلەردۇر. سەرگۈزەشت ئىگىسى چوقۇم ئوبيېكت بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاق بولۇشى، دىلىدا ئالاقە ۋە ئىندۇكسىيە بولۇشى كېرەك، بولمىسا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سەرگۈزەشت ھال-ئەھۋال، سەرگۈنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشلا بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ھېسسىياتنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشتۇر. سەرگۈزەشتىنىڭ ھېسسىيات پائالىيىتى ئىنتايىن مول بولىدۇ، چۈنكى ئوبيېكت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بولغان ئۆزگىرىش، كۆپىنچە ئىختىيارسىز ھالدا، ئوبيېكت بىلەن ئوخشاش بولغان ياكى قارىمۇ قارشى بولغان خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، مۇھەببەت ياكى نەپرەت، چۈشىنىش، ھېسداشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ياكى ئېچىنىش قاتارلىقلارنى ئۇرغۇتىدۇ. پەقەت ھەقىقىي ھېسسىيات قوزغالغاندا، ئاندىن ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ھېسسىياتقا ئىگە نەرسىلەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

3. تەسىراتنى تۇتۇش

تۇرمۇشقا نىسبەتەن قايناق ھېسسىيات بولغاندا، يەنە بۇ خىل ھېسسىياتنى تۇرمۇشتا بولغان چۈشىنىشكە كۆتىرىش، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان خاس تەسىراتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بىزنىڭ دەۋاتقان تەسىراتىمىز، ئالاھىدە كۆز بىلەن بايقاشقا قارىتىلغان، بۇ خىل تەسىرات، يېزىقچىلىققا نىسبەتەن ئىنتايىن ھالقىلىق بولغان بىر قەدەم، ئۇ كۆپىنچە تۇرمۇش جۇغلانمىسى ۋە باش تېما تاللاشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ. سەنئەتكار چوقۇم باشقىلار كۆرەلەيدىغان نەرسىنىمۇ، كۆرەلمەيدىغان نەرسىنىمۇ كۆرەلىشى لازىم. بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈش، ئىزدەش، تۇتۇش، بايقاش ئۈچۈن، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش ۋە تۇرمۇشتىن چوڭقۇر تەسىرات ئېلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرمۇشقا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى ۋە ھەقىقەت ئىزدەش غەيرىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بەزىلەر سەرگۈزەشت پەقەت يازغۇچىلارنىڭ ئىشى، ئادەتتىكى ماقالە يازغاندا، ئۇنىڭ لازىمى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بىر خىل خاتا قاراش. ئەمەلىيەتتە، ئەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازغاندىمۇ، دائىم ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى تولۇقلاش، بېيىتىش ۋە ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرىشقا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. ئېنگېلس «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ تۇرمۇش ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، پسىخىك ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەن. كىتابلاردا بار تەييار نەرسە، ئەلۋەتتە يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىنىڭ بىر مۇھىم مەنبەسى، لېكىن، بىز ئۇنىڭغا تايىنىپلا يېزىقچىلىق قىلساق

بولمايدۇ. بولۇپمۇ، هازىرقى مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان دەۋردە، ئەگەر ئەمەلىي كۆزىتىش ياكى سەرگۈزەشت بولمىسا، رېئاللىقتا ۋە دەۋر ھېسسىياتىغا ئىگە ماقالىلەرنى ھەرگىزمۇ يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.

## 3 . تەكشۈرۈش

تەكشۈرۈش — ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدان ۋە ياكى ئەھۋالنى بىلگۈچى (ئىپادىلىمەكچى بولغان ئادەممۇ بۇنىڭ ئىچىدە) تەرەپتىن يېزىقچىلىق خام ماتېرىيالىغا ئىگە بولۇشنىڭ بىر خىل يولى. تەكشۈرۈپ زىيارەت قىلىش ئاساسىدا، يەنە تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم، شۇ ئارقىلىق ماتېرىيالنىڭ راست-يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش، ئاساسىي نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىش، ئەسلى ماھىيىتىنى ئېنىقلاش لازىم. شۇڭا ئۇنى يەنە «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كەڭ مەنىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بارلىق ماتېرىيالدا رەتلەنگەن پائالىيەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈش يازغۇچىلارنىڭلا ئاساسىي ماھارىتى بولۇپ قالماستىن، يەنە بارلىق ئەمەلىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي ماھارىتى. تەكشۈرۈشنىڭ تەلەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 . ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، ھېسسىياتتىكى ياخشى - يامان كۆرۈشكە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە ۋە ھېچقانداق بىر تەرەپلىمە قاراشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئالدىنئالا بىر رامكا بولۇپ، تەكشۈرگۈچىنى مۇشۇ بويىچە ماتېرىيال تولدۇر دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئۇ ھەم ئىلمىي، ھەم ئەستايىدىل بولماي قالىدۇ، نەتىجىدە، پەقەت يالغان ياكى يالغان ئارىلاش ماتېرىياللارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىلغان ماقالىلەر ھەرگىزمۇ كىتابخانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش كېرەك. تەكشۈرۈش خىزمىتى ھەقىقەتەن جاپالىق، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەش، ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. بەزى مۇخبىرلار نەق مەيداندىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلغان. مەشھۇر سوۋېت ئىمتىنىياقى ئايال يازغۇچىسى سۇپىتلانا ئۆزىنىڭ تەزكىرە رومانى «ئۇرۇشتا ئاياللار بولمىسا بولمايدۇ»نى يازغاندا، بىر قانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 200 دىن ئارتۇق شەھەر، يېزا - قىشلاقنى زىيارەت قىلىپ، ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن 500 دىن ئارتۇق ئايالنىڭ ئەسلىمىسىنى ئاڭلىغان ھەمدە ئۇنئالغۇغا خاتىرىلىۋالغان. دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەنلەر بۇ يازغۇچىنىڭ ئەمەلىيەتنى ھۆرمەت قىلىشى، روھىنى ئۆگىنىشى كېرەك، بارلىق مۇمكىن بولغان شارائىتتىن پايدىلىنىپ، يېزىقچىلىقتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

2. تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە توغرا ئۇسۇل بولۇش

تەكشۈرۈش ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقاندا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت، ئەمما تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۇنى بەلكىم يۈك دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن، تەكشۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارغا ئېلىمىغان يەردىن ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تەكشۈرگۈچىنىڭ چوقۇم كەمتەرلىك بىلەن سوراش ۋە تولۇپ - تاشقان بىلىم ئىزدەش قىزغىنلىقىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەكشۈرۈش ناھايىتى مۇرەككەپ بىر خىزمەت، ئۇنىڭدا ئۇچرىمىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا پەقەت قىزغىنلىق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئىشلىتىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك بولغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈش ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم. بۇ خىزمەت تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇناسىۋەتلىك جانلىق ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش كېرەك، مەسىلەن، تارىخىي ماتېرىياللار، ئارخىپ قاتارلىقلار؛ 2) ھەر خىل ئامال بىلەن يىپ ئۇچىنى ئىزدەش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش كېرەك، بۇنداق قىلىش تەكشۈرۈش نىشانىنى ئېنىق بەلگىلەشكە پايدىلىق؛ 3) ئومۇمىي تەكشۈرۈش تېزىسىنى بەلگىلىۋېلىش، ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈشتىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك؛ 4) تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش. ئۇنىڭدىن سىرت، تەكشۈرگەن چاغدا، بىر تەرەپتىن سوراپ، بىر تەرەپتىن خاتىرىلەش ھەمدە سۆھبەتلىشىش كېرەك، ئېھتىياج تۇغۇلغاندا، ئىگىلىگەن ئەھۋال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىسىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىش لازىم. ئاخىرىدا، ھەر قېتىمقى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندا، خاتىرىلەرنى رەتلەپ، يېڭى ماتېرىياللارنى ۋە تەسىراتلارنى باشقا بىر قەغەزگە كۆچۈرۈپ، كېلەر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىش لازىم، پۈتۈن تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل، ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ماقالىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، بۇنىڭ ئىچىگە ئېنىق بېكىتىش ياكى تولۇقلاش، يېزىقچىلىق مۇددىئاسىنى ئۆزگەرتىش، مەركىزى ئىدىيە، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ.

### 3. كۆپ خىل تەكشۈرۈش شەكلىنى قوللىنىش

تەكشۈرۈش شەكلى—تەكشۈرۈش مۇددىئاسى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن قوللىنىلىدىغان كۆپ خىل تەكشۈرۈش شەكلى. كۆپ ئۇچرايدىغان تەكشۈرۈش شەكىللىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتەيلى:

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش — مەلۇم دائىرە ئىچىدە، مەلۇم مەسىلىگە قارىتا، بارلىق مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش. مەسىلەن، مەلۇم شەھەردىكى بارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار. مەزمۇنى ئاددىي، تۈرلىرى ئاز، مۇرەككەپ ھەم كۆپ خىل مەسىلىلەردە، ئادەتتە بۇ خىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەت مىقدارى بەك چوڭ بولىدۇ.

نۇقتىلىق تەكشۈرۈش — ئايرىم ئەمەلىي ماتېرىيال ياكى ئاڭ ماتېرىيالغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش، كىچىك بولسا بىر تەپسىلاتقىچە، چوڭ بولسا بىر شەخس، بىر ئىش، بىر ئارقا كۆرۈنۈش، ياكى بىر ئۇزۇندىدىن بىر كىتاب ماتېرىياللىرىغىچە، ھەتتا ئۇنىڭ ئاپتورلىرى قاتارلىقلارغىچە ھەممىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق يىغىشقا، تولۇقلاشقا ياكى تەكشۈرۈشكە بولىدۇ. قەلەم تەۋرىتىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا، يېزىلمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماتېرىيال تولۇقلاش ياكى ئۇنى ئېنىقلاپ بېكىتىشتە بۇ خىل ئۇسۇلنى كۆپ ئىشلىتىش كېرەك. نۇقتىلىق تەكشۈرۈشنى ئاساسىي ماتېرىيالنى ئىگىلەشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش، قارا-قويۇق ۋە ئىختىيارى ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم، ئالايلۇق، ئەگەر يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ، ئەمما، ئالدىنئالا بۇ توغرىلىق ھېچنىمە بىلمەي تۇرۇپلا، نۇقتىلىق ھالدا بىر قانچە تىجارەتچىنىلا تەكشۈرسە، ئۇ ھالدا نەتىجىگە ئېرىشىپ كېتەلمەيدۇ.

تىپىنى كۆزىتىش — بۇنىڭ مۇھىم ھالقىسى تىپىنى توغرا تاللاش، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىپىنى تەكشۈرۈش ئەڭ

ئىشەنچىلىك، كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئاز ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل، ئەمما سۈنئىي ھالدا، سۇبيېكتىپ ھالدا تىپنى بېكىتسە، خاتا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تىپ تاللىسا، ئۇ چاغدا، بەك ئاسانلا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، بۇنداق ئاقىۋەت تارىختا چوڭقۇر ساۋاقلارنى قالدۇرغان.

تاللاپ تەكشۈرۈش — ئومۇمىي گەۋدىدىكى ھەر بىر قىسىمنىڭ ئوخشاش پىرسەنتتە تاللىنىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەلۇم مىقداردىكى «نۇسخا» ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە، سىنىپتىكى بىر قانچە ئوقۇغۇچى ۋە ئائىلە باشلىقىنى تاللاپ، ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش ۋە سوراش قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى تەكشۈرۈش بىر خىل ستاتىستىكىلىق ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلانسا، ئۇ ھالدا بىر قىسىم تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئارقىلىق ھەممىسىنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالىنى خۇلاسىلىغىلى بولىدۇ، ئەگەر ماتېرىيال تاللاش ئۇسۇلى ھېسابلانسا، ئۇ چاغدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىگە بولغان ماتېرىياللارنىڭ تاللاپ تەكشۈرۈلگەن نەتىجىسى ئىشەنچىلىك بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، تاللاپ ئىشلەتكەن «ئۈرنەك» نىڭ مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرى بولۇشى ھەمدە ئۇ بەك ئاز بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، بولمىسا بىر تەرەپلىمىلىكنى پۈتۈنلۈك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

4 . ماتېرىيال ئاختۇرۇش

ماتېرىيال ئاختۇرۇش — كۈتۈپخانىدىن، شەخسىي ساقلانغان كىتابلاردىن ياكى باشقا شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، يازما ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ماقالە يېزىش دائىم قەدىمكى ياكى ھازىرقى، مەملىكەت ئىچىدىكى ياكى چەت ئەللەردىكى ھەر خىل بىلىم (ماتېرىيال) لەرگە چېتىشلىق بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىغا تەكشۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

سەرگۈزەشت ۋە ئادەتتىكى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىگە بولغىلى بولمايدۇ، بۇنداقتا، ماتېرىيال ئاختۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر تەكشۈرۈش يولى ياكى ئۇسۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر يېزىقچىلىق جەريانىدا، ماتېرىيال ئاختۇرۇش، جۇغلاش ۋە رەتلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم.

## § 4 . ماتېرىيال تاللاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى

### 1 . ماتېرىيال تاللاش ئۇسۇلى

1 . ئاز ھەم ساپ بولۇش، باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

باش تېما بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ماتېرىياللارنى تاللاشقا بولمايدۇ، ھەتتا باش تېمىنى ئازراق ئىپادىلىيەلەيدىغان، ئەمما جانسىز ياكى بەك ئاددىي قايتىلانما ماتېرىياللارنىمۇ تاشلىۋېتىش لازىم. ماتېرىيال جايىدا تاللانمىسا، باش تېما جانلىق ئىپادىلەنمەيدۇ، ھەتتا بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ.

دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ماتېرىيالنى جايىدا تاللىيالماسلىقىدا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرى، پەرق ئېتىشنى بىلمەسلىك، يەنە بىرى چىقىرىۋېتىشكە كۆزى قىيماسلىق، ئالدىدىكىلەر پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى تۆۋەن بولغاچقا، ماتېرىيال بىلەن كۆز قاراش ياكى باش تېما ئوتتۇرىسىدا راستىنلا مۇناسىۋەت بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ، بەزىدە ماتېرىيال بىلەن كۆز قاراش توپ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ، ئۇنى ئىشلەتسە تەبىئىي ھالدا كىشىگە بىمەنىلىك ھېس

قىلدۇرىدۇ، گاھىدا ماتېرىيال بىلەن كۆز قاراش ئازراق چېتىشلىق بولسىمۇ، خاسلىق ياكى يېڭىلىق كەم بولسا، ئادەمگە ئادەتتىكىدەك تېيىز تۇيۇلىدۇ. چىقىرىۋېتىشكە كۆزى قىيماسلىقنىڭ سەۋەبى ئاساسەن ماقالە يازغاندا، ماتېرىيال قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى دەپ، خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قېلىش، بولۇپمۇ ماتېرىيالنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن، بىر قەدەر يېڭى، جانلىق، ياكى ئۆزى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەنلەرنى، باش تېمىنى راستىنلا جانلىق، كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ - يوق دەپ ئويلاشمايلا، بىراقلا ماتېرىيالغا كىرگۈزىۋېتىدۇ، نەتىجىدە كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمايدۇ. شۇڭا پەقەت ماقالىنىڭ باش تېمىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا، پەرق ئېتىشكە، تاللاش، تاشلاشقا ماھىر بولغاندا، ئاندىن ماقالىنى ئىخچام، تولۇق يازغىلى بولىدۇ.

## 2. ھەقىقىي، ئىشەنچىلىك بولۇش

ھەقىقىي ھەم ئىشەنچىلىك ماتېرىياللار ماقالىنىڭ قايىل قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ھەقىقىي دېگىنىمىزنىڭ ئىككى قاتلام مەنىسى بار: بىرى ماتېرىيالنىڭ قاتتىق مەناغا ئىگە ھەقىقىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە بىرى، ماتېرىيال ماھىيەت جەھەتتە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىيلىكىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

بىرىنچى قاتلام مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، ماقالىدىكى ئەمەلىيەتچانلىقتا ئىگە ماتېرىياللار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى ياكى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاتتىق ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاخبارات، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولۇش لازىم.

مۇلاھىزە ماقالىلىرىدا، ئايرىم ياكى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئەمەلىي ماتېرىياللارمۇ ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ھۆرمەت قىلىشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك، ھەرگىز ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كىچىكلىتىۋېتىشكە، مۇبالىغە قىلىۋېتىشكە، ھەتتا ئەمەلىيەتنى ئۆيدۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەگەر كىتابخانلار ئىسپات ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئەمەلىي ماتېرىياللاردىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساختىلىقنى سېزىپ قالسىلا، ئۇ چاغدا پۈتۈن بىر ماقالىدىكى ئۇقتىئىنەزەردىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. بىز ماقالىلەردىكى «يالغان، مۇبالىغە، قۇرۇق» گەپلەرنى تەنقىد قىلىمىز، بۇنىڭ ئىچىدە يالغان ھەممىدىن مۇھىم، چۈنكى يالغان ئىسپات، ماتېرىيال ھەر دائىم يالغان خۇلاسە، ئىدىيىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھەقىقىي بولۇشنىڭ ئىككىنچى بىر مەنىسى، ماقالىدە ئەمەلىي ماتېرىياللار يەنە ئەسلى ماھىيەت نەرەپتىن تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تۇرمۇشتىكى خام ماتېرىياللاردىكى ئىش، تەپسىلات، مۇھىت، شەخسلەر ئۈستىدىن مەلۇم قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇ دېگەنلىك، پىششىقلاپ ئىشلەش سەنئىتى پاكى توقۇلما سەنئىتى لازىم بولىدۇ دېگەنلىك. بۇلار ئادەتتە بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيال ئەھۋالىغا قارىتىلغان، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەقىقىي بولۇشى سەنئەتنىڭ ھەقىقىي بولۇشىدۇر. سەنئەتنىڭ ھەقىقىي بولۇشى، سەنئەتنىڭ ئايرىپ چىقىش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش، تۇرمۇشتىن ئۆزگىرىش، يۇقىرى كۆتىرىش جەريانلىرى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەنلەر گەرچە مەلۇم ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولمىسىمۇ، بىراق تۇرمۇشتىكى ئىشلارغا ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. بۇ دەل ئەدەبىيات تارىخىدىكى گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ كىتابخانلارغا بىرخىل ئەينەن تۇيۇلۇشىنىڭ سىرى.

ماتېرىيال ئىشەنچىلىك بولسۇن دېگەنلىك، ئادەتتە ماقالىلەردە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەم دەلمۇ دەل توغرا بولۇشى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە بەرداشلىق بېرىشى، ھەم نەق يەرگە ئىشلىتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. مەيلى پۈتۈن بىر ماقالە ياكى پۈتۈن بىر ئابزاس، بىر ئېغىز گەپ بولسۇن، ئۇلارنى نەقىل كەلتۈرگەندە، خەت، سۆز، جۈملە، چېكىت، بەلگىلەر بولسۇن، ئەسلى ماقالە بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى كېرەك، ھەرگىز بىخەستىلىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە ياكى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئەسلى مەنىسى بىلەن مۇناسىپ بولۇشى لازىم، ئۇ يەردىن، بۇيەردىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

3. تىپىك بولۇش

تىپىك ماتېرىيال دېگىنىمىز — مەلۇم تۈردىكى شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئىشلار ياكى ماتېرىياللاردۇر. ئۇ كونكرېت، ئايرىم، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مەنىسىنى ھەممىدىن بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئايرىملىق ۋە ئومۇمىلىقنىڭ، كونكرېتلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈكنىڭ بىرلىكى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ماتېرىيال تاللاش باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، پەقەت ماتېرىيال بىلەن كۆز قاراش ئورگانىك ھالدا مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «تىپىكلەشتۈرۈش» بولسا يەنىمۇ بىر قەدەم يۇقىرى بولىدۇ، ئۇ شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىپ قېلىشنى، مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاش پوزىتسىيىسى بىلەن ماتېرىيال تاللاشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا تىپىك ماتېرىياللارنى ئوبدان تاللاش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەك.

تېپىك ماتېرىياللارغا ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان كېرەكلىك ماتېرىياللار ئىچىدىن ئەستايىدىل ئىزدەش كېرەك. ياخشى تاللاش ئۈچۈن، ئۇنى كۆزىتىشنى بىلىش لازىم، بولمىسا، گەرچە ياخشى، كونكرېت ماتېرىياللارنى ئۇچراتساقمۇ بىكار بولىدۇ. پەقەت كۆزىتىشكە ماھىر بولغاندا، ئاندىن كۆپىنىڭ ئىچىدىن ئازنى ئالغىلى بولىدۇ، يەنە ئاددىي نەرسىلەردىن قىزىقارلىق نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

4. يېڭىچە، جانلىق بولۇش

يېڭىچە بولۇش — ماتېرىيالنىڭ يېڭىچە بولىشىدۇر، جانلىق بولۇش دېگىنىمىز — ماتېرىيال ھەمدە ماتېرىيالنىڭ كونكرېت بايان قىلىنىشىغا نىسبەتەن تەسىرى كۈچكە ئىگە بولۇشىغا قارىتىلغان. بۇ، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىنى كۈچەيتىدىغان، ئاپتورنىڭ يېزىش مۇددىئاسىنى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇھىم كاپالەتتۇر.

يېڭىچە، جانلىق ماتېرىياللارنى ئىپادىلەيدىغان شەكىللەر خىلى كۆپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) كونكرېت ئوبراز

كونكرېت ئوبراز — روشەن، جانلىق بولغان ھېسسىي ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق ئوبيېكتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ماتېرىيال. مەسىلەن، گوگول ئاللىبۇرۇنلا ۋەقەلىكى كۈلكىلىك بولغان بىر ئەسەر يېزىپ، ئۆزى تۇرمۇشتا كۆرگەن، ھەممە يەردە مەۋجۇت بولغان بىر تۈركۈم قورقۇنۇچلۇق «جانلار»نى تەسۋىرلەش يولى بىلەن چىرىكلىكنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان. بىراق، بۇنداق ئىنتايىن تەسىرلىك ۋەقەلىكنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ھېكايە تاپالماي بېشى

قېتىپ يۈرگەن. بىر كۈنى پۈشكىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئورېنبۇرگقا يېزىقچىلىقتا دائىر ماتېرىيال توپلاشقا بارغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى پېتىربۇرگدىن «شەخسىي زىيارەت» كە ئەۋەتىلگەن «رېۋىزور» دەپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى كۈلكىلىك ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن. گوگول بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغان ھەمدە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىر كومېدىيە يېزىپ چىقىپ، ئۆزىگە مەلۇم بولغان رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلاپ، قاتتىق مەسخىرە قىلماقچى بولغان. ئۇ بۇ ئەسەرنى ئىككى ئايغا قالمايلا يېزىپ پۈتتۈرگەن، گوگول پۈشكىن ئېيتىپ بەرگەن كۈلكىلىك ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، شۇ ئاساستا ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسىرلىك خام ماتېرىياللارنى قوشقان، مانا بۇ ئوبراز ھەققىدە تۇيغۇ پەيدا قىلىشتۇر. ئىجادىيەت جەريانىدا، گوگول بۇ ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان، ئۇ ھەر بىر ۋەقەلىكنى مەنتىقىغە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، كومېدىيە ۋەقەلىكىنىڭ ئومۇمىي راۋاجىنىمۇ مەنتىقىغە ئۇيغۇنلاشتۇرغان. مانا بۇ ئوبرازنى شەكىللەندۈرۈش بولىدۇ. ئاپتور ۋەقەلىك توغرىسىدىكى خام ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش جەھەتتە ئىختىيارى ئىش كۆرگەن، ئەمما تۇرمۇش ۋە سەنئەت مەنتىقىسىگە ئەمەل قىلىش جەھەتتە بولسا ئىختىيارى ئىش كۆرمىگەن، مانا بۇ ئوبرازنى ئىپادىلەشتۇر. گوگول ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، چىركىنلىك ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تونۇتقان، مانا بۇ ئوبرازنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى.

2) كىتابخانلارغا يېقىملىق تۇيۇلۇش

كىتاب ئوقۇۋاتقان چاغدىكى پىسخىكىسىغا قارىغاندا، كىشىلەر تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە يېقىن كەلگەن ھەمدە ئۆزلىرىگە يېڭى ماتېرىياللارنى بايقىتالايدىغان ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. بۇنداق ماتېرىياللار ئۇلارغا تونۇش بولىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئاپتورنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتسىلا، ئۇلارنىڭ پىسخىكىسىدا «بۇرۇنقى تونۇش» دەك بىر خىل يېقىملىق ۋە جانلىق ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى شولېم ئالېيخېمنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى دائىم ئۇرۇپ تىللايدىكەن، ئۇ كۈندۈزى ئۆگەي ئانىسى تىللىغان سۆزلەرنى ھەر كۈنى كەچتە ئاستاغىنە كارۋاتتا يېتىپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بىر بىرلەپ خاتىرىلىۋالىدىكەن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭ خاتىرىسىمۇ توشۇپتۇ. كېيىن ئۇ ئادەم تىللايدىغان مۇشۇ سۆزلەرنى ھەرپ تەرتىپى بويىچە رەتلەپ، بىر لۇغەت قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «ئۆگەي ئانا سۆزلۈكلىرى» دەپ سەرلەۋھە قويغان. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى ئىدى. بۇ خىل ئوڭۇشسىزلىققا باش ئەگمەي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش روھى سەبى ئۆسمۈرلەرگە، ئاقكۆڭۈل، سەرگۈزەشتىسى مول كىشىلەرگە ھېكايە قىلىپ بېرىلسە، ئۇلار بۇ شەخسنى ناتونۇش ھېس قىلمايدۇ، بەلكى خۇددى ۋەقەنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر ۋە ھېسداشلىق قىلىدۇ.

3) ۋەقەلىك ۋە تەشۋىشى مول بولۇش

بۇ بەزى ئەدەبىي ژانىرلار (مەسىلەن، بايان خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، دوكلات ئەدەبىياتى) نىڭ ماتېرىيالنى تاللاشتا قويۇلىدىغان ئالاھىدە تەلەپ.

4) كىشىلەر تېخى بىلمەيدىغان ئەڭ يېڭى بايقاش بولۇش

ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغاندا، ئاساسلىقى يېڭى ۋە چوڭقۇر كۆز قاراشلار بىلەن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كىشىلەرگە ناتونۇش ۋە يېڭى بىلىنىدىغان ماتېرىياللارنى تاللاپ ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى مۇھىم، ئۇ دائىم يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراشنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلىنالايدۇ ھەم ئادەمنى يېڭى تۇيغۇ كىرگۈزەلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار تەبىئىي پەن ياكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق ماتېرىياللاردىلا كۆپ

ئۇچراپ قالماستىن ئادەتتىكى ماقالىلەردىمۇ ئاز ئەمەس.

5) ماتېرىيال تاللىغاندا يەنە ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش لازىم

ئادەتتە، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە كونكرېت ئوبراز، تەسىر كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ماتېرىياللارنى كۆپرەك تاللاش لازىم؛ مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە، لوگىكىلىق قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ماتېرىياللارنى كۆپرەك تاللاش لازىم؛ چۈشەندۈرۈش ماقالىلەردە، ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىشكە پايدىلىق بولغان ماتېرىياللارنى كۆپرەك تاللاش لازىم؛ لىرىك ئەسەرلەردە، ھېسسىياتنى ئۇرغۇتالايدىغان ماتېرىياللارنى كۆپرەك تاللاش كېرەك.

## 2. ماتېرىيال ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ماتېرىيالنى ئىشلىتىش بىلەن ماتېرىيالنى تاللاشنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار، ئۇلارنى ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلار يەنە قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، بىز بۇ يەردە پەقەت بىرىنى تاللاپ، بىرىنى تاشلاش، تەپسىلىي يېزىش ۋە قىسقارتىش، بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قانچە تەرەپلەردىن قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمىز.

1. بىرىنى تاللاپ، بىرىنى تاشلاش

ماتېرىيال تاللاشنىڭ ئادەتتىكى تەلىپى بويىچە، كۆپلىگەن خام ماتېرىيال ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ماتېرىيال يېزىقچىلىق جەريانىدا گاھىدا بەلكىم بىراقلا كارغا كېلىپ قالىدۇ، لېكىن، دەسلەپتە لازىم بولىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئاخىرىدا يەنە لازىم قىلىنمايدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ بىز ئېيتقان ماتېرىيال ئىشلىتىشتىكى بىرىنى تاللاپ، بىرىنى تاشلاش ئۇسۇلىدۇر.

www.uyghurkitap.com

بىرىنى تاشلاپ بىرىنى ئىشلىتىشتە ئادەتتە ئىككى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش لازىم. بىرى، باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، باش تېمىنى كۈچلۈك ئىپادىلەيدىغان ماتېرىياللارنى ساقلاپ قېلىش، باش تېمىغا مۇناسىۋەتسىز بولغان ماتېرىياللارنى تاشلاش لازىم؛ ئىككىنچىسى، ھەر قايسى ماتېرىياللارنىڭ بىر يەرگە تەشكىللەنگەن چاغدىكى رولى يالغۇز، ئاددىي ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرگەندىن چوڭ بولۇشى، كەلتۈرۈلگەن ھەر قايسى مىساللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرى بولۇشى، بىرلەشتۈرگەندە باش تېمىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا قول - پۇت بولۇشى لازىم، بولمىسا، ئەگەر ئوخشاش تۈردىكى ماتېرىياللارنى تىزىپ قويساق، ئادەمگە تەكرارلانغاندەك تۇيۇلىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ ئىچىدىن كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ياكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى مىسالنى قالدۇرغان ياخشىراق.

### 2. تەپسىلىي يېزىش ۋە قىسقارتىش

تەپسىلىي يېزىش ۋە قىسقارتىش — ماتېرىيالنى ئىپادىلىگەندە ۋە نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرگەندە قەلەمنىڭ راۋان - راۋان ئەمەسلىكىگە، سەھىپىنىڭ ئاز - كۆپلىكى، ئاددىيلىقىغا قارىتىلغان. مەسىلەن، بايان خاراكتېرىدىكى ژانىرلاردا نەچچە ئون ئىشلارنى ئۇنداق - بۇنداق يېزىپلا ئۆتكۈزىۋېتىدۇ، ئەمما، بىر ئىنچىكە تەرەپنى ياكى بىر پىسخىكىلىق پائالىيەتنى ئەكسىچە غولدىتىپ يازىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھەم نۇقتىلىق تەرەپنى گەۋدىلەندۈرگىلى، ھەم زىچلىق ۋە شالاڭ ھالەتتىكى قۇرۇلما گۈزەللىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. مۇلاھىزە خاراكتېرىدىكى ژانىرلاردا، ئاساسىي پاكىت قىلىنغان ماتېرىياللارنى تەپسىلىيرەك يېزىش، ياردەمچى ماتېرىياللارنى تەبىئىي ھالدا قىسقاراق يېزىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن، مۇھىم تەرەپنى گەۋدىلەندۈرۈشتەك، ئاساس بىلەن قوشۇمچىنى ئېنىق

ئايرىشتەك ئۇنۇمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ياكى قىسقارتىپ يېزىشتا، كىتابخانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئويلىشىپ بېكىتىش كېرەك. مەسىلەن، مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەردە، كىتابخانلار چۈشىنىدىغان ياكى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ماتېرىياللارنى قىسقارتىشقا بولىدۇ، ئەكسىچە، كىتابخانلار ئىشەنچە قىلالمايدىغان ماتېرىياللارنى تەپسىلىي بايان قىلىش كېرەك. لىرىك ئەسەرلەردە، كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان ماتېرىياللارنى تەپسىلىي يېزىش، ئادەتتىكى ماتېرىياللارنى قىسقارتىش قاتارلىقلار.

3. بىرلەشتۈرۈش

ماتېرىيالنى بىرلەشتۈرۈش — ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرىگە ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇنۇملۇك ھالدا تۈرلەپ ئىشلىتىشتۇر.

ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرگەندە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە دىققەت قىلىش لازىم:

1) بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار بىر - بىرىنى ئۆز ئارا تولۇقلىشى كېرەك، ئۆز ئارا زىددىيەتلىك بولۇپ قالسا بولمايدۇ. لېكىن، سىرتتىن قارىماققا «ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى»، ئەمەلىيەتتە ئوبيېكتنىڭ (ئادەم ۋە ئىش) كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇرەككەپلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ياكى سېلىشتۇرۇشتا ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى ھالدا ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان بەزى بىرىكمە ماتېرىياللار، يەنە يۇقىرى ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بىر خىل سەنئەت ئۇسلۇبى بولالايدۇ.

2) ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى ۋە سالمىقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ قۇرۇلمىدىكى ئورنى ۋە رەت تەرتىپىنى بېكىتىش كېرەك. بۇ، ماقالىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ماتېرىيال دېگەن نېمە؟ ئوخشاشمىغان ئۆلچەمگە ئاساسەن ئۇنى قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ؟
2. خام ماتېرىيال، تېما ۋە ماتېرىيالنىڭ پەرقى نېمە؟
3. ماتېرىيال بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەڭ.
4. ماتېرىيال جۇغلاش ۋە يىغىشنىڭ يوللىرى قايسىلار؟
5. تاللاپ كۆزىتىش ئۇسۇللىرى قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
6. تەكشۈرۈشكە قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ؟
7. ماتېرىيالنى قانداق تاللاش كېرەك؟
8. ماتېرىيال ئىشلىتىشتە قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

# III باب قۇرۇلما

## § 1. قۇرۇلمىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى

ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى — ماقالىدىكى قىسىم بىلەن قىسىم، قىسىم بىلەن پۈتۈن گەۋدە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەت ۋە تاشقى شەكىلنىڭ بىرلىكى. ئادەتتە، بىز ماقالە قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەلۇم ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش دەپمۇ ئاتايمىز، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — بەلگىلىك پرىنسىپ ۋە تەلەپكە ئاساسلىنىپ، ماتېرىيال، نۇقتىئىنەزەر قاتارلىق ئاساسلىق مەزمۇنلارنى باسقۇچ ۋە مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكى بويىچە تەشكىللەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماقالىنى زىچ، جانلىق، بىرلىككە كەلگەن پۈتۈن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ماھىيەتتە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئوي - پىكرى ۋە شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ لوگىكىلىقى بىلەن بىرلەشكەن ئاساستا بارلىققا كەلگەن مەھسۇلات. قۇرۇلما ئوبيېكتىپ شەيئىدە بار بولغان باغلىنىش ۋە تەرتىپنى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئەمما، ھەرگىز ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىپتىدائىي شەكىلنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلۈشى ياكى ئاددىي تەقلىدى ئەمەس. ئاپتور دائىم ئىپادىلەش ۋە قوبۇل قىلىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۇختا تەپەككۇرى ئارقىلىق، ماقالە مەزمۇنىغا ئىجادچانلىق بىلەن تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن،

تۇرمۇشتا دەسلەپتە يۈز بەرگەن ئىشنى، ئېھتىمال ماقالىدە كەينىگە ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن، تۇرمۇشتىكى شەيئىلەر ئۇنىۋېرسال بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى ماقالىدە بەلكىم بىر قانچە قىسىم ياكى بىر تەرەپ قىلىپ پارچىلىۋېتىشى مۇمكىن، تۇرمۇشتىكى شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئەسلى ماھىيىتى ھادىسىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ماقالە قىلىپ يازغاندا، ئۇنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ روشەن خۇلاسىلەشكە ھەمدە ھادىسىنى قاتمۇ قات تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەپەككۇر يولىنى ئىپادىلىمەي قويمايدۇ. ئوي - پىكىر — ئاپتورنىڭ تەپەككۇر قىلىش يولى، ئۇ ئاپتورنىڭ كۆزىتىش، بىلىش ۋە تۇرمۇشنى ئىپادىلىشىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچان رولى، يەنى ئىجادىيەتچان رولىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ ئوي-پىكرى خالىغانچە قالايمىقانلىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان تەشكىلىي قۇرۇلما شەكلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىلا ئوبيېكتىپ شەيئىدە بار بولغان لوگىكا، تەرتىپ بىلەن ئاپتورنىڭ كۆزىتىشى، بىلىشى ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خاس دىئالېكتىك بىرلىكىنى ئىپادىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئۆزى ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ ھەم ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بارلىقىنى، ھەم سۇبيېكتىپ پائالىيەتچان، ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

قۇرۇلمىنى لايىھىلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، ماقالە يېزىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم، تەس بىر خىزمەت تۈرى. ئادەتتە ماقالە يېزىشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئومۇمىي بىر تەسەۋۋۇر بولۇشى لازىم، ماقالە يېزىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن تېزىس تۈزۈۋېلىپ،

ئاندىن قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپ، قايتا - قايتا تېزىسنى تۈزىتىشنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. ئەگەر ئەتراپلىق ئويلاشماي، بىر ئابزاس يېزىپ ئارقىدىن يەنە بىر ئابزاس ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلسا، ماقالىدە بىرلىك، پۈختىلىق بولمايدۇ ھەم ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

## § 2. قۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي تەلىپى

### 1. پۈتۈنلۈك

قۇرۇلمىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ۋەزىپىسى ماتېرىيالنى، كۆز قاراشنى تەشكىللەپ، ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىكەن، ئۇنداقتا ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ بىرىنچى تەلىپى تەبىئىي ھالدا پۈتۈنلۈك بولىدۇ.

قۇرۇلمىنىڭ پۈتۈنلۈك تەلىپىنى قانداق چۈشىنىش لازىم؟ ئالدى بىلەن، ماقالىنىڭ ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملىرى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇشى كېرەك. ماقالىدىكى ھەرقايسى قىسىملار ماقالىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مەۋجۇت بولغان ئۆزئارا چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىش ۋە ئۆزىگە يارىشا ئەپچىل تاشقى بىرلىككە ئىگە ئورتاق بىر باش تېمىنى ئىپادىلەيدۇ، ئاپتورنىڭ تولۇق ئوي - پىكرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەگەر ھەر قايسى قىسىملار ئايرىم بولۇۋېلىپ، پۈتۈن قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ماسلىشىپ كۈچ چىقىرالمىسا، گەرچە ئۇ ھەر قانچە ياخشى بولۇپ كەتسىمۇ، بەرىبىر مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ماقالە پۈتۈنلۈكىدىن تەركىب تاپقان ھەر قايسى قىسىملار نىسپىي ھالدا تەلتۆكۈس بولۇشى لازىم، سەۋەبسىز كەمتۈك بولۇپ قالسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى كۆپلىگەن زۆرۈر ھالقىلار (مەسىلەن، بايان خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر قايسى باسقۇچلىرى، مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكى لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرى، لىرىك ئەسەرلەردىكى ھېسسىيات ئۇرغۇتىدىغان ئۆزگىرىشلەر، چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىكى ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى قاتارلىقلار) دىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر ھالقا كەم بولۇپ قالسا، پۈتۈن گەۋدە قۇرۇلمىسى بوشاپ قېلىشى مۇمكىن. ماقالە مەشىقىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاجىزلىقلار — ئىختىيارسىزلا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك قىسىم ياكى ھالقىلارنى تاشلىۋېتىش. ئالدىدا تاپشۇرۇش ياكى يوشۇرۇن بىشارەت، ئارقىدا ماسلىشىش ياكى چۈشەندۈرۈش بولماسلىق ياكى يىراقنى تەسۋىرلەپ، يېقىننى تەسۋىرلىمەسلىك، خۇلاسىنى چىقىرىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئايرىم بايان ئېلىپ بارماسلىق، بايان ئېلىپ بارسا «ئالدى بىلەن . . . . .» دەپ قويۇش، مەلۇم بىر تەرەپنى چۈشەندۈرۈپ، كەم قالسا بولمايدىغان يەنە بىر تەرەپنى ئۇنتۇپ قېلىش قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ئەھۋاللار ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. قۇرۇلمىدىكى كەمتۈكلۈكلەر مەزمۇننى ئىپادىلەشكىلا تەسىر يەتكۈزۈپ قالماستىن، بەلكى قۇرۇلمىنى ماسلاشمىغان، پۈتۈنلۈك يوقتەك ھېس قىلدۇرىدۇ.

ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ماقالە قۇرۇلمىسىدا ئىگىلىگەن ئورنى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. باش تېمىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ۋە ماقالە كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ھەر قايسى قىسىملار مەلۇم نىسبەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. مەسىلەن، باش، بەدەن، ئاياغنى سېلىشتۇرغاندا، بەدەن چوڭراق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا ماقالە يازغاندا باش - ئايىغى ماس بولۇشى، ئېغىر - يېنىكلىكى مۇۋاپىق بولۇشى، زىچ -

شالائىتلىقى نورمال بولۇشى، ماقالە قۇرۇلمىسىدا بىر پۈتۈن گەۋدە گۈزەللىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك.

## 2. باغلىنىشلىق

ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتۈنلىكى ئۇنىڭ باغلىنىشى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

باغلىنىشلىق دېگەنلىك — ماقالىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەن، مەزمۇن جەھەتتە ئۆزئارا باغلانغان، تىل، شەكىل جەھەتتە زىچ باغلىنىشلىق بولغان ۋە مۇۋاپىق بولغان ئۆتكۈنچىگە قارىتىلغان.

ماقالە تومۇرى، ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئوي - پىكىر ئېنىق بولماسلىق ماقالە تومۇرىنى چوقۇم قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلمىمۇ چوقۇم باغلانماي قالىدۇ. ماقالىنىڭ مەزمۇنى مەيلى قانچىلىك مۇرەككەپ بولسۇن، ۋەقەلىكى قانچىلىك رەڭگا - رەڭ بولسۇن، تومۇرى چوقۇم باغلىنىشى كېرەك، ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالسا بولمايدۇ. تومۇرى بولمىغان ماقالىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى خۇددى «يىپى ئۈزۈلگەن مارجان» دەك چېچىلاڭغۇ، باغلىنىشسىز بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ماقالىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىر مەزمۇننى سۆزلەپ بولماي تۇرۇپلا، يەنە بىر مەزمۇنغا سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەندە، قارىماققا باغلانغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە مەزمۇن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، باغلىنىپ كېلىۋاتقان مەزمۇنغا، مۇناسىۋەتسىز يەنە بىر مەزمۇننى قوشۇپ قويۇش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ماقالە تومۇرىنىڭ باغلىنىشلىق بولۇشىدا بۇزغۇنچىلىق، توسقۇنلۇق رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 3. پۇختىلىق

ماقالە تومۇرىنىڭ تۇتىشىشى ماقالىنىڭ ئالدى - كەينىنىڭ تەبىئىي ھالدا تۇتىشىشى بولۇپ، پۈتۈن ماقالىنىڭ بىرلىككە ئىگە بولۇشىغا قارىتىلغان. قۇرۇلمىنىڭ پۇختىلىقى، مۇشۇ ئاساستا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئاساسلىقى ماقالىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ لوگىكىلىق باغلىنىشنىڭ بولۇشى، ئۆزئارا زىت ياكى مۇناسىۋەتسىز ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىغا قارىتىلغان.

ماقالىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەت قۇرۇلمىدىكى ئىچكى چوڭقۇر قاتلام مۇناسىۋەتكە مەنسۇپ، ئۇ كۆپىنچە مۇرەككەپ سەۋەب، نەتىجە مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇلاھىزە ماقالىلىرىدە، ئۇ ھەر قايسى ئابزاسلار ئوتتۇرىسىدا ياكى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلايدۇ، ياكى تۈرلەر بويىچە تەپسىلىي ئايرىلىدۇ ۋە ياكى ئوڭ - تەتۈر ھالدا باغلىنىپ، ھەممىسى لوگىكا جەھەتتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇقەررەرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر بىلەن ئېپىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ئىنكاس قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، مەلۇم بىر جەريان بايان قىلىنغاندا، ئالدىدىكى ئىش مۇقەررەر ھالدا كېيىنكى ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى لازىم، كېيىنكى ئىشمۇ چوقۇم ئالدىدىكى ئىشقا باغلىنىشى كېرەك.

ماقالىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆزئارا بىر - بىرىنى يۆلىشى، ماسلىشىشى كېرەك، ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ، بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالماسلىقى لازىم، بۇمۇ قۇرۇلما پۇختىلىقىنىڭ بىر بەلگىسى. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە، ئۇ، ۋەقەلىك ۋە ئۇنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنىڭ مۇۋاپىق

ئورۇنلاشتۇرۇلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇلاھىزە ماقالىلەردە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالدى. ئاخىر تەرەپنىڭ بىردەك بولۇشى ۋە كۆز قاراش بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىرلىكى قاتارلىقلار قۇرۇلما پۇختىلىقىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇن ماقالىلەرنى يازغاندا، كۆپىنچە ئوخشاشمىغان قاتلامدىكى بىرقاتار كىچىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئۇلار ئورتاق ھالدا پۈتۈن ماقالىدىكى ئومۇمىي كۆز قاراشنى يەنى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى بايان قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا يېقىندىن ماسلىشىشى كېرەك، ھەرگىز ئۆزئارا زىت بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

قۇرۇلمىنىڭ پۇختىلىقى بىر خىل ئىچكى ئۇيۇشما كۈچ ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، ئۇ ماقالىنىڭ «جېنى» سۈپىتىدە شەكىل جەھەتتە چېچىلاڭغۇ بولغان قۇرۇلمىنى بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرالايدۇ ھەمدە كىشىگە تەبىئىي پۈتۈنلۈك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، كۆپلىگەن ماقالىلەردە بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان، ئۇنىڭدا كۆرۈنۈشتە ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن سۆزلەنگەندەك قىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بەزى نەسرى ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا ياكى پۇختا ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلىگىلا قاراشقا بولمايدۇ.

## 4. جانلىقلىق

جانلىقلىق دېگىنىمىز — ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىغا، جانلىقلىققا باي بولۇشىغا قارىتىلغان.

ھەر خىل ژانىرلار ئەلۋەتتە ئۆزلىرىگە ماس بولغان ئادەتتىكى قۇرۇلما رامكىسى ياكى ئاساسىي قۇرۇلما شەكلىنى

www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرىنى ھەم ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. قۇرۇلما — ماقالە مەزمۇنىنىڭ مۇۋاپىق، ئەپچىل ھالدا تەشكىللىنىشى ئورۇنلاشتۇرۇلىشىدۇر، مەزمۇن بولسا رەڭگا - رەڭ بولىدۇ، قۇرۇلما شەكلىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر خىل ئۆزگىرىدۇ، بىر خىل يولدىلا مېڭىش مۇمكىن ئەمەس، بىر نەچچە ئاددىي نۇسخا بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. تېما بىلەن ژانىر ئوخشاش بولۇپ قالغان ماقالە بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، باش تېمىسى، مەسىلىلەرگە قاراش نۇقتىسى، تەپەككۇر ئادىتى ۋە پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، قۇرۇلمىدىكى ئىجادچانلىق دەل شۇ يەردە گەۋدىلىنىدۇ.

بۇلاردىن قارىغاندا، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئورتاق تەلەپنى قانائەتلەندۈرۈپلا قالماي، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشقا، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇشقا تېخىمۇ ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ، ھەم مەلۇم قۇرۇلما قېلىپىغا ئەمەل قىلىش، ھەم بىر خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق لازىم.

## § 3. قۇرۇلمىنىڭ پرىنسىپى

### 1. ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە قانۇنىيىتىنى توغرا ئىنكاس قىلىش

ماقالە ئوبيېكتىپ شەيئىنى ئىنكاس قىلىدۇ، سۇبيېكتىپ كەيپىياتنى ئىپادىلەيدىغان ماقالىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوبيېكتىپ

شەيئىنىڭ ئاپتور كۆڭلىدىكى يىغىندىسى ياكى ئەكس ئېتىشى. شۇڭا، ماقالە مەزمۇنىنى تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئوبيېكتىپ شەيئىدە ئەزەلدىن بار بولغان لوگىكىغا يەنى ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بىلەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلماي بولمايدۇ.

ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانى (پېرسوناژنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىش جەريانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئىپادىلەشنى ئالاھىدىلىك قىلغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، دائىم ئوبيېكتىپ شەيئىدە ئەزەلدىن بار بولغان تەرەققىيات باسقۇچى تەرتىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گەرچە ماقالە قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان چاغدا، شەيئى تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئەسلى تەرتىپىنى بۇزۇۋېتىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، ياكى تەتۈر بايان، ياكى قىستۇرما بايان قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن چوقۇم مەلۇم شەكىل ياكى ئۇسۇل ئارقىلىق تەتۈر بايان قىسمى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئۆزئارا ئۇلاش كېرەك، شۇنداقلا قىستۇرما باياندا ئۈزۈلۈپ قالغان قىسمىنى يىپ ئۇچىغا ئايلاندۇرۇپ، كىتابخانلار قەلبىدە ئوبيېكتىپ جەريانىنىڭ ئەسلى تەرتىپىگە مۇۋاپىق ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش، بىرلىشىش خالىغانچە بولسا، كىشىلەر ئۇقمىغاندىن كېيىن، ماقالىنىڭ بايانىنى ئوبيېكتىپ جەريان تەرەققىياتىدا ئەزەلدىن بار بولغان شەكىلدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بۇنداقتا ھەم ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى ھەم كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىش پسىخىكىسىغا ۋە ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشقىلى بولمايدۇ. بەزى ئاپتورلار كۆچىنىڭ بارچە بايان ئۇسۇلىدىكى «نورمالسىزلىشىش» نى قوغلىشىدۇ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ.

مۇلاھىزە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئوخشاشلا ئادەملەر ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇشقا رىئايە قىلامدۇ - يوق، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى گەۋدىلىنەمدۇ - يوق دېگەن مەسىلە مەۋجۇت بولىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئى بولسا بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇ بىر قانچە قىسىمدىن ياكى بىر تەرەپتىن تەركىب تاپىدۇ، ھەم سىرتقى ئالاھىدىلىككە، ھەم ئىچكى ماھىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بىز شەيئىلەرنى تونۇغاندا دائىم ھادىسىدىن ماھىيەتكە چوڭقۇرلايمىز، قىسمەنلىكتىن ئومۇمىلىققا كېڭىيىمىز، تەھلىل قىلىشتىن ئۇنىۋېرساللىققا ئۆتىمىز. شۇڭا، مۇلاھىزە ماقالىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا دائىم ئالدى بىلەن بىر كونكرېت مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن قاتلاملار بويىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمىزدە، ئاخىرى يەكۈنگە ئىگە بولىمىز. بۇ يەكۈن كۆپىنچە شەيئى ماھىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياكى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرلىكى، ئەمما بۇ خىل قۇرۇلما شەكلىنىمۇ بۇسۇپ ئۆتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئالدى بىلەن يەكۈن چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن بايان، پاكىت كەلتۈرۈپ ياكى بىر تەرەپتىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن يەكۈن چىقىرىش، ئاخىرىدا بىرلەشتۈرۈش قاتارلىقلار، پەقەت بىلىشنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلمىساقلا ھەممىسىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر پىكىر ئېنىق بولماي، مەنتىقە قالايمىقان بولۇپ، پەقەت شەكىلدە جەھەتتىكىلا كۈچ سەرپ قىلىنسا، ياكى پەقەت ھادىسىلەرنى تىزىپ قويۇشنىلا بىلىپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە تەگمىسە، قارىماققا تەرتىپلىكتەك، ئەمەلىيەتتە ئىچكى باغلىنىشى كەم بولسا، بۇنداق ماقالىدا مەسىلىنى ھەرگىز ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ.

لىرىك خاراكتېرىدىكى ماقالىلەردىمۇ، ئادەمنىڭ پسىخىك

تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشى قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل كەيپىياتتىكى ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەشتە، قالايمىقان ئوي - پىكىرلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، مەركىزىي ئىدىيىسى يوق بىر نەرسە قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## 2. ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرىگە ئۇيغۇن كېلىش

ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرى — ئۇنىڭ كونكرېت تەپەككۇر جەريانىنىڭ ماقالىدىكى ئىنكاسى، شۇڭا ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئورتاق قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى لازىم. مەسىلەن، ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققىچە، كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققىچە، شەيئىلەرنىڭ تېشىدىن ئىچىگىچە بىلىش ھەمدە تەرتىپلىك ھالدا بۇ خىل تونۇشنى ئىپادىلەش قاتارلىقلار. لېكىن ئۇنىڭدا يەنە ئاپتورنىڭ شەيئىلەرگە بولغان ئۆزگىچە كۆزىتىشى، ھېس - تۇيغۇسى ۋە چۈشىنىشى ئۇيۇشقان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ، ماقالىنى قۇراشتۇرۇشتا ۋە قۇرۇلما جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا خاسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەللىكنى قوغلىشىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە ئوي - پىكرى بولمىسا، ئۇ ھالدا رەڭمۇ رەڭ ئۆزگىرىپ تۇرغان ماقالە قۇرۇلمىسى، شەكلى بولمايدۇ. بۇ بىزدىن ماقالە قۇرۇلمىسىدا ئىجادچانلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئوي-پىكىرنى تاۋلىغاندا، ئامال بار ئۇنى روشەنرەك تۈزۈش كېرەك ھەم ئۇنىڭ ماقالىدا بەدىئىي يوسۇندا گەۋدىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. ماقالىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ئىشلار، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنازىرىلەر، شۇنىڭدەك بەزى لىرىكىلار بۇ خىل ئوي - پىكىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يۆتكىشى

www.uyghurkitap.com

بويىچە بولىدۇ. ئۇلار بۇنداق ئوي - پىكىرنى تولۇق ھەم كونكرېت ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئوي - پىكىرنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ياكى ئادەتتىكىچە بولۇپ قېلىشى، ماقالە قۇرۇلمىسىدا مەسىلە پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شۇڭلاشقا، بىز چوقۇم ئوي - پىكىرنى تاۋلاشقا ۋە رەتلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. يەنى مۇلاھىزە قىلىشتا كۆپرەك ئويلىنىش كېرەك، ئەگەر ئالدىنئالا ئوي-پىكىرمۇ بولماي «سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە ماڭساق»، قۇرۇلما بىلەن ئوي - پىكىرنىڭ بىردەك بولۇشىدىن سۆز ئېچىشنىڭ نېمە ھاجىتى!

## 3. باش تېمىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا بويسۇنۇش

يېزىقچىلىق بىر خىل ئىجادىي ئەمگەك، ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا بولغان تونۇشىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ پەقەتلا ئوبيېكتىپ شەيئىدە ئەزەلدىن بار بولغان قۇرۇلمىنى ئاددىيلا قايتا تەقلىد قىلىپ ئىشلەش بولماستىن، بەلكى ئاپتورناڭ باش تېمىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇنى مۇۋاپىق، ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇشى كېرەك.

ماقالە يېزىشنى يېڭى ئۆگەنگەنلەر قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، نامۇۋاپىق بولۇش، تولۇق بولماسلىق، ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىقلاردىن باشقا، يەنە روشەن ھالدا، باشتىن - ئاياغ باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ، ماقالىنىڭ ئالدى - كەينى، مۇھىم ۋە مۇھىم بولمىغان نۇقتىسىنى، باشلاش - ئاخىرلاشتۇرۇشنى بېكىتىۋالالمايدۇ، يەنە كېلىپ كۆچىنى تەكشى ئىشلىتىدۇ، ياكى تۇزلا بايان قىلىدۇ.

بۇنداق قۇرۇلما مۇقەررەر هالدا چىچىلاڭغۇ هەم ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە ئاجىز بولىدۇ.

## 4. ئەدەبىي ژانىر ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىش

ئادەتتە، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەدەبىي ژانىرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ھەر خىل تىپتىكى ماقالىلەر قۇرۇلما جەھەتتە دائىم ئالاھىدە تەلەپلەرگە ئىگە بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى ئەدەبىي ژانىر ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشنى قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرخىل پرىنسىپنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ـ ۋاقىتنى ئاساس قىلىپ، ئىشلارنى خاتىرىلەپ، ئادەمنى يېزىشتۇر، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىدىغان يىپ ئۇچى ئېنىق بولۇشى لازىم. مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ماقالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، تۇرلەرگە ئايرىش ياكى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئېتىبار بېرىدۇ، ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر خىل ئىچكى، لوگىكىلاشقان بولىدۇ. بەزى ژانىرلار (مەسىلەن، خەت ـ چەك، ھۆججەت قاتارلىقلار) نىڭ قۇرۇلما شەكلىدە يەنە مۇقىم تەلەپلەر بار، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ھەرگىز ھەر خىل ئەدەبىي ماقالىلەر بىر خىل ئۆلۈك شەكىلدە تۈزۈلۈپ ماقالە بولىدۇ دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ، پەقەت ئاپتور ماقالە قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىش ۋە جارى قىلدۇرۇپ ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەدەبىي ژانىر ئالاھىدىلىكىنىڭ قېلىپ ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ دېگەنلىك. ھەر خىل ژانىرلارنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ئۆز ئارا سىڭىشكەن بولىدۇ. بولۇپمۇ بەزى ژانىرلاردا بىرىنىڭ ئىچىدە بىرى بولۇش تىپىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، يەنە بىرتەرەپتىن پەرق ۋە چېگرا مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەپلەرگە سەل قاراشقىمۇ ياكى ئۇلار بىلەن چەكلىنىپ قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ماقالە يازغاندا، يەنە ئۇنىڭ ھەجىمىنىمۇ ئويلىشىش، كىتابخانلارنىڭ كۆپ خىل ئامىلىنىمۇ ئويلىشىش لازىم. مەسىلەن، قىسقا ئوبزور بىلەن ئۇزۇن ئوبزورنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئوخشىماسلىق بار. ئالدىدىكىسى باش تېمىغا تېزلا كىرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمى چوقۇم ئاساسىي نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇشى، ئاخىرى يەنە كېلىپ قىسقا، كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. كېيىنكىسى بولسا، باشلىنىش قىسمىدا ئارقا كۆرۈنۈشنى ۋە يېزىش مۇددىئاسىنى تاپشۇرۇش قاتارلىقلارغا رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدا باش تېما قىسمىنى بىر قانچە مەسىلىگە ئايرىشقا بولىدۇ، ئاخىرقى قىسمىدا يەنە مەلۇم مەزمۇنلارنى تولۇقلاشقا بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، ماقالە يازغاندا كۆپىنچە كونكرېت قاراتمىلىق بولۇشى كېرەك، ئۆسمۈرلەر كۆرىدىغانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولىدۇ، كەسپىي خادىملار كۆرىدىغانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مەزمۇن كونترول قىلىدۇ، بەلكى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا كۆپىنچە ماھارەتكە ئېتىبار بېرىلىدۇ، ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئادەتتىكى كىتابخانلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەبىئىي ھالدا بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ.

## § 4. قۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىدا گەرچە بىر قەدەر زور جانلىقلىق بولسىمۇ، ئۇنى مۇقىم ئۆلۈك ئۆرنەك بىلەن قايلىمۇقىلىشقا بولمايدۇ، لېكىن، ھەر قايسى قۇرۇلمىلار ئۆز ئىچىگە ئالغان

مەزمۇن ياكى ئۇنىڭ ئاساسىي ئامىلى ياكى ئۇقۇمى يەنە كېلىپ ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ھەممىسىدە قاتلام، ئابزاس، ئۆتكۈنچى، ماسلىق، باشلىنىش، ئاخىرلىشىش قاتارلىقلار بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇلمىنى مۇۋاپىق ھەم ئەپچىل لايىھىلىمەكچى بولساق، بۇ مەزمۇنلار، ئامىل ياكى ئۇقۇملار ئۈستىدە بىر قەدەر روشەن چۈشەنچە ھاسىل قىلماي بولمايدۇ.

## I. قاتلام ۋە ئابزاس

### 1. قاتلام

ماقالىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە مەلۇم تەرتىپ ۋە باسقۇچ بولىدۇ، ئالدى بىلەن نېمىنى يېزىش، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىنى يېزىش، ئەڭ ئاخىرىدا نېمىنى يېزىش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك لايىھىلىۋېلىش كېرەك. ئادەتتە بىز بۇ خىل ئومۇمىي گەۋدىدىن ماقالىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى رەت تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قاتلام دەيمىز. قاتلامنى يەنە «مەزمۇن ئابزاسى»، «لوگىكا ئابزاسى» ياكى «قىسىم»، «چوڭ ئابزاس» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بىز بۇيەردە دېمەكچى بولۇۋاتقان قاتلام، پەقەت كېيىنكى قۇرۇلما بىرلىكى، ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئەڭ چوڭ قاتلام ئاستىدا، بەلكىم ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى بىرقانچە كىچىك قاتلاملارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

قاتلام ئاساسەن، مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان قۇرۇلما بىرلىكى، ئاپتور يېزىقچىلىق قىلغاندا، ئادەتتە ئۇنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشىنى بەلگىلىمەيدۇ، ئۇنى پەقەت كىتابخانلار ماقالىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ئاساسەن ئاجرىتىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋال ئاستىدا، قاتلام ئابزاستىن چوڭ بولىدۇ، ماقالىنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

قاتلىمى بىر قانچە ئابزاسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گاھىدا قاتلام بىلەن ئابزاس باراۋەر بولىدۇ. ئايرىم ئەھۋال ئاستىدا قاتلام ئابزاستىن كىچىك بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، بەزى قىسقا ماقالىلەردە پەقەت بىرلا ئابزاس بولىدۇ. بۇ ئابزاسنى يەنە بىر قانچە قاتلامغا ئايرىشقا بولىدۇ.

قاتلامنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ماقالە ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ لوگىكىلىق مۇناسىۋىتىگە قاراش كېرەك، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن چوقۇم بىر مۇۋاپىق، روشەن ئوي - پىكىر بولۇش كېرەك. ماقالە يازغاندا، قاتلامنىڭ قالايمىقان بولۇشى، ياكى ئۆزئارا تەكرارلىنىشى، ياكى ئورۇن ئالماشىپ قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى — ئوي - پىكىرنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىندۇر. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە ئاپتورنىڭ ھەر خىل ئەدەبىي ژانىر قاتلاملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپىنى چۈشەنمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2. ئابزاس

بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان ئابزاس «تەبىئىي ئابزاس»نى كۆرسىتىدۇ. تەبىئىي ئابزاس بولسا، ئاپتور ماقالىدا تەسىس قىلغان، ئابزاس بېشى قۇر شەكلىدە ئۆزى باشلىنىپ، ئۆزى ئاياغلىشىدىغان، نىسپىي ھالدىكى مۇستەقىل قۇرۇلما بىرلىكى.

تەبىئىي ئابزاسنى تەسىس قىلىش ھەم نىسپىي مۇكەممەل، بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەم ماقالە قاتلام قۇرۇلمىسىنىڭ كىتابخانلارنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئالدىدا تېخىمۇ روشەن، كۆرۈنەرلىك تەسىر شەكىللەندۈرۈشى ئۈچۈندۇر. بىر خاس مەزمۇننى، بىر قەدەر مۇرەككەپ قاتلامنى بىر قانچە ئابزاسلارغا ئايرىپ يازغاندا، ئۇلانما، ئۆتكۈنچى، تەكىتلەش، تولۇقلاش قاتارلىق كۆپ خىل مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى ئابزاسلارغا ئايرىماي ھەممىسىنى بىرلا قىلىپ يېزىۋەتسەك، ئۇ ھالدا ئۇنى

ئوقۇش چوقۇم تەسكە توختايدۇ، بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى ئابزاسقا ئايرىلمىغان، ئەگەر ئۇنى راۋۇس بىلمىدىغان ئادەم كۆرمىسە، باشقىلار ئادەتتە، ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاسان بىلەلمەيدۇ.

ئابزاسقا ئورۇنلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى، ئابزاسنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ قېلىش لازىم. بىر ئابزاستا ئادەتتە بىرلا مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئابزاستىكى ھەر بىر ئېغىز سۆز بۇ مەركىزىي مەزمۇننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر بىر قانچە مەزمۇننى مەجبۇرى ھالدا بىر يەرگە قىستاپ قويسا، ئۇ چاغدا ئابزاسنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىنغانلىق بولىدۇ، بۇنداق ئابزاسنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. گاھىدا بىر ئابزاس مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان بىر قانچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ، ئۇلار ئورتاق ھالدا بىر پۈتۈن مەزمۇننى چۈشەندۈرىدۇ، بۇنداق ئابزاسلارنى يەنىلا يالغۇز ياكى ئايرىم ئابزاس دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، يەنە بىر خىل داۋاملاشتۇرىدىغان ئۆتكۈنچى باسقۇچ بار، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئالدى ۋە كەينىدىكى ئىككى ئابزاس بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنداق ئابزاسلار كۆپ ئەمەس. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئۆتكۈنچى ئابزاسلار يەنىلا بىر قاتلام مەزمۇننى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىپ، ياكى ئالدىنقى قىسمىنى يەكۈنلەشكە ئېتىبار بېرىدۇ، ياكى كەينىدىكى مەزمۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا ئېتىبار بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، مەزمۇن مۇكەممەل بولۇش لازىم. ئابزاسنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئابزاسنىڭ مەزمۇننى مۇكەممەل ئىپادىلەش كېرەك، بۇ مەركىزىي مەزمۇننى ئېنىق قىلىپ ئېيتىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئابزاستا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشكە تېگىشلىك مەزمۇننى تېخى سۆزلەپ بولماي تۇرۇپلا، باشقا تەرەپلەرگە چۈشۈپ كەتسە ياكى باشقا ئابزاستىكى مەزمۇننى بۇ ئابزاستا ئېلىپ كىرىپ بايان قىلسا، ئۇ چاغدا كەمتۈكلۈك ياكى قايتىلىنىش، ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق، مۇكەممەل بولماسلىق ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى مۇۋاپىق بولۇش لازىم. بۇ مەزمۇننىڭ كۆپلىكى ياكى ئاددىيلىقىغا قاراپ بولىدۇ، ھەر قايسى ئابزاسلارنىڭ ئاز - كۆپلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ يەنى ئۇزۇن-قىسقا بولسىمۇ بولىدۇ، لېكىن، ئادەتتە ھەم ئۇزۇن بولۇپ كېتىشتىن، ھەم يەنە بەك پارچە بولۇپ كېتىشتىنمۇ ساقلىنىش لازىم. بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا مەزمۇنى قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ، كىتابخانلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار ئاساسىي مەزمۇننى ئاسان تۇتۇۋالالمايدۇ، بەك قىسقا بولۇپ كەتسە، ئابزاس بەك چېچىلاڭغۇ بولۇپ كېتىپ، بىر مەزمۇننى ئېنىق، پۈتۈن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئەكسىچە ماقالە قاتلىمىمۇ ئېنىق بولماي قالىدۇ. بەزىدە ئايرىم قۇرلارنى، مەسىلەن، روماندىكى دىئالوگنى ئادەتتە ئابزاس قاتارىدا كۆرمىسىمۇ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ قانچە پارچە - پۇرات بولۇپ كەتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

## 2. ئۆتكۈنچى ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش

### 1. ئۆتكۈنچى

ئۆتكۈنچى — ئابزاس بىلەن ئابزاس ياكى قاتلام بىلەن قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلانما ياكى ۋاستە. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆتكۈنچى شەكلى ياكى ۋاستىدىن ئۈچ خىلى بار: بىرىنچىسى، باغلىغۇچىلار، مەسىلەن، «شۇڭا»، «ئەمما»، «لېكىن»، «ئومۇمەن» قاتارلىقلار، بۇنداق جۈملىلەر ئادەتتە ئابزاس بېشىغا

ياكى جۈملە بېشىغا قويۇلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆتكۈنچى جۈملە يەنى ئالدى - ئاخىرىنى باغلايدىغان، كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان جۈملە، ئادەتتە، ئالدىنقى ئابزاسنىڭ ئاخىرىغا ياكى كېيىنكى ئابزاسنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئۈچىنچىسى ئۆتكۈنچى ئابزاس، بۇنىڭ رولى ئۆتكۈنچى جۈملە بىلەن ئوخشاش، پەقەتلا ئۇ ئۆزىدە يەنە بىر قەدەر كونكرېت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مەسىلەن، يۇقىرىقى قىسىمدىكى مەزمۇننى ئومۇملاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئەسلىتىدۇ)، گاھىدا ئۆتكۈنچى ئابزاس بىر جۈملىدىنمۇ تەركىب تاپىدۇ، ئۇ چاغدا، بۇنداق ئۆتكۈنچى ئابزاس ئوخشاشلا ئۆتكۈنچى جۈملە بولىدۇ.

ئۆتكۈنچى ۋاستىسىنى قوللانغاندا، ماقالە قاتلاملىرى تېخىمۇ روشەن، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ھىم، مەھكەم بولىدۇ.

قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆتكۈنچى قىلىش كېرەك؟

بىرىنچىدىن، ماقالە مەزمۇنى ئالماشقاندا، ئادەتتە ئۆتكۈنچى ۋاستىسى قوللىنىلىدۇ. بايان خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە دەۋر، ئىشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆتكۈنچى كۆپىنچە بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ بىر خىل ئەسلەتمىسى ياكى بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى يازغاندا، ئۆتكۈنچى ۋاستىلىرى ئادەتتە نۇقتىلىق مەزمۇن ياكى شەرھلەش تەرەپلەردە ئۆزگىرىش بولغاندا قوللىنىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى مەزمۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆپ خىل مۇناسىۋەت، ياكى ئۇلانما، ياكى بۇرالما، ياكى چوڭقۇرلاش، ياكى تولۇقلاش، ياكى سەۋەب - نەتىجە قاتارلىقلار.

ئىككىنچىدىن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرگەندە، ئادەتتە، ئۆتكۈنچى ۋاستىسىنى قوللىنىشقا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. بۇ يەردە بىر قانچە خىل ئەھۋال بار:

لىرىكا، مۇلاھىزە ۋە تەسۋىر، باياندىكى ئۇلانمىدا ئۆتكۈنچى

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدۇ.

قىستۇرما، تولۇقلاپ بايان قىلىش، تەتۈر بايان قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كۆپىنچە ئۆتكۈنچىگە ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتىن كونكرېت بايانغا ئۆتكەندە يەنە ئۆتكۈنچىگە ئېھتىياج تۇغۇلۇشىمۇ مۇمكىن.

مۇلاھىزە ماقالىلىرىدە، ئومۇمىي مۇلاھىزىدىن تارماق مۇلاھىزىگىچە، تارماق مۇلاھىزىدىن ئومۇمىي مۇلاھىزىگىچە، ياكى بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى شەرھلەشتىن يەنە بىر مەسىلىنى شەرھلەشكە ئۆتكەندە، بەلكى ھەممىسىگە ئۆتكۈنچى ئېھتىياجلىق.

2. مۇۋاپىقلاشتۇرۇش

ئاممىباپراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش — ئالدىدا ئېيتىلغانغا ئارقىسىدىكىسى ماسلاشتۇرۇلىدۇ دېگەنلىك. مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتا ئۆتكۈنچىگە ئوخشاش ئايرىم سۆز، جۈملە ياكى ئابزاس قۇرۇلمىسى بولمايدۇ، بەلكى، چوقۇم ئالدى - ئاخىرى ئۆزئارا ماسلاشقان سۆزلەر ياكى ئابزاس قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدا دائىم بىشارەت ئالدىدا، ئاشكارىلاش كەينىدە، ئىزھار ئالدىدا، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كەينىدە بولىدۇ.

مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئورۇنلۇق ھەم ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ئەسەر راۋان بولۇپلا قالماستىن، ئۇسلۇبىمۇ جانلىق بولىدۇ ھەمدە ماقالىدىكى بەزى ھالقىلىق مەزمۇنلار تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، شۇنىڭدەك كىتابخانلارغا چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ.

كۆپ ئۇچرايدىغان مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1) باشلىنىش ۋە ئاياغلىشىش ئۆزئارا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلىدۇ. باش - ئاخىرىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ماقالە قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىدىغان، ئاساسىي نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەڭ ئومۇملاشقان قۇرۇلما ۋاستىسى. بەزىدە

باش - ئاخىرىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش بىر خىل مول ھېسسىياتنى چىقىرىش ياكى بىر خىل بەلگىلىك مۇھىتنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ماقالە يازغاندا باش - ئاخىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئەلۋەتتە كۆپلىگەن ياخشى تەرەپلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ۋاسىتىنى ئاددىيلاشتۇرىۋەتسە، فورماللاشتۇرىۋەتسە ياكى قالايمىقان ئىشلەتسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆپىنچە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش پەقەت خەت يۈزىدىلا تەكرارلانسا، ئەگەر ئالاھىدە ئېھتىياج بولمىسا (مەسىلەن، شېئىرنىڭ قائىدىسى قاتارلىقلار)، ئۇ چاغدا ئۇ ھېچقانداق مەزمۇنغا ئىگە بولمايدۇ.

2) ئاساسىي قىسىم بىلەن ماۋزۇنى ئۆزئارا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك.

ماقالە يازغاندا گاھىدا تېمىنى تولۇقلاش كېرەك، تولۇقلانغان تېما كۆپىنچە ماقالىنىڭ «كۆزى» بولىدۇ، ئۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى «سەنئەتلىك»، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئەكىتلەپ چىقالايدۇ ھەم كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ۋە ئوي - پىكرىنى قوزغىيالايدۇ. بەزىدە تېمىنى يەنە يېشىش لازىم، بولۇپمۇ بەزى ماۋزۇسى تۇتۇق ماقالە ۋە ئەسەرلەر شۇنداق. بۇ ئىككى ئىشنى ئىشلەش ئۈچۈن، قۇرۇلما جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەممىسىدە ئاساسىي قىسىم بىلەن ماۋزۇنى ئۆزئارا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋاسىتىسىنى قوللىنىش لازىم.

3) ماقالە يازغاندا ئۆزئارا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇخىل مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى، ئالدىنقى قىسىمدا جىددى ۋەقە بولۇپ، ئاخىرقى قىسىمدا جاۋاب ياكى ئاشكارىلاش بولىدۇ. جىددى ۋەقە بىئاراملىق، تەشۋىش كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ، بۇ پەقەت بىر خىل بىشارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇلار كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشتەك ئۇنۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. ئارقىسىدىكى ئاشكارىلاش ۋە جىددىيلىكنى روشەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ، تەقەززالىقنى قاندۇرۇپ، تەشۋىشنى جاۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا قۇرۇلما تېخىمۇ پۇختا ھەم تىراگېدىيىلىك بولىدۇ.

مۇۋاپىقلاشتۇرۇش بولسا قۇرۇلمىسى ھەم ھەم جانلىق بولغان مۇھىم ۋاستە. بۇ خىل ۋاستىنى قوللانغاندا ئىككى خىل زىددىيەت پەيدا بولىدۇ: بىرى ئالدى ـ ئاخىرى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلـ ماسلىق ياكى ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان نەرسە، ئاخىرىدا تاشلاپ قويۇلۇپ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق، نەتىجىدە باياندا كەمتۈكلۈك پەيدا بولۇش، ياكى ئەقلىي خۇلاسە قىلغاندا لوگىكىلىقى كۈچلۈك بولماسلىق؛ يەنە بىرى، ياسالمىلىقى چېنىپ قېلىش، يوشۇرۇن بىرى بەك روشەن بولۇپ كېتىش، تەبىئىيلىك كەمچىل بولۇش قاتارلىقلار. شۇڭا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋاستىسىنى يۈزەكى ئىشلىتىش ئانچە تەس ئەمەس، مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى مول ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە قۇرۇلما سەنئىتى قىلىش ئۈچۈن، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىش ھەم ئەستايىدىللىق بىلەن ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش كېرەك.

## 3. باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش

### 1. باشلىنىش

باشلىنىش دېگەن سۆز، بىز دائىم ئېيتىدىغان ماقالىنىڭ باشلىنىشى (رومان، تىياتىر ۋەقەلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن بىر گەپ ئەمەس) — ئاپتور سۆزىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

«ھەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى تەس» دەيدىغان گەپ بار، يەنە «ياخشى باشلىنىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن گەپمۇ بار، بىر ياخشى باشلىنىش بولسا كېيىنكى ئىشنى قىلىش ئاسانغا

توختايدۇ. ماقالە يېزىشتىمۇ شۇنداق. شۇڭا تەجرىبىسى بار ئاپتورلار ماقالە ياكى ئەسەرلەرنى لايىھىلەشكە ئەزەلدىن بەك ئېتىبار بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لېۋ. تولستوينىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تىرىلىش» نىڭ باشلىنىشى ئۇزۇن مۇددەت ئويلىنىش ۋە كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاندىن بېكىتىلگەن.

ياخشى باشلىنىش تۆۋەندىكىدەك روللارنى ئوينايدۇ:

بىرىنچى، باش تېمىنى ئىپادىلەش ۋە ئاپتورنىڭ باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوي - پىكرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

تەربىيە كۆرگەن ھەر قانداق بىر ئاپتور، ماقالىنىڭ باشلىنىشىنى لايىھىلىگەندە، باش تېمىنى ئىپادىلەش مۇددىئاسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلماي قالمايدۇ. باش تېمىنى ئىپادىلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بەزى ئەدەبىي ژانىرلاردا، مەسىلەن، مۇلاھىزە ماقالىلىرىدە، كۆپىنچە ھاللاردا ئاساسىي كۆز قاراشنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن بۇ كۆز قاراش ئۈستىدە قەدەممۇ قەدەم ئىسپاتلاش ئېلىپ بارىدۇ. بەزى ئەدەبىي ژانىرلاردا، مەسىلەن، بايان ماقالىلىرى قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە باشلىنىشتا، باش تېمىغا بىۋاستە، ئېنىق قىلىپ تەگمەيدۇ، لېكىن چوقۇم باش تېمىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىدۇ.

بىر باغنىڭ ئىشىكى ساياھەتچىلەرنى قىزىقتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ، ئەگەر ئىشىك ناھايىتى نەپىس ياسالغان ۋە خاسلىققا ئىگە بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئادەتتىكىدەك، ناھايىتى كۆرۈمسىز بولۇپ قالسا، كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىردىنلا

www.uyghurkitap.com

سۈۋىتىۋېتىدۇ. ماقالىنىڭ باشلىنىشىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاجايىپ باشلىنىشنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئاپتورنىڭ ماقالە مەزمۇنىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى ياكى جەۋھىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇشىدىن سىرت، يەنە كىتابخانلارنىڭ پسىخىكىلىق قوبۇل قىلىش ئادىتى ۋە قانۇنىيىتىگە ئەپچىل ماسلىشىشى ھەم يېتەرلىك ئويلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ماقالىنى قانداق باشلاش كېرەك؟

ماقالىنىڭ باشلىنىشى، ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغان بىرلا خىل نۇسخا ئەمەس، لېكىن، قانداق باشلاشتىن قەتئىينەزەر، ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ماقالە باش تېمىسىنى راۋان قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويۇش كېرەك، ئادەتتىكى مۇلاھىزە ماقالىلىرىدە، كۆپ ئۇچرايدىغان باشلىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1) توغرىدىن - توغرا ئېيتىش، يەنى ماقالىنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش.

2) بايان قىلىش ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش.

3) يېزىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى ياكى مۇددىئاسىنى مەلۇم قىلىش.

4) ئەگرى يول بىلەن تېمىغا كىرىش. ماقالىنىڭ باشلىنىشى قارىماققا مۇنازىرە مەركىزىدىن يىراقلاپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە، مەلۇم ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتكە ئىگە، بۇ خىل باشلىنىش فېليەتون خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

بايان خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنىڭ باشلىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1) ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سەۋەبنى چۈشەندۈرۈش.

2) كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەش، بەزى ئىشلارنى خاتىرلەشنى ئاساس قىلىدىغان ماقالىلەر دائىم مەلۇم كونكرېت كۆرۈنۈشنى يۈزەكى ھالدا كىتابخانلارغا جانلىق، ئوبرازلىق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

3) شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش، بۇ خىل ئادەم يېزىشنى ئاساس قىلغان بايان ماقالىلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باشلاش ئۇسۇلى ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش ياكى چۈشەنچىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

2. ئاخىرلىشىش

ئاخىرلىشىش باشلىنىش بىلەن ئوخشاشلا مۇھىم، بىر ياخشى ئاياغلىشىش پۈتۈن ماقالىنىڭ قۇرۇلما گۈزەللىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

بىر ئىش قىلغاندا باش - ئاخىرىنىڭ تايىنى يوق بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، ماقالە يېزىشتىمۇ شۇنداق، بېشى ناھايىتى جانلىق يېزىلىپ، ئاخىرى بارغانسېرى بوشۇشۇپ كەتسە، بۇنداق قۇرۇلما كىشىگە ئىختىيارسىز ھالدا بىر نېمىسى كەم بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەكسىچە، بىر جانلىق، كۈچلۈك بولغان، ئويلىمىسىمۇ خىيالىغا كېلىپ قالىدىغان ئاياغلىشىش پۈتۈن ماقالىغا ھۆسن قوشىدۇ، مەزمۇنىمۇ تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.

ياخشى ئاخىرلىشىشنىڭ مۇنداق رولى بار:

بىرىنچى، پۈتۈن ماقالىنى كونترول قىلالايدۇ.

بۇ خىل ئاخىرلىشىشتا، ماقالىنى مۇۋاپىق يەرگىچە يازغاندىن كېيىن، ئۇنى توختىتىۋېلىش كېرەك، بۇ خۇددى «چېپىۋاتقان ئاتنى توختىتىش» قا ئوخشاش، ئىشقىلىپ ھەر خىل چارىلارنى قوللىنىپ، ماقالە مەزمۇنىنى تاۋلاش، پىششىقلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، بىر روشەن ئۇقۇم ياكى تەسىر قالدۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، كىشىدە ئەسلىمە پەيدا قىلىدۇ.

ئاخىرلىشىش ماقالىنىڭ توختايدىغان يېرى، لېكىن، ئاخىرلىشىش ھەممىدىن بەك قورقىدىغان يەر، راستىنلا تۈگەپ قېلىشتۇر. بۇ، ئاخىرلىشىشنىڭ رولى ئاپتورنىڭ كىتابخانلار ئۈچۈن يەكۈن چىقىرىپ بېرىشىلا بولماستىن، بەلكى يەنە كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدىغان، ماقالىنى ئورتاق تەكشۈرىدىغان ئاساسىي مەقسەتتۇر دېگەندىن ئىبارەت.

قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك؟

ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ ئەلۋەتتە مۇقىم قائىدىسى يوق، ئاساسلىقى ئۇنىڭدا ماقالە مەزمۇنىنىڭ تەبىئىيلىكىگە ئەگىشىش ھەم ماقالىنىڭ مەنىسى ۋە كۈچىنى كۈچەيتىش لازىم. بىز بۇ يەردە كۆپ ئۇچرايدىغان مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ماقالە ۋە بايان خاراكتېرلىك ماقالىنىڭ ئاخىرلىشىش ئۇسۇلىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئاساسلىق ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى:

1) نۇقتىئىنەزەرنى خۇلاسىلەش ياكى قايتا تەكىتلەش

بەزى ماقالىلەرنىڭ مەركىزىي كۆز قارىشى باشلىنىش قىسمىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىدۇ، ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئاخىرقى قىسمىدا يەنە تەكىتلەپ قويۇلىدۇ. نۇقتىئىنەزەرنى خۇلاسىلەش بولسا، ئالدىدا پەقەت سوئالنىلا قويۇپ، نۇقتىئىنەزەرنى ئېنىق ئاچمايدۇ، ئاخىرلىشىش قىسمىغا كەلگەندە، ئاندىن ئېرىققا سۇ كەلگەندەك پۈتۈن ماقالىنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

2) ئۈمىتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە چاقىرىق قىلىش

بەزى مۇلاھىزە ماقالىلىرى بىر تەرەپتىن تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن خۇلاسىلەيدۇ. ئاپتورنىڭ كىتابخانلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ئېنىق

ئىپادىلىنىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئاياغلىشىشتىكى ئارزۇ ۋە چاقىرىقتا، ئاپتور ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭىلىق بولۇشى لازىم. ئەگەر قۇرۇق شوئارۋازلىق قىلىنسا، ئەكسىچە ئاخىرلىشىش قىسمى قۇرۇق ۋە ئارتۇقچە بولۇپ قالىدۇ.

3) ئوبرازلىق ئاخىرلىشىشى كېرەك

بۇ بىر خىل تەسۋىرى تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — مەنىسى يوشۇرۇن ھەم تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

بەزى مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە يالغۇز ئاخىرلىشىش بولمايدۇ، بايان قىلىنىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالىدۇ، بۇ خىل ئاخىرلىشىش ئۇسۇلى ئاددىي، كەسكىن بولىدۇ، ھەرگىز ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويمايدۇ.

بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر مەيلى ئادەم ياكى ئىشنى يازسۇن، ئومۇمەن، جەرياننىڭ راۋاجىنى يىپ ئۇچى قىلىدۇ، ياكى بىر يىپ ئۇچىنى ئاخىرىغا قەدەر ئىپادىلەيدۇ ۋە ياكى بىر قانچە يىپ ئۇچىنى ئۆزئارا ئۇلاپ ياكى ئۆتۈشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. مەزمۇنى ھەر خىل بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىمۇ رەڭمۇ رەڭ بولىدۇ، ئەسەرنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يىغىنچاقلىغىلى تەس بولىدۇ، ئادەتتە، ئۇنىڭدا ئاساسلىق ئىككى خىل يول بار:

بىرى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئاخىرلىشىش. بۇ خىل ئاخىرلىشىش، خاتىرلىگەن جەرياننىڭ تەبىئىي تۈگىشى بولۇپ، بۇ ئەڭ ئاددىي بولغان بىر خىل ئۇسۇل. ئالايلۇق، يۈلىئۇس. فۇچىك «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز» نى تۆۋەندىكىدەك ئاخىرلاشتۇرغان: «مېنىڭ ئويۇنۇم ئاياغلىشىپ كېلىدۇ. مەن ئاخىرىنى يېزىپ ئۈلگۈرەلمىدىم. ئاخىرى نېمە بولۇشىنى مەن بىلمەيمەن، بۇ ئويۇن ئەمەس، بۇ ھاياتنىڭ ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاياتتا تاماشىچىلار بولمايدۇ.
پەردە كۆتىرىلمەكتە.
كىشىلەر، مەن سىزلەرنى ياخشى كۆرەتتىم! ھوشيار بولۇڭلار!»

يەنە بىرى، لىرىكا ياكى مۇنازىرە بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش. بۇ خىل ئاخىرلاشتۇرۇش تېخىمۇ سۇبيېكتىپ تۇسكە ئىگە. مەسىلەن، م. گوركىي «ئا. پ. چېخوپ» ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرغان: «چېخوپ توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى يېزىش مۇمكىن، لېكىن، ناھايىتى ئىخچام ۋە ئېنىق قىلىپ يېزىش كېرەك، مەن بۇنداق يېزىشنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ھەققىدە ئۇ ئۆزى يازغان (چۆل) گە ئوخشۇتۇپ يازسا، ياخشى بولاتتى، (چۆل) يېنىك، خۇشپۇراق، رۇسچە مۇڭلۇق ھېكايە، ئۆزى ئۈچۈن يېزىلغان ھېكايە.

— بۇنداق ئادەمنى ئەسلەش قانداق ياخشى، كىشىنىڭ ھاياتىغا دەررۇلا تېتىكلىك كىرىدۇ، روشەن مەزمۇن بېغىشلىنىدۇ.

ئادەم — دۇنيانىڭ ئۇلى.

ھە، ئادەمنىڭ يامان قىلمىقلىرى، كەمچىلىكلىرىچۇ؟ دېيىشەر. بىز ھەممىمىز ئىنسانغا مۇھەببەت قويۇشقا مۇھتاجمىز، مەلۇمغۇ - مۇھتاجلىقتا خام نانمۇ شىرىن تېتىيدۇ»

يېزىقچىلىقتا مۇقىم قائىدە يوق، باشلىنىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشنىمۇ شۇنداق، بىز بۇ يەردە تونۇشتۇرغان بەزى كۆپ ئۇچرايدىغان باشلىنىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى سۆزلەشتىكى مەقسەت، بەزىبىر پايدىلىنىشلاردا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈندۇر، بۇ ھەرگىز ئاپتورنى چۈشەپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس. شۇڭا، ئاپتور ماقالىنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، ژانىرى ۋە كىتابلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن،

كۆچىنىڭ بىرىچە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت كۆچىنى جارى قىلدۇرۇپ، خاسلىقى مول بولغان باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشنى كۆپ قوللىنىپ، قۇرۇلمىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

## § 5. قۇرۇلمىنىڭ تۈرى

ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى شەكىلگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما تېمىسى ئوخشاش بولغان ياكى يېقىنراق بولغان ماقالىنىڭ قۇرۇلما ئىدېئولوگىيىسى ھەقىقەتەن ئورتاق مەۋجۇت، بۇ ئورتاقلىقنى تەتقىق قىلىپ، خۇلاسىلىساق، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان بىر قانچە قۇرۇلما تۈرلىرىنى يىغىنچاقلىيالايمىز. دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەنلەر ئۇلارنى ئۆرنەك، شەكىل دەپ قارىمىسا، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ماقالىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا پايدىلىنىدىغان يول تېپىپ، ئەگرى يولنى ئازراق باسىدۇ.

### 1. بايان تۈرى

بۇ بىر خىل كونكرېت سەۋەب - نەتىجە تۈرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، شەيئىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە راۋاجلىنىشى ئارقىلىق تەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلمىنى ئورنىتىدۇ. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ماكان - زاماننى يىپ ئۇچى قىلىپ، ئۇنى كونكرېت باياندا گەۋدىلەندۈرىدۇ. بايان تۈرى يەنە نورمال ماكان - زامان ۋە نورمالسىز ماكان - زامان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1) نورمال ماكان - زامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نورمال ماكان - زاماننىڭ ئاساسىي تەلىپى — شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي ماكان - زامان تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىر جەريان دائىم باشلىنىش، راۋاجلىنىش، بۇرۇلۇش، ئاياغلىشىش قاتارلىق باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەسەر يېزىش يولى ئادەتتە مۇشۇ باسقۇچ بىلەن بولىدۇ، بۇ، نورمال ماكان - زامان قۇرۇلما تەرتىپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. نورمال ماكان - زامان قۇرۇلمىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، باياندا يىپ ئۇچى ئاددىي، روشەن، راۋان بولۇپ ئەنئەنىۋى ئوقۇش ئادىتىگە ماس كېلىدۇ، كەمچىلىكى بولسا، ئۆزگىرىشى بىر قەدەر ئاز بولىدۇ، مەسىلەن، خاتىرىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ھېكايىچانلىقى كۈچلۈك بولمايدۇ، ياكى ئاپتور جانلىق ھالدا قەلەم تەۋرىتەلمەيدۇ، بۇنداق بولسا ئاسانلا ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىۋېتىدۇ.

بۇ خىلدىكى قۇرۇلما ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەرگىز بىر ھالقا - بىر ھالقا بىلەن ئۇلۇشۇپ مېڭىشنى، بىر باسقۇچ - بىر باسقۇچ ھالدا تۈز بايان قىلىشنى تەلەپ قىلماسلىق، بەلكى كۆپىنچە تۈتاشتۇرما، قايتۇرما بايان قاتارلىق قۇرۇلما ۋاستىسى ئارقىلىق، پۈتۈن باياندا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولغانلىقىنى نامايان قىلىش كېرەك.

. بەزى ماقالىلەرنىڭ قىسمەن قۇرۇلمىسىدا ماكان - زامان ئالمىشىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، چېخوپ «غىلاپ بەندىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ باشلىنىشىدىلا، ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بىلىكوپ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆلگىنىنى يازىدۇ، لېكىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا نورمال ماكان-زامان تەرتىپى بويىچە ياكى پېرسوناژ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى بويىچە داۋاملىشىدۇ، بۇنداق قۇرۇلما يەنىلا نورمال قۇرۇلما دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يەنە بەزى بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە، بىر قانچە

كىچىك ماۋزۇ قويۇلۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزىلەر بۇنى مەسىلە قۇرۇلما ماقالىسى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئوخشاشلا نورمال ماكان-زاماندۇر.

2) نورمالسىز ماكان - زامان

بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — پارچە - پۇرات ماكان - زاماننى پەيدا قىلىدۇ، بۇ، كونكرېت سەۋەب - نەتىجىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئىچكى مەزمۇنى مول بولىدۇ، چەكلىك ھەجىم ئىچىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ مەزمۇننى سىغدۇرىدۇ، پېرسوناژنىڭ قەلب ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە رېئال مەزمۇن بىلەن تارىخىي مەزمۇننىڭ بىر - بىرىگە سىڭىشىشىگە قولايلىق يارىتىدۇ، قۇرۇلما ئىدېئولوگىيىسى جانلىق، ھەرگىز ئۆلۈك بولمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. يېتەرسىزلىكى — يىپ ئۇچى قالايمىقان، سەكرەش كۆپ بولىدۇ، بۇ تۈردىكى ماقالىلەرنى كىتابخانلار ئاسان ئىگىلىيەلمەيدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما ئۇسۇلىنىڭ زامانىۋى تۈسى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنىۋى بايان قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن بىر خىل جەڭ ئېلان قىلىش ۋە بۆسۈپ ئۆتۈش ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان رومان ياكى دراما ئىجادىيىتىدە، بۇ خىل قۇرۇلما ئۇسۇلىنى قوللىنىش يۈزلىنىشى ناھايىتى روشەن، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ خىل قۇرۇلما بەزى دوكلات ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ياكى نەسرى ئەسەرلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ھەر خىل نورمالسىز قۇرۇلمىلارنىڭ ئۇزلۇكسىز مەيدانغا چىقىشى، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىنىڭ قۇرۇلمىدا كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ئاپتورنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بولغان ئالاھىدە دىققىتىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ، ئۇنى ھەرگىز ماقالىنىڭ شەكلى جەھەتتە يېڭىلىق ۋە خاسلىق

www.uyghurkitap.com

ياراتمىقچى دەپ بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا چۈشىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. دەسلەپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەنلەر بۇ خىل قۇرۇلمىنى سىناپ ئىشلەتكەندە، كۆز قاراشنى ئېنىقلاش كېرەك.

## 2. ئىسپاتلاش تۈرى

بايان تۈرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنى ئابستراكت (ياكى لوگىكا) سەۋەب - نەتىجە تۈرى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئۇقۇمنىڭ ئىچكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى قىلىشتىن ئىبارەت.

1) ئومۇمىي ئايرىش ئۇسۇلى

بۇنىڭدا ئالدىدا ئومۇمىي نەزەرىيە، ئارقىدا تارماق نەزەرىيە بولىدۇ. ئومۇمىي ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئورۇنلاشتۇرۇلىشى پۇختا، قاتلاملىرى ئېنىق ئايرىلغان ھەم كىتابخانلارنىڭ ماقالە نۇقتىئىنەزەرىنى ئىگىلىشىگە قولاي بولىدۇ، شۇنداقلا يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقۇچىلارنىڭ يېزىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىشىگە ئەپچىل بولىدۇ. ئەگەر ياخشى ئىشلىتىلمىسە ئاسانلا ئۆلۈك، مۇقىملىشىپ قالغان ئەندىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

2) بىر قاتاردا قويۇش ئۇسۇلى

بۇ خىل قۇرۇلما ئۇسۇلى بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ، ماقالىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئومۇمىي نەزەرىيە يوق بولغان بولىدۇ، پۈتۈن ماقالىدە پەقەت ئاددىيلا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە سۆزلىنىدۇ. ئايرىم تارماق نۇقتىئىنەزەرلەرمۇ ھەر قايسى قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىر قاتاردا قويۇش ئۇسۇلىدا، ئارتۇقچە چۈشەنچىسىنى قىسقارتىۋەتسە ماقالە ناھايىتى تەبىئىي بولىدۇ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ھەرقايسى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئىچكى مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك، ھەرگىز

ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەرنى تىزىۋېلىشقا بولمايدۇ.

### 3) تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلى

بۇ خىل قۇرۇلما ئۇسۇلىدىمۇ كۆپىنچە ئومۇملۇق ۋە تارماقلىق بار بولىدۇ، مۇھىم نۇقتىسى — ھەر قايسى تارماق قىسىملارنىڭ مۇناسىۋىتى ئوخشاش ماڭمايدۇ، بەلكى قاتلاممۇ - قاتلام چوڭقۇرلاپ، ماقالە مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تەدرىجىي ئىلگىرىلىتىدۇ.

تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنىڭ قۇرۇلمىسى شەيئىلەر ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال، چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ، دەلىل تېپىدىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما ئۇسۇلى. تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى: شەيئىلەر ياكى مەسىلىلەرگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشەنچ بولۇشى ياكى چوڭقۇر تەتقىقات، چۈشەنچە بولۇشى لازىم.

يۇقىرىقى بىرنەچچە خىل قۇرۇلما ئۇسۇلىنى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ پەرقى ئۆزئارا نىسپىي، ھەرگىز مۇتلەق ئەمەس. ھەر قايسى ئۇسۇللاردا قىسمەن تەرەپلەردە ئېھتىمال ئومۇملۇق ياكى تارماقلىق بولۇشى مۇمكىن. بىر قاتاردا قويۇش ئۇسۇلىدىكى ھەر بىر تارماق نۇقتىئىنەزەرلەردىنمۇ كۆپ ھاللاردا مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرىش لازىم، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىدا بولسا، بەزى قاتلاملارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى بەلكىم بىر قاتاردا بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھەر خىل ماقالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئەلۋەتتە نىسپىي بولىدۇ. قۇرۇلما تۈرلىرىنى ھەممىگە قادىر فورمۇلا قىلىۋېلىپ، ئۆلۈك ھالدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 3. چۈشەندۈرۈش تۈرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداقچە ئېيتقاندا، چۈشەندۈرۈش تۈرى — شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان رەت تەرتىپىگە نىسبەتەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان قۇرۇلما تۈرى.

شەيئىلەر گەرچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن پەقەت ئەستايىدىل كۆزىتىش ئېلىپ بارساقلا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ رەت تەرتىپىنى چوقۇم ئېنىق تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئوخشاشمىغان شەيئىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان رەت تەرتىپى بولىدۇ، بۇ چۈشەندۈرۈش تۈرىدىكى قۇرۇلما ئۇسۇلىنى كۆپ خىل قىلىشتىكى ئوبيېكتىپ ئاساس. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

بىرىنچى، شەيئىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئىككىنچى، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئۈچىنچى، شەيئىلەرنىڭ رولىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش.

تۆتىنچى، شەيئىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش.

بەشىنچى، شەيئىلەرنىڭ تەرتىپىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش.

## 4. ئۇنىۋېرسال تۈر

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بىر قانچە خىل تۈرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۇنىۋېرسال تۈر بولىدۇ. ئۇنىۋېرسال تۈر كۆپىنچە بىر خىل قۇرۇلما تۈرىنى ئاساس قىلىدۇ ھەم باشقا تۈردىكى ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرى:

ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنى يىپ ئۈچى قىلىپ، ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەپ، يەنە ماكان ـ زامانىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان بايان ياكى تەسۋىر ئارقىلىق ئۇقۇم، مۇلاھىزە قاتارلىق تارماق قۇرۇلمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مۇنازىرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەيدۇ، يەنە قىسمەن لىرىكا ۋە بايانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باياننى مەركىزىي يىپ ئۇچى قىلىپ، ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە لىرىكا ۋە مۇنازىرە بولىدۇ. بۇ ئادەم ۋە ئىشلارنى، نەسىرنى يېزىشتا قوللىنىلىدىغان قۇرۇلما ئۇسۇلى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

2. قۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي تەلىپى قايسىلار؟

3. قۇرۇلمىنىڭ پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

4. قاتلام ۋە ئابزاس دېگەن نېمە؟

5. ئابزاسقا ئورۇنلاشتۇرغاندا قايسى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش لازىم؟

6. ياخشى باشلىنىش قانداق روللارنى ئۆتەيدۇ؟

7. ياخشى ئاخىرلىشىشنىڭ رولى نېمە؟

8. قۇرۇلمىنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# IV باب ماقالىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى

ماقالىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، باش تېما ۋە ماتېرىيال مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ماقالە شەكلىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، ماقالە مەزمۇنى مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ماقالىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ۋاسىتىسى. ئاپتور ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، باش تېمىنى ئىپادىلەش تەلىپىگە ئاساسەن، مەزمۇن بەلگىلىگەن شەكىل پرىنسىپلىرى بويىچە، ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، تەرەققىيات جەريانى، پېرسوناژلارنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندا، بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ؛ مەنزىرە، تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەسۋىرلىگەندە، پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقاندا، تەسۋىر ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ؛ پاكىت كۆرسەتكەندە، داۋلىي سۆزلىگەندە، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئانالىز قىلغاندا، ماھىيەت ۋە قانۇنىيەت، توغرا كۆز قاراشنى ئىسپاتلىغاندا، خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرگە رەددىيە بەرگەندە، مۇھاكىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ؛ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ھالىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى، شەكىللىنىش سەۋەبىنى، ئىشلىتىلىشىنى تونۇشتۇرغاندا چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ؛ ئاپتور ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە نىسبەتەن

مۇھەببەت-نەپرەت ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغاندا لىرىكا ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

تۆۋەندە بىر قانچە خىل ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى كونكرېت تونۇشتۇرىمىز.

## § 1. بايان

بايان خاتىرىلەشكە قارىتىلغان بولۇپ، پېرسوناژ ھەرىكىتى ھەم ۋەقەنىڭ جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، پېرسوناژ ھەم ۋەقەنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئېنىق تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ بايان - تەسۋىرى ماقالىلىرىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش شەكلىدۇر.

باياندا شەخسنى بايان قىلىش، بايانىنىڭ مۇھىم ئامىلى، بايانىنىڭ يىپ ئۇچى ھەمدە بايانىنىڭ تەرتىپى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

### 1. باياندىكى شەخس

باياندىكى شەخس ئاپتورنىڭ ۋەقەنى بايان قىلىشىغا، يەنى بايان قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتىگە قارىتىلغان. باياندىكى شەخس ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى بىرىنچى شەخس ھەم ئۇچىنچى شەخس.

بىرىنچى شەخس بىۋاستە بايان قىلىشنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدۇر. ئۇ «مەن» دېگەن سالاھىيەت بىلەن سۆز قىلىپ، «مەن» ئۇچۇن ۋەقەنى بايان قىلىدۇ، بىۋاستە «مەن» دەپ بايان قىلىش كۆرگەن، ئاڭلىغان، تەسىرلەنگەن ئىشلىرى ئاساسىدا بولۇپ، خۇددى كىتابخانلارغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «تاڭغىي

www.uyghurkitap.com

سار» سەرلەۋھىلىك لىرىك نەسرى مۇنداق باشلىنىدۇ:

«ئېسىمدە مېنىڭ:

— ئورمىچى بولىدۇ بۇ، ئورغاقنى ياخشى سالىدۇ! - دەپ مېنىڭ كۆڭلۇمنى كۆتىرىپ، مېنى ئورمىغا تېخىمۇ ئاشىق قىلىپ، ئاتامنىڭ ماختىغانلىرى.

ئېسىمدە مېنىڭ:

— قاچان ياز بولىدۇ، ئاپا، قاچان ئورمىغا چىقىدىغان ۋاقىتلار كېلەر، دادا؟ - دەپ قىشنىڭ ئاچچىق ھەم زەھەرلىك سوغ تۈنلىرىدە دادام تاغدىن قايتقاندا، مانتىدا ئوت سۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قىشتىن زارلاپ، يازنى — ئورمىنى سېغىنىپ ئاپامدىن، دادامدىن سورىغانلىرىم. . .»①

بۇنداق بىرىنچى شەخستە يېزىلغان ماقالە - ئەسەرلەردىكى «مەن» نىڭ بەزىلىرى ئاپتورنىڭ ئۆزى، بەزىلىرى ئۇنداق ئەمەس. ئۇنى بەلكى ئاپتور.بايان قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ھەمدە باش تېمىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن، ئەسەردىكى مەلۇم پېرسوناژنىڭ تەلەپپۇزى ھەمدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئارقىلىق ۋەقەنى بايان قىلىش، پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا قوللىنىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، نەسىردىكى بىرىنچى شەخس «مەن» ئاپتورنىڭ ئۆزى، ھېكايىدىكى بىرىنچى شەخس «مەن» ئاپتورنىڭ ئۆزى ئەمەس.

ئۈچىنچى شەخس بىرىنچى شەخس بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ «مەن» دېگەن سالاھىيەت بىلەن بىۋاستە بايان ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى غەيرى بىر ئادەمنىڭ سالاھىيىتى بىلەن، ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا بايان ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى چىڭگىز ئايتماتوۋ «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرىدە ئۈچىنچى شەخستىكى بايان ئۇسۇلىنى قوللانغان:

---

① «ئۆمەر مۇھەممەدى» ئالما-ئاتا، 1958 - يىل. ئۇيغۇرچە نەشرى، 81 - بەت.

«ئۇنىڭ ئىككى ھېكايىسى بار، بىرى ئۆزىنىڭكى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. يەنە بىرى بۇۋىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە، كېيىن، بۇ ئىككى ھېكايە ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. نېمە ئۈچۈن؟ بىزنىڭ سۆزلەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ.

بۇ بالا بۇ يىل 7 ياشقا كىردى، قوساق يېشى بويىچە ھېسابلىغاندا 8 ياشقا كىردى.

دەسلەپتە بىر سومكا سېتىۋالدى. بۇ بېغىنىڭ ئاستىدا پارقىراپ تۇرىدىغان مېتال قۇلۇپى بار، سونئىي خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن سومكا ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچەرەك لېكىن يەنە مەكتەپكە بارغاندا ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئاددىي سومكا ئىدى. ۋەقەنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.»[1]

بىرىنچى شەخس بىلەن ئۈچىنچى شەخسنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە چەكلىمىلىكىمۇ بار. بىرىنچى شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، مۇشتىرىلارغا ھەقىقىي يېقىنلىق ھېسسىيات بېرىدۇ، بىۋاسىتە ھېسسىياتنى قوزغايدۇ، مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ چەكلىمىلىكى شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، ئاپتور بايان قىلغان پېرسوناژ ھەم ۋەقەلىك «مەن» نىڭ كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرى ھەم كەچمىشلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، باشقا ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە يېزىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنىڭ مەلۇم ئەھۋاللىرىنى يېزىشتا ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن، «مەن» ئارقىلىق «مەن»نىڭ پورترېتىنى تونۇشتۇرالمايدۇ. ئۈچىنچى شەخس بىرىنچى شەخسكە ئوخشاش ئۇنداق يېقىنلىق تۇيغۇ بېرەلمىسىمۇ، شۇنداقلا، بىرىنچى شەخسكە ئوخشاش ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئۇنداق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن

---

① چىڭگىز ئايتماتوۋ: «ئاق پاراخوت» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ماتېرىيال تاللاشتا بىرىنچى شەخسكە ئوخشاش «مەن» نىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى دائىرىسىدە چەكلەنمەيدۇ، بەلكى كەڭ ماكان-زامان ئىچىدە پېرسوناژ ھەم ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كۆرەشنى ئىپادىلەيدۇ.

شەخس مەسىلىسىدە ئاساسىي تەلەپ شۇكى، چوقۇم بىرلىككە كەلگەن بولۇش، مالىماتاڭ بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، بىر پارچە ماقالىدە بىر شەخس قوللىنىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، بىرىنچى شەخس بىلەن ئۈچىنچى شەخسنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، لۇشۇننىڭ «بەخت تىلەش» ھېكايىسىدە، باش قىسمى ۋە ئاخىرىسىدا بىرىنچى شەخس قوللىنىلغان. ئوتتۇرىسىدا ئۈچىنچى شەخس قوللىنىلغان. لېكىن، شەخس ئالمىشىش ۋاقتىدا، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشنى ئېنىق تاپشۇرۇش كېرەك.

## 2. بايانىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى

باياندا ۋاقىت، ئورۇن، پېرسوناژ، ۋەقە، سەۋەب، نەتىجىدىن ئىبارەت ئالتە مۇھىم ئامىل بار. بايان ئېلىپ بارغاندا قايسى ۋاقىت، قايسى ئورۇن، قايسى ئادەم، قايسى ئىش قاتارلىق ۋەقەنىڭ سەۋەبى ھەم نەتىجىسى بىر - بىرىدىن ئېنىق يېزىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا كىتابخانلار ئېنىق، مۇكەممەل تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدۇ، تومتاقلىق، باش-ئاخىرى يوقلۇق ھېس قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە ھەر قانداق بايان - تەسۋىرى ماقالىسىنى يازغاندا، باشلاش بىلەنلا بۇ ئالتە خىل مۇھىم ئامىلنى يېزىش كېرەك، ئەگەر كىتابخانلارنىڭ سوئالى چىقماسلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلسا، ئۇ ھالدا، بەزىبىر مۇھىم ئامىلنى تاپشۇرمىسىمۇ بولىدۇ.

## 3. بايانىنىڭ يىپ ئۇچى

يىپ ئۇچى — ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ قان تومۇرىدۇر. بايان-تەسۋىر ماقالىلىرى دائىم نۇرغۇن ئادەم ۋە نۇرغۇن ئىشلارغا چېتىلىدۇ، ئەگەر يىپ ئۇچى ئېنىق ئايرىلمىسا، ئادەم قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، باش - ئاخىرىنى تاپالماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا يېزىقچىلىقتا بايانىنىڭ يىپ ئۇچىغا دائىم دىققەت قىلىش، ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش كېرەك.

بايانىنىڭ يىپ ئۇچىدا ئوخشاشمىغان ھەر خىل ئەھۋاللار بولىدۇ. بەزى ماقالىلەرنىڭ ۋەقەلىكى نىسبەتەن ئاددىي بولۇپ، پەقەت بىرلا يىپ ئۇچى بولىدۇ، بۇنى تاق يىپ ئۇچى دەيمىز. بەزى ماقالىلەرنىڭ يىپ ئۇچى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يىپ ئۇچى بولىدۇ، بۇنى مۇرەككەپ يىپ ئۇچى دەيمىز. مۇرەككەپ يىپ ئۇچىدا، بىر ئاساسىي يىپ ئۇچى بولىدۇ، قالغانلىرى قوشۇمچە يىپ ئۇچى بولىدۇ. ئاساسىي يىپ ئۇچى مەركىزىي يىپ ئۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قوشۇمچە يىپ ئۇچى ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مۇرەككەپ يىپ ئۇچىدا، بەزىدە روشەن يىپ ئۇچى بىلەن غۇۋا يىپ ئۇچىنىڭ پەرقىمۇ بولىدۇ. غۇۋا يىپ ئۇچى نىسبەتەن تۇتۇق بولىدۇ، ئۇنى ئەستايىدىل پەرق ئەتكەندە ئاندىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ھېكايىسىنى ئالساق: بىرىنچى بۆلەكتە، روشەن يىپ ئۇچى ئارقىلىق خۇا لاۋشۇەننىڭ جازا مەيدانىغا بېرىپ، «قانغا چىلانغان جىگموما»نى سېتىۋالغانلىقى يېزىلغان، غۇۋا يىپ ئۇچىدا شىيايۈيىنىڭ قېنىنى خەقنىڭ «دورا» دەپ يېگەنلىكى يېزىلغان، ئۇچىنچى بۆلەكتە، روشەن يىپ ئۇچى ئارقىلىق جاللات كاڭ داشۇنىڭ ھەم چايخۇمارلارنىڭ خۇا لاۋشۇەننىڭ چايخانىسىدا «ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگموما»نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۆرىدىگەن ھالدا پاراكەندىچىلىكنى يېزىلىپ، «دورا» نىڭ كېلىش مەنبەسى چۈشەندۈرۈلگەن، غوۋا يىپ ئۇچىدا شىيايۇينىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى غايىسى ھەمدە تۇرمىدىكى باتۇرانە كۆرۈنۈشى يېزىلىپ، چايخۇمارلارنىڭ بىخۇت پوزىتسىيىسى ئارقىلىق، بۇرژۇئا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئاۋام خەلقنىڭ چۈشەنمەيدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. تۆتىنچى بۆلەكتە، روشەن يىپ ئۇچىدا شياۋ شۇەننىڭ «ئادەم قېنىغا چىلانغان جىڭمۇما» نى يېگەندىن كېيىن شىپا تاپماي، قىشتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، خۇا ئانىنىڭ چەكسىز قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن قەبرىنى يوقلىغانلىقى، غوۋا يىپ ئۇچىدا شىيا يۈينىڭ قەبرىسىدىكى گۈلچەمبىرەك يېزىلىپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئوخشاشلا، شىيايۈينىڭ ئانىسى شىياسى ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمىگەنلىكى ئارقىلىق، كونا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئاجىزلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. ئومۇمەن، «دورا» ھېكايىسى روشەن ۋە غوۋا يىپ ئۇچى ئارقىلىق، «ئادەم قېنىغا چىلانغان جىڭمۇما» ھېكايىسى بىلەن خۇا ۋە شىيادىن ئىبارەت ئىككى ئائىلىنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ، ۋەقەلىكنى مۇكەممەل، قان تومۇرىنى ئېنىق، قاتلاملىرىنى روشەن، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان.

## 4. بايانىنىڭ تەرتىپى

تەرتىپلىك بايان: شەيئىلەر تەرەققىياتىنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش، تەرتىپلىك بايان دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ياللانمىلار» دېگەن ئەسەردە،

ياللانمىلارنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇش ئەھۋالى يېزىلىش ئارقىلىق، جاھانگىرلىك بىلەن فېئودالىزم كۈچلىرىنىڭ يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگودا ئەمگەكچىلەرنى پاجىئەلىك ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ۋە ئەزگەنلىكى پاش قىلىنغان. ئەسەردە بەزىبىر مۇھىم مىساللار كەلتۈرۈلگەن. بۇ مىساللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بولغان. مەسىلەن، ياللانمىلارنىڭ ئەتىگەندە سائەت 4 تىن چارەك ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇشى، سائەت 4 يېرىمدا ئەتىگەنلىك تاماق يېيىشى، سائەت 5 تە ئىشقا چىقىشى ۋە باشقىلار...

بۇ خىل بايان ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ماتېرىياللارنى ئاسان تەشكىللىگىلى، سۆز - جۈملىلەرنى رەتلىك قىلغىلى، يېزىقچىلىقنى ئەمدىلا باشلىغان كىشىلەرنىڭ ئاسان ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ، لېكىن، ئاپتور ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ماھىرلىق بىلەن قۇراشتۇرمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يازغانلىرى ھادىسىلەر تىزمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قېلىپ، تۈزلا بايان قىلىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كىتابخانلارغا مەززىسىز تۇيۇلىدۇ.

تەتۈر بايان: ئالدى بىلەن ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قىسمى ياكى بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسى، يەنى زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ھەل بولۇشىنى بايان قىلىپ، ئاندىن زىددىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب، ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىيات جەريانىنى بايان قىلىش، تەتۈر بايان دېيىلىدۇ. ئەسەر تەتۈر بايان بىلەن يېزىلغاندا، بىر تۈرلۈك قىزىقارلىقلىقنى ئىگە قىلىنىپ، كەيپىيات يارىتىلى، شۇ ئارقىلىق باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قۇرۇلمىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» ھېكايىسىدە، شياڭلىن ھەدىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان. ئەسەر باشلىنىش بىلەنلا، لۇجېڭ كەنتىنىڭ كونا يىل ئاخىرىدىكى كەيپىياتى ۋە مەنزىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېزىلغان. ئاندىن «مەن» نىڭ شىائىلىن ھەدىنى ئۇچراتقانلىق ئەھۋالى يېزىلغان: «تۇنۇگۇن ئۇچراتقان شىائىلىن ھەدىنى ئويلاپمۇ بىئارام بولدۇم... ئۇ مۇنداق ۋەقە ئىدى.... ئۇنى ... راستىنى ئېيتسام ياخشى بىلمەيدىكەنمەن... روھنىڭ بار-يوقلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.» ئىككىنچى كۈنى كەچتە شىائىلىن ھەدىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. كېيىن ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھى ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن مەسىلىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ، شىائىلىن ھەدىنىڭ ھاياتىنى بايان قىلىدۇ: «ئۇ، ئەسلى لۇجېئلىق ئەمەس...» مەسىلىنى مانا شۇنداق بىر تەرەپ قىلىش، ئەسەردە دولقۇن ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك سىلىشتۇرما شەكىللەندۇرگەن. بۇ خىل بايان قىلىشنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى جانلىق ھەم ئېنىق بولىدۇ.

تەتۈر بايانىي قوللانغاندا مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش لازىم: نەتىجىنى يازغاندا، كېيىن يېزىلىدىغان مەزمۇن ئۇچۇن شەرت-شارائىت يارىتىشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ھېكايىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىنى بايان قىلغاندا، باشتا يېزىلغان مەزمۇن ئىزاھلىنىشى لازىم. تەتۈر بايانىڭ قەيەردىن باشلانغانلىقىنى ئېنىق تاپشۇرۇش شەرت. تەرتىپلىك بayاندىن تەتۈر بايانغا ئۆتكەندە، شۇنىڭدەك، تەتۈر باياندىن تەرتىپلىك بايانغا ئۆتكەندە ئېنىق چېگرا بولۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشى تەبىئىي بولۇش، سۇنئى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

قىستۇرما بايان: مەركىزىي ۋەقەنى بايان قىلىش جەريانىدا، باش تېما ياكى شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىرەر ۋەقە ياكى پارچىلارنى ئارىغا قىستۇرۇشنا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ قىستۇرما بايان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تەرتىپلىك بايان بىلەن تەتۈر بايانغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۈتۈن ماقالە بويىچە قوللىنىلىدىغان بايان ئۇسۇلى ئەمەس. ئۇ پەقەت پۈتۈن ماقالىدىكى بايان جەريانىدا،

تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن، مەلۇم پارچىلارنى قىستۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. قىستۇرما بايان بەزى ئاساسىي ۋەقەلىكنى تولۇقلاشقا، بەزى شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، بەزىدە مەلۇم ئەسەرگە قارىتا قوشۇمچە ئىزاھ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. قىسقىسى، قىستۇرما بايان ماقالە مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باش تېما ئىدىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «يۇرتۇم» ھېكايىسىدە، «مەن» نىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆي - زېمىنلىرىنى سېتىۋېتىپ، ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلىقى يېزىلغان. ئانىسى روڭتۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا، «مەن» بالىلىق چاغلىرىدا روڭتۇ بىلەن بىللە ئوينىغان مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «بۇنى ئاڭلىغان زامانلا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ‹ۋال› قىلىپ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى» دەپ يېزىپ، ئارقىدىنلا بالىلىق چاغلىرىدا روڭتۇ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى بايان قىلىدۇ، «كېيىن ئۇ يەنە دادىسى ئارقىلىق ماڭا تۈرلۈك رەڭدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى ۋە قۇشقاچلارنىڭ چىرايلىق پەيلىرىنى ئەۋەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر - ئىككى قېتىم سوغات ئەۋەتتىم. لېكىن، شۇنىڭدىن باشلاپ بىز كۆرۈشەلمىگەنىدۇق. . .» دېگەن يەرگە كەلگەندە قىستۇرما بايان ئاخىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي مەزمۇنغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاپتور مۇشۇنداق قىستۇرما بايان ئارقىلىق، نۇقتىلىق ھالدا، روڭتۇنىڭ 30 يىلنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىككى خىل ئوبرازىنى سېلىشتۇرۇپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ جۇڭگودىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

قىستۇرما بايان مۇۋاپىق قوللىنىلسا ماقالىنى رەڭدار ۋە

جانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ، قىزىقارلىق قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، قىستۇرما بايان ۋەقەلىكلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بويىچە بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئۇنىڭدا خالىغانچە سۆز ئويۇنى قىلىشقا بولمايدۇ. قىستۇرما بايان قىلغاندا، باش - ئاخىرىنى زىچ باغلاش، تەبىئىي هالدا ئۆتۈش قىلىش لازىم. ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلمىسا بولمايدۇ. قىستۇرما بايان تاماملانغاندىن كېيىن، يەنە ئاساسىي لىنىيىگە قايتىپ كېلىش كېرەك، مۇھىملىرىنىڭ ئورنىغا مۇھىم بولمىغانلىرىنى قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ماقالە قالايمىقان، تەرتىپسىز بولۇپ قېلىپ، باش - ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان چىگىش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## § 2. تەسۋىر

ۋەقە ياكى پېرسوناژلارنى كونكرېت، ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەش تەسۋىر دەپ ئاتىلىدۇ. تەسۋىر شەيئىلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. ئۇ كىتابخانلارغا ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پېرسوناژ، ۋەقە، كۆرۈنۈشلەرنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك، خۇددى شۇ مۇهىت ئىچىدە بولغاندەك هېس قىلدۇرىدۇ - دە، ئۇلارنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلدۇرىدۇ. تەسۋىر پېرسوناژ تەسۋىرى، مەنزىرە تەسۋىرى (تەبىئىي مۇهىت ۋە ئىجتىمائىي مۇهىت) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1. پېرسوناژ تەسۋىرى

پېرسوناژ تەسۋىرى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى

ئىپادىلەشتە مۇھىم ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئادەم جەمئىيەت ھەم تەبىئەتتىكى ھەممە پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزىدۇر. ئادەمسىز جەمئىيەتنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەدەبىي ئەسەردە پېرسوناژ بولمايدىكەن، ئۇنداق ئەسەرنىڭ ئەسەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. گوركىي «ئەدەبىيات ئادەمشۇناسلىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھەر خىل كۆرۈشى، روھى قىياپىتى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى قاتارلىقلار ئەسەردە پېرسوناژلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە تۇرمۇش بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش لازىم. پېرسوناژلار تەسۋىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپ مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

1. تاشقى قىياپەت تەسۋىرى (پورترېت تەسۋىرى)

تاشقى قىياپەت تەسۋىرى پېرسوناژنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، كەيپىياتى، ئۇستى - بېشى، تۇرقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، كىتابخانلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن ئوبرازىنىڭ مۇكەممەل گەۋدىلىنىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ رولى چوڭ. تەجرىبىلىك ئاپتورلار تاشقى قىياپەت تەسۋىرى ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېنىق، كونكرېت تەسىر بېرىشكە تىرىشىدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇللا قادىرى «مېھراپتىن چايان» ناملىق تارىخىي رومانىدا رەنانىڭ تاشقى قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ئەمما رەنانىڭ ئىسمى جىسمىغا ياكى ھۆسنىگە بەكمۇ مۇۋاپىق كەلگەنىدى. مەن رەسسام ئەمەس، ئەگەر مەندە شۇ سەنئەت بولغاندا ئىدى، سۆز بىلەن ۋالاقلاپ ئولتۇرماي، بۇ يەدە

سىلەرگە رەنانىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كۆرسىتىمپلا قوياتتىم، پەقەت ماڭا رەناگۈلنىڭ سۈيىلا جىقراق كېرەك بولاتتى.

. . . تەبىرنىمىز قوپال چۈشمىسە، بۇ گۈزەل قىز، ئاچ رەناگۈلنىڭ رەڭگىدە ياكى ئاق - سېرىق رەڭدە يارىتىلغانىدى. بەدەنىدە ئۆسكەن تۈكلەرگىمۇ ھېلىقى رەڭنىڭ تەسىرى بولىدۇ. رەنانىڭ چېچى گۈڭگۈرت - قارا، يەنى كۈن چۈشمەيدىغان جايلاردا قارا كۆرۈنسىمۇ، ئاپتاپتا بىر ئاز سارغۇچ بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش رەنانىڭ كۆزىدىمۇ بۇنىڭ ئەسىرى كۆرۈنىدۇ. دۈگىلەكرەك كەلگەن جادۇ كۆزى كىشىگە تىكىلىپ قارىغاندا، قارىلىقتىن باشقا يەنە بىر تۈرلۈك قىزغۇچ نۇر چاچاتتى. كىرپىكلىرىنىڭ تۈۋىدە نەپىس بىر سۈرمە دائىرىسى بار ئىدى. قېشى تۇتاشتەك كۆرۈنسىمۇ توغرىسىغا ياتقان ئىككى قىلىچ ئارىسىنى نەپىس بىر قويۇلۇپ كۆتىرىلىش ئاجرىتىپ تۇراتتى. بۇرنى ھېچبىر تەنقىدچىگە بېرىشمەيدىغان دەرىجىدە چىرايلىق بولۇپ، دائىم ئىمزا تارتىش تەبەسسۇمىگە تەييارلا تۇرغان نەپىس كالپۇكلىرىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا سېزىلەر - سېزىلمەس تۈكلەر كۆكەرگەن ئىدى. يۈزى سوزۇقمۇ ئەمەس، لېكىن توقاچتەك دەپمۇ بولمايدۇ؛ كىشىگە كۈلۈپ قارىغاندا قىزىل ئالما تەكلىرىدە ئىككى تال ئۆستە پەش رەۋىشلىك شەكىل ھاسىل بولۇپ، گويا بىزگە ھەقىقىي رەنا گۈلى ئېچىلغان ھالەتتە كۆرۈنەتتى. چاچلىرى ناھايىتى قويۇق، ساناقسىز چاچ ئۆرۈملىرى ئۇنىڭ كەينىنى پۈتۈنلەي قاپلىۋالاتتى، قەددى ئۆزۈنلۈق بىلەن قىسقىلىقنىڭ ئوتتۇرىسى، ئۇماق بارماقلىرىنىڭ چىمەلتىكىدە خىنە گۈللىرى، ھەر ھالدا بۇ قىز يالغۇز قوقانىڭلا ئەمەس، ئومۇمەن پەرغانىنىڭ ناخشىلارغا قوشۇلۇپ ماختىلىدىغان گۈزەللىرىدىن ئىدى.»[1]

---

[1] ئابدۇللا قادىرى: «مېھراپتىن چايان» ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 - 25 - بەتلەر.

كىيىم - كېچەك تەسۋىرىمۇ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر دۇنياسىنى، بەزىدە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن، «مېھراپتىن چايان» رومانىدا سالىھ مەخسۇمنىڭ كىيىم - كېچىكى مۇنداق سۈرەتلىنىدۇ:

«قىسقىسى: بەش - ئالتە قېتىم باشلىتىلىپ قونجى بىر غېرىچلا قالغان كۆن مەسە، چەمى ئۈستى - ئۈستىگە قويۇلىۋېرىپ يەردىن ئۇچ ئىلىكچە كۆتىرىلگەن، ئىككى چارەك ئېغىرلىقتىكى كەشە، يېشى مەھەللە ئادەملىرىنىڭ ئۇرغۇنلىرىغا نامەلۇم بولغان، ھەر قانچە ئېھتىيات قىلىنىسىمۇ بىر نەچچە جايدىن پۆپۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئاق ماتا سەللە مەھەللە ئادەملىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقلىرىدىن ئىدى. بۇلاردىن باشقا ھېيت كۈنلىرى ۋە تويلاردىلا كىيىلىدىغان بەنارس تونى، سوغۇق قاتتىقراق بولغاندا ئىچىدىن كىيىدىغان ئەدرەس پاختىلىق چاپىنىمۇ بار. مەھەللە چاقچاقچىلىرى بەنارس تونىنى «زۇرزۇرىيەت» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەدرەس چاپىنىغا تېخى نام قويغىچە بولمىدى؛ چۈنكى بۇنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە پەقەت تۆت - بەش يىللا بولدى.

ۋاقتى كەلگەندە مەخسۇمنىڭ يازلىق كىيىملىرىنىمۇ بىرقۇر ئېيتىپ ئۆتەيلى: قىزىل يوللۇق ماتا يەكتەك، ئاق ماتادىن تىكىلگەن پەۋەز ياقىلىق كەڭ كۆينەك (چۈنكى تار بولسا يىرتىلىدۇ) ۋە لازىم (يەنى ئىشتان) ھەمدە يالىڭاياق كىيىشكە يېنىككىنە سەندەل كەشە، ئەمما سەللە قېشىن-يېزىن بىرلا.»①

پېرسوناژلارنى سۈرەتلىگەندە، تاشقى قىياپەت تەسۋىرىدىمۇ مۇھەببەت، نەپرەت روشەن بولۇشى لازىم. پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندە، ۋاقىت بىلەن كىشىلەرنىڭ

---

① ئابدۇللا قادىرى: «مېھراپتىن چايان» ئۇيغۇرچە نەشرى، 14 - 15 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قىياپىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن سالىھە مەخسۇمنىڭ قىياپىتىدىن، يازغۇچىنىڭ يالغۇز پېرسوناژ ئوبرازىنى كۆزىتىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چۆككەنلىكىنى ئالاھىدە ھېس قىلىمىز.

### 2. پسىخىك تەسۋىرى

پسىخىك تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەندە كۆپىنچە بىۋاسىتە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھالىتى بىلەن روھى قىياپىتى بىۋاستە تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسپان يازغۇچىسى سېرۋانتېس XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان رېئالىستىك رومانى «دون كىخوت» تا، ھەمدەمخىيال دون كىخوتنىڭ يۇرتىدىن بىرىنچى قېتىم سەپەرگە چىقىپ، ئۇنىڭ كىچىمۇ كۈندۈز رىتسار بولۇش توغرىسىدا باش قاتتۇرۇپ خىيالغا چۆككەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمە سالغان بىزنىڭ بۇ يېڭى رىتسارىمىز كېتىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى: ‹مېنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىمنىڭ ھەقىقىي تارىخى كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ؛ . . .› ‹مېنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىم مىس، مەرمەر تاش، ياغاچلارغا ئويۇلۇپ مەڭگۈ ئەسلەشكە ئەرزىيدۇ؛ . . . .›»[1]

بۇ مىسالدىن پسىخىك تەسۋىرىنى مونولوگ بىلەن ئىپادىلەشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

### 3. تىل ۋە ھەرىكەت تەسۋىرى

---

① سېرۋانتېس: «دون كىخوت» ئۇيغۇرچە نەشرى، 28 ـ 29 ـ بەتلەر.

تىل ۋە ھەرىكەت تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگىنى، مونولوگى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا مۇۋاپىق ھالدا پېرسوناژ تىلى بېرىلىپ، دىئالوگ ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى يەزىلىتى، ئىچكى دۇنياسى بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ. پېرسوناژ تىلى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ تىلى ئۇنىڭ ئومۇمىلىق خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، مۇئەييەن شەخسى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشى لازىم. شەخسى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىلىق خاراكتېرى بىرلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژ تىلى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، تىل ۋە ھەرىكەت تەسۋىرى پېرسوناژ يارىتىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىدىن بىرى.

مەسىلەن، ژيول ۋېرن «كاپىتان گىرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» رومانىدا، گىلېنارۋان بىلەن پاگانېلنىڭ دىئالوگىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

— پاگانېل! پاگانېل!
— لەببەي - دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
— نەدىسىز؟
— مۇنارامدىمەن.
— نېمە قىلىۋاتىسىز؟
— بىپايان ئۇپۇقنى كۆزىتىۋاتىمەن.
— بىردەملىك پەسكە چۈشەلەمسىز؟
— لازىم بولۇپ قالدىمۇ؟
— ھەئە!
— نېمە ئىش؟
— ئوتتۇز يەتتىنچى پارالېلنىڭ قايسى مەملىكەتلەرنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلمەكچىمىز.
— بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش بارمۇ؟ — دېدى پاگانېل — بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن پەسكە چۈشۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.
— قېنى ئۇنداق بولسا قولىمىز سىزدە.
— خوپ، ئاڭلاڭ...
(«كاپىتان گىرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» 329- بەت)
4. دېتاللار تەسۋىرى
تەسۋىردە مەلۇم ھالقىلىق زور ۋەقەلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە پېرسوناژلارنىڭ روھى قىياپىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى مەھكەم تۇتۇش كېرەك. ئاپتور ئەگەر مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ ئالاھىدە بىرتۇرمۇش دېتالىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىقالايدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا كىتابخانلارنىڭ پېرسوناژنى چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ.
دېتاللارنى تەسۋىرلەش دېگەنلىك، ئاساسەن ئۇنىڭ ۋەقەلىكتە تۇتقان نىسپىي ئورنىغا قارىتىلغان بولۇپ، جانلىق تەسۋىرلەنگەن دېتال تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، باش تېمىنى ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.
5. ۋەقە تەسۋىرى
ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى يازغاندا ۋەقەلەر تەسۋىرىدىن ئايرىپ يېزىشقا بولمايدۇ. ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش، شۇ ۋەقەنى بايان قىلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاپتور تۇرمۇش دېڭىزىدىن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە غايەت زور تەسىر قىلىدىغان، چاقناپ تۇرىدىغان ۋەقەلەرنى تاللىشى كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە، تۇرمۇشتىكى چوڭ- كىچىك ۋەقە ھەم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاللىماستىن شۇ پېتى قارا- قويۇق يېزىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ۋەقە تەسۋىرىدە، بىرىنچىدىن، ئومۇمىي تەسىرات ۋە كەيپىياتنى يېزىش لازىم. ئىككىنچىدىن، قىسمەن ئادەملەر ئارقىلىق پۈتۈن ۋەقەنى ئىپادىلەپ بېرىش

كېرەك. ۋەقە تەسۋىرىدە، ۋەقەنىڭ ئادەم ۋە ئورۇندىن ئايرىلمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر پېرسوناژلار تەسۋىرىدىكى بەزىبىر زۆرۈر ئۇسۇللاردىن ئىبارەت. مانا بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشتىن مەقسەت، پېرسوناژلارنى ياخشى يېزىش، پېرسوناژلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى بىلەن ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن روھى قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىشتىن، شۇنداقلا باش تېمىنى چوڭقۇر ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

## 2. مەنزىرە تەسۋىرى

مەنزىرە تەسۋىرى، تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن جەمئىيەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئەسەرنىڭ ئورگانىك تەشكىلىي قىسمى، چۈنكى، مۇھىت پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت زېمىنى، ئادەملەرنى يېزىشتا پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى كەم بولسا بولمايدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى گەرچە مەنزىرە بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى دائىم دېگۈدەك مەنزىرىگە تۈس بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق بېرىلگەن مەنزىرە تەسۋىرى ئەسەرنىڭ ئورگانىك تەشكىلىي قىسمى بولىدۇ ـ دە، ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، باش تېما ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن پېرسوناژ بىلەن ۋەقەلىكنىڭ رېئاللىقىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ، مەنزىرە تەسۋىرلەشنىڭ ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ.

1. مەنزىرە بىلەن پېرسوناژلار ھەرىكىتىنى ئايرىپ يېزىش. مەنزىرە تەسۋىرى ئادەتتە پېرسوناژ، ۋەقەدىن ئايرىلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىراق بەزىدە كىتابخانىلارنىڭ ۋەقەلىكنىڭ يۈز بېرىش شارائىتىنى چۈشىنىشىنى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە مەنزىرە تەسۋىرى ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا يېزىلىدۇ. مەنزىرىنى پېرسوناژلار ھەرىكىتىدىن ئايرىپ تەسۋىرلىگەندە، مەيلى ئەسەرنىڭ بېشىدا بولسۇن ياكى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بولسۇن ئۇنى ئۆز ئالدىغا يەككە بىر نەرسە قىلىپ قويماستىن، باش تېمىنى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

2. مەنزىرىنى پېرسوناژلار ھەرىكىتى بىلەن كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەش.

مەنزىرە بىلەن ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاندا، مەنزىرىنى مۇستەقىل ھالدا ئايرىم قىلىپ تەسۋىرلىمەي، ئەڭ ياخشىسى پېرسوناژلار ھەرىكىتى بىلەن كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەش لازىم. بۇنى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك.

مەنزىرە تەسۋىرلەشنىڭ رولى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچىدىن، مۇھىت كەيپىياتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى تەبىئىي مۇھىتتىن ئايرىلمايدۇ، ئادەم تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىدۇ، ئىدارە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەتتىن بەزىبىر تەسىرلەرنىمۇ ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەنزىرە تەسۋىرى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى مەنزىرىگە تۈس بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھالىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان مەنزىرە يېزىلىدىكەن، ئۇ چاغدا بىر خىل مۇھىت كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى

گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ، چۈنكى پېرسوناژ خاراكتېرى مۇئەييەن مۇھىت ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەنزىرە تەسۋىرى ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىنى ئىلگىرىلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەلۇمكى، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى مەلۇم ۋاقىتتا، مەلۇم ئورۇندا يۈز بېرىدۇ. ۋاقىت بىلەن ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەنزىرىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىدۇ. مەنزىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆز نۆۋىتىدە ۋەقەلىكنىڭ راۋاجى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنزىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەقەلىكنىڭ يۈز بېرىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەبىئىي كۆرسىتىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، مەنزىرە ئارقىلىق دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئەسەردە تەسۋىرلىنىدىغان ماكاننىڭ قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە روشەن خاسلىقتا ئىگە بولىدۇ.

مەنزىرە تەسۋىرىدە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. مەنزىرە تەسۋىرى ئۈچۈنلا مەنزىرە تەسۋىرلىمەسلىك لازىم. ئاپتور ئەگەر باش تېما بىلەن ھېسابلاشماستىن، ئۆز ئارزۇسى بويىچە مەنزىرە تەسۋىرلەيمەن دېسە، مەنزىرە تەسۋىرىنى ئارتۇقچە قىلىپ قويىدۇ - دە، ئەسەر قۇرۇلمىسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، باش تېمىنى جانسىز قىلىپ قويىدۇ.

2. مەنزىرە تەسۋىرىدە تاللاش ئېلىپ بارماستىن، ئۇششاق-چۈششەك مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسەرگە زورلاپ كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

## § 3. مۇھاكىمە

ئاپتورنىڭ مەلۇم مەسىلە ياكى بىرەر ۋەقەنى ئانالىز قىلىپ باھالىشى، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ

مەيدانىنى، نۇقتىئىنەزەرنى ھەمدە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇھاكىمە دېيىلىدۇ.

مۇھاكىمە — مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش شەكلىدۇر. بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرىدىمۇ دائىم دېگۈدەك مۇھاكىمىنىڭ ئامىللىرى ئۇچرايدۇ.

مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى نۇقتىئىنەزەر، ئاساس، ئىسپاتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

## 1. نۇقتىئىنەزەر

نۇقتىئىنەزەر ئاپتورنىڭ بايان قىلىدىغان مەسىلىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسى ھەم كۆز قارىشىدۇر. ئۇ ئېنىق ھالدا ئاپتورنىڭ نېمىنى مۇقىملاشتۇرۇشى، نېمىنى ئىنكار قىلىشى، نېمىنى مەدھىلەپ، نېمىگە قارشى تۇرۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، نۇقتىئىنەزەر ئاپتورنىڭ مەسىلىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي كۆز قارىشىنى، ئاساسىي پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

نۇقتىئىنەزەر مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە، ئومۇمەن بىر ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر بولىدۇ، بۇ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ پۈتۈن ماقالىدىكى مۇھاكىمىنىڭ مەركىزى بولۇپ، پۈتۈن ماقالىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بەزى ماقالىلەر نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى چۆرىدىگەن ھالدا يەنە نۇرغۇن تارماق بېقىندى نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، بۇ خىل تارماق بېقىندى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ھەممىسى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئۈچۈن خىزمەت

قىلدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ، پەرقىمۇ بولىدۇ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئاپتورنىڭ قويۇلغان مەسىلىگە قارىتا قويغان ئومۇمىي تەشەببۇسى، ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرى بولۇپ، پۈتۈن ماقالىدىكى ئومۇمىي ھۆكۈمنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. باش تېما مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر باش تېمىنىڭ يادروسىدۇر. لېكىن، باش تېما مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە يېزىقچىلىق مۇددىئاسىنى، ئاپتورنىڭ ئۈمىدىنى، تەلىپىنى، چاقىرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ ماقالىدىكى ئورنى مۇقىم بولمايدۇ، ماقالىنىڭ ئەڭ ئالدىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھە دېگەندىلا ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى ئوتتۇرىغا قويۇلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» دېگەن ئەسەردە، ئەڭ دەسلەپتە «مەن پۈتۈن پارتىيىمىز بويىچە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن» دېيىلىپ، ئېنىق ھالدا بايان قىلىنىدىغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ. تەھلىل ئاساسىدا، خۇلاسە شەكلىدە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن.

مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى بەزىدە ماقالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر قەيەرگە قويۇلسۇن، ماقالىدىكى ئورنى گەۋدىلىك بولۇشى، كىشىدە ئېنىق تەسىرات قالدۇرۇشى كېرەك.

تارماق نۇقتىئىنەزەر مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرگە تەئەللۇق

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ تارماق نۇقتىئىنەزەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولۇپ، مۇھىمى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى، تەكشى مۇناسىۋەت، ھەر قايسى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر تەكشى بولىدۇ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئورتاق ھالدا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەيدۇ. يەنە بىر خىلى، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش مۇناسىۋىتى، ھەرقايسى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر مەنا جەھەتتە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ بارىدۇ، ئۇلار بالداقمۇ بالداق چوڭقۇرلىشىپ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى بايان قىلىدۇ.

## 2. ئاساس

نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرىدىغان ماتېرىيال ئاساس دەپ ئاتىلىدۇ. نۇقتىئىنەزەر ئاساسقا تايىنىدۇ، ئاساسقا ئاساسەن ئىسپاتلىنىدۇ، ئاساس نۇقتىئىنەزەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاساس ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، ئەمەلىي ئاساس. توغرا نەزەرىيە، كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەرنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر. ھەممىسى ئەمەلىيەت جەريانىدا خۇلاسىلانغان بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاساس ئىسپاتلانسا، ئەمەلىيەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەر چۈشەندۈرۈلسە، تولۇق قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئەمەلىي ئاساس جەريانىدا، نەق ماتېرىيال ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. نەق ماتېرىيال رېئال تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە كەلگەن بولىدۇ، ئۇ ئارقىلىق ئاساس ئىسپاتلانسا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن، نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

ئەمەلىي ئاساس تارىخىي ئەمەلىيەت ھەم تەجرىبىنى ئۆز

ئېچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئارقىلىق ئاساس ئىسپاتلانسا، تارىخ بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن، نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

سانلىق ئاساس ئەمەلىي ئاساسنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇمۇ ماقالىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن دېسسېرتاتسىيىلىرىدە دائىم قوللىنىلىدۇ.

ئىككىنچى، نەزەرىيىۋى ئاساس. ئىنقىلابى نەزەرىيە ھەم پەننى داۋلىلار ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەر ھەم ئاساسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىنقىلابى نەزەرىيە ھەم پەننى داۋلىلار ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا توغرىلىقى تەكرار ئىسپاتلانغان نەزەرىيىدۇر. ئىنقىلابى نەزەرىيە ھەم پەننى داۋلىلارنى ئاساس قىلىپ، داۋلى سۆزلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەر چۈشەندۈرۈلسە، بايان قىلىنغان مەسىلە ناھايىتى چوڭقۇر قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

نەزەرىيىۋى ئاساس جەريانىدا، ماركسىزمنىڭ پرىنسىپلىرى ئەڭ كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىنقىلابىي پرىنسىپلارنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغاندا دائىم ئۇچرايدىغان شەكىل — ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ھەم ماۋزېدۇڭ بايانلىرىنى بىۋاستە قوللىنىش، ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەندە، جىددى ۋە ئەستايىدىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنىغا سادىق بولۇپ، ھەر بىر سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئەسلى ئەسەردىكىگە ئوخشاش بولۇشىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت.

### 3. ئىسپات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسپات — ئاساس ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەش جەريانىدۇر. نۇقتىئىنەزەر «نېمىنى ئىسپاتلاش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ، ئىسپات «قانداق ئىسپاتلاش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئىسپات نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئاساس ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساس ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاپ، ماتېرىيال بىلەن كۆز قاراشنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىسپات ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، تولۇق قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

ئىسپاتقا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ شۇكى، ئۇ كۈچلۈك لوگىكىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا فورمال لوگىكا قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دىئالېكتىك لوگىكىغىمۇ ئەمەل قىلىش لازىم، مۇھىم زىددىيەتنى تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىئىنەزەرنى گەۋدىلەندۈرۈش، نۇقتىئىنەزەرنى ماتېرىيالغا يېتەكچى قىلىش، ماتېرىيال ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرۈش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا مەسىلىنى بايان قىلىش لازىم.

يۇقىرىدا، نۇقتىئىنەزەر، ئاساس، ئىسپات قاتارلىق ئۈچ خىل ئامىلنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، بۇلار مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر. تۆۋەندە، بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرىدىكى مۇھاكىمىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرىدىكى مۇھاكىمە بايان، تەسۋىر، لىرىكىنىڭ بىر گەۋدە بولۇشىدۇر. بۇنىڭ شەكلى كۆپ خىل، ئەركىن، جانلىق بولىدۇ.

بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرىدىكى مۇھاكىمە، ئادەتتە بىۋاستە مۇھاكىمە ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاپتور نۇقتىئىنەزەرنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ، ۋاستىلىك مۇھاكىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىشمۇ مۇمكىن،

يەنى ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ سۆزى ياكى دىئالوگى ئارقىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ۋاستىلىك ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرىدىكى مۇھاكىمە ئىخچام بولىدۇ، ئوبرازلاردا قىزغىن ھېسسىيات تۈسى بولىدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھاكىمىدىن ئىبارەت بۇ ئىپادىلەش شەكلى، مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى بىلەن بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرى يېزىقچىلىقىدا سەل - پەل ئوخشىمايدۇ. مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىكى مۇھاكىمە ئېنىق نۇقتىئىنەزەرگە، تولۇق، كۈچلۈك ئاساسقا، قاتتىق ئىسپات جەريانىغا، ئىلمىي ئانالىزغا، مول لوگىكىلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرىدىكى مۇھاكىمە نۇقتىئىنەزەر، ئاساس، ئىسپاتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل ئامىلنى ياكى مۇكەممەل، قاتتىق ئىسپات جەريانىنى تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — بايان، تەسۋىر، لىرىكىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل، ئوبرازلاشقان، مول ھېسسىيات تۈسىگە ئىگە بولغان ھالدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلىنمىسا، بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرى ئۇزىراپ كېتىپ، ئابستراكتلىشىپ كېتىدۇ. ئەسەرنىڭ ئوبرازچانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

## § 4 . چۈشەندۈرۈش

ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى، ھالىتى، ئالاھىدىلىكى، شەكىللىنىش سەۋەبى، قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارىغا بولغان چۈشەندۈرۈشى، چۈشەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكلىدۇر.

مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە دائىم بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى قوللىنىلىدۇ.

چۈشەندۈرۈش، بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمە قاتارلىقلار ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ.

بايان ئاساسەن، پېرسوناژنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ھەمدە ۋەقەنىڭ جەريانىنى تونۇشتۇرىدۇ، تەسۋىر بولسا ئاساسەن ئادەم، ئىش، مەنزىرە، شەيئى قاتارلىقلارنى جانلىق ھالدا تەسۋىرلەيدۇ ھەم ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەيدۇ. بۇلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئاپتورنىڭ نېمىگە مايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇھاكىمە بولسا ئاساسەن، مەلۇم بىر مەسىلە ياكى بىر ۋەقە ئۈستىدە تەھلىل، مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ياكى مۇزاكىرە قىلىنغان كۆز قاراشلارغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت. ئاپتور بۇ خىل ماقالىدە ھەق - ناھەق، توغرا - ناتوغرا ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل ماقالە مۇھاكىمە خاراكتېرىگە ئىگە. چۈشەندۈرۈش ئاساسەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ، ئادەتتە ئاپتورنىڭ تەشەببۇسى ھەم ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، مايىللىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، پەقەت ئوبيېكتىپ تونۇشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگىلا ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە چۈشەندۈرۈش بىلەن مۇھاكىمە ئۆز ئارا بىرلەشكەن بولىدۇ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىش تەس. مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە چۈشەندۈرۈش ئومۇمەن مۇھاكىمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

چۈشەندۈرۈشتە چوقۇم خۇسۇسىيەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك،
شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق سۆزلەش كېرەك.

ھەرقانداق شەيئى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە زىددىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە زىددىيەت بىر شەيئىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل شەيئىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە ماھىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك چىڭ تۇتىۋېلىنسا، ئاندىن شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

چۈشەندۈرۈشتە تەرتىپكە دىققەت قىلىش كېرەك، تەرتىپى ئېنىق بولۇشى لازىم. چۈشەندۈرۈشنىڭ تەرتىپى مۇنداق بىرنەچچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى، شەيئىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش. بۇنىڭدا كىتابخانلار ئېنىق، مۇكەممەل تەسىرات ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش، يەنى ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشنى ئالدىدا، كېيىن يۈز بەرگەن ئىشنى كەينىدە يېزىش؛ ئۈچىنچى، شەيئىلەر خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش، بەزى شەيئىلەر نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ، چۈشەندۈرۈلىدىغان مەسىلە نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ، چۈشەندۈرۈلىدىغان مەزمۇننى بىرقانچە جەھەتكە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق چاغدا مۇۋاپىق تەرتىپ بىلەن چۈشەندۈرۈش لازىم. چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. تەبىر بېرىش

ئۇقۇمغا تەبىر بېرىش دېگىنىمىز، بىرىنچىدىن، ئۇقۇمدا بىلدۈرۈلگەن ئوبيېكتنى ئۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان قوشنا ئوبيېكتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇقۇمدا بىلدۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىنى ئېچىپ بېرىش دېمەكتۇر.

يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپ ھاللاردا تەسۋىرلەش،

www.uyghurkitap.com

سۈرەتلەشتەك تەبىر سىمان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يەككە ئوبيېكتنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى يارىتىدۇ. مەسىلەن، لۇشۇن ئەپەندىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر يەككە ئوبيېكتنى ئالايلى، لۇشۇن ئەپەندىنىڭ خۇسۇسىي بەلگىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭ چىراي شەكلى، بوي - تۇرقى، مېڭىش - تۇرۇشى، تەلەپپۇزى، خۇلقى -مىجەزى، كېلىپ چىقىشى، بىلىم سەۋىيىسى، سەرگۈزەشتىسى، قىلغان - ئەتكىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن كۆپ بەلگىلىرى بار. لۇشۇن ئەپەندى بىلەن بىللە ئۆتكەن كىشىلەر ياكى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ ئوبدان تونۇشقان كىشىلەر ئۇنى بىر قاراپلا، باشقا شەخسلەردىن پەرقلەندۇرۇپ ئالالايدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئەنە شۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن بەلگىلىرىنى تەسۋىرلەش، سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى يارىتىپ بېرەلىشى مۇمكىن.

## 2. مىسال كەلتۈرۈش

بۇ دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى. مىسال كەلتۈرۈش ئادەتتىكى ئەھۋال ۋە بىر قەدەر ئابستراكت نەرسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، چۈشەندۈرۈلىدىغان مەزمۇننى كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

كەلتۈرۈلگەن مىسال تولۇق بولۇشى كېرەك، چۈنكى مەلۇم مىقداردىكى مىسالنى ئىشلەتكەندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

كەلتۈرۈلگەن مىسال ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، تىپىك بولۇشى كېرەك، چۈنكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك ئىشلارنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرگەندە، شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 3. ئوخشىتىش

ئوخشىتىش ئارقىلىق شەيئىنى، داۋلىنى چۈشەندۈرۈش— چۈشەندۈرۈشنى كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ، ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلىدۇر.

ئوخشىتىش دەل جايىدا بولسا، ئاندىن ئابستراكت شەيئىلەرنى كونكرېتلاشتۇرغىلى، چوڭقۇر داۋلىلارنى راۋانلاشتۇرغىلى، چۈشەندۈرۈش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئوخشىتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئىنتىلىش مۇۋاپىق بولۇشى، تەسۋىر تەركىبى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، پەقەت مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىلا كۇپايە.

## 4. سېلىشتۇرۇش

سېلىشتۇرۇش شەيئىلەرنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئوبدان ئۇسۇلىدۇر. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، دائىم شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تونۇشتۇرۇش، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇش كېرەك. سېلىشتۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى، يېقىن شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇش. يېقىن شەيئىلەرنىڭ ئوخشايدىغان تەرىپىمۇ بولىدۇ، ئوخشىمايدىغان تەرىپىمۇ بولىدۇ، پەقەت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئايقىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، قارىمۇ قارشى شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇش. سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئىككى خىل خۇسۇسىيەتتىكى قارىمۇ-قارشى شەيئىلەرنى نىسبەتلەشتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ، ئاندىن شەيئىلەر ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## §5: لىرىكا

ئاپتورنىڭ ئەسەردىكى پېرسوناژ، ۋەقەلەرگە بولغان مۇھەببەت-نەپرىتى، ئامراق-ئۆچلۈك ھېسسىياتى لىرىكا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلىنىڭ رولى مۇھىمى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئەسەرنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

### 1. بىۋاستە لىرىكا

بىۋاستە لىرىكا ئاپتورنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئۇدۇل ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ قىزغىن ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ، ھېسسىيات جەھەتتە - كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ لىرىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. بىۋاستە لىرىكىلىق ئىپادىلەش شەكلى بايان ۋە لىرىكىلىق ئەسەرلەردە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى يېزىقچىلىقىدىمۇ زور رول ئوينايدۇ.

### 2. ۋاستىلىك لىرىكا

ۋاستىلىك لىرىكا بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمىگە ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتى ئارقىلىق سىڭگەن بولىدۇ ھەمدە ھېسسىياتتىن تەبىئىي ھالدا ئېقىپ چىققان بولىدۇ، بايان ۋە تەسۋىر ماقالىلىرى ياكى ئەسەرلەردە بۇ خىل لىرىكىلىق شەكىل ھەر دائىم ئادەمنى يېزىش، ۋەقەنى بايان قىلىش، مەنزىرە تەسۋىرلەش، شەيئىنى سۈرەتلەش قاتارلىقلارغا بېرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. لىرىكىدا قايسى شەكلىنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ھەقىقىي ھېسسىياتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى،

ھەممىسىدە ساپ ھېسسىيات تەبىئىي ئېقىپ چىققان بولۇشى كېرەك، ساختا، يالغان بولۇپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش، لىرىكىدىن ئىبارەت بۇ بەش خىل ئىپادىلەش شەكلى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ماقالە ياكى ئەسەر يېزىۋېتىلىقىمدا، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى ئاساسىدا، كۆپ خىل ئىپادىلەش شەكلىدىن جانلىق پايدىلىنىش لازىم. بۇ ئارقىلىق باش تېمىنى توغرا ئىپادىلەپ، بەدىئىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈپ، ماقالىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دېگەن نېمە؟
2 . بايان دېگەن نېمە؟ باياننىڭ تەرتىپى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟
3 . تەسۋىر دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟
4 . مۇھاكىمە دېگەن نېمە؟
5 . مۇھاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى قايسى ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؟
6 . چۈشەندۈرۈش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ؟
7 . لىرىكا دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

# V باب ماقالە ـ ئەسەرنىڭ تىلى

ماقالە يازغاندا، ئالدى بىلەن تىل ئۈستىدە باش قاتتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ماكسىم گوركى تىل ئۈستىدە توختىلىپ: «سۆز پۈتۈن پاكىتلارنىڭ، پۈتۈن پىكىرلەرنىڭ كىيىمى»① دېگەنىدى. بىز ماقالە يازغاندا، توغرا تېمىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا لايىق «تون» پىچىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلقنىڭ مول تىل بايلىقى بىلەن كەڭ دائىرىدە تونۇشۇشىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ توغرا، ئەڭ ئېنىق، ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەرنى تاللاپ چىقىپ، گۈلنى گۈلگە كەلتۈرۈپ تۈرۈپ تىزىپ چىقىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ توغرا ئىدىيە ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتىمىزنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز. شۇڭا ماقالىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدا، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ توغرا بولۇش ـ بولماسلىقىدىن باشقا، يەنە تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇستىنى ئۇستا قىلغان جابدۇقى»، رەسسام ئەگەر بوياق ئىشلىتەلمىسە، ياغاچچى كەكە تۇتالمىسا، ئۇنىڭ ھۈنىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ماقالىنى ياخشى يازماقچى بولىدىكەنمىز، تىلدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشىمىز، تىل بىلەن ئىدىيە ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى توغرا ئىپادىلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم. خۇددى ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك: «تىلنىڭ ساپلىقى، مەنا جەھەتتىن ئېنىق بولۇشى، ئۆتكۈرلىكى ئۈچۈن كۆرەش مەدەنىيەت قورالى ئۈچۈن كۆرەش دېمەكتۇر»②.

---

①② م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت نەشرى، 2-كىتاب، 408-، 412-بەتلەر.

## § 1 . تىلدىن پايدىلىنىشتا كۆتۈلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەر

بىز قانداق ماقالە يازايلى، ئۇنىڭ تۇر، خۇسۇسىيەتلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. تىلدىن پايدىلىنىش جەھەتتە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ ئورتاقلىقتا ئىگە، ئۇ بولسىمۇ: سۆزنى توغرا ئىشلىتىش، جۈملىلەرنى راۋان قىلىش، تىلنى جانلىق، ئىخچام ئىشلەشتىن ئىبارەت. بۇ، ماقالىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى توغرا، ئېنىق ۋە جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى جانلىق، تېتىك ئەكس ئەتتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت.

### 1 . سۆزنى توغرا ئىشلىتىش

سۆزنى توغرا ئىشلىتىش، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇۋاپىق سۆزلەرنى قوللىنىشقا تىرىشىپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ماقالە يازغاندا، ئەگەر سۆزنىڭ ئەينەن مەنىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ قوللىنىپ قالساق، ئۇ ھالدا ئاسانلا چاتاق چىقىرىپ قويىمىز. مەسىلەن، «زىلۋا»، «گۈزەل» دېگەن سۆزلەر نازۇك، كېلىشكەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، تەبىئەتكە نىسبەتەن گۈزەل دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش مۇمكىنكى، زىلۋا دېگەن سۆزنى ھەرگىز ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا سۆزنى توغرا، دەل جايىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلتۈرۈپ قوللانغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ بىرىنچى مەسىلە. چۈنكى بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئاھاڭدار، ئوبرازلىق تىل، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەتكەندە، ناھايىتى ئىنچىكىلەپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ تاللاشقا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن ئىدىيىنى توغرا ئىپادىلەپ، شەيئىلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە لېۋ. تولستوينىڭ مۇنۇ بىر جۈملە مەشھۇر سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ: «سەنئەت ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىككى خىل قورالنىڭ بىرى. تىل ئارقىلىق ئىنسان ئىدىيە ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن؛ ھەر خىل سەنئەت ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىنسان باشقىلار بىلەن — پەقەت ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئۆتكەنكى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، كەلگۈسىدىكى كىشىلەر بىلەن - ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن.»[1]

دېمەك، تىل ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى رولىنى ئوينىغانىكەن، ئۇنى ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلماي بولمايدۇ. بەزى سۆزلەردە مەنا ئوخشاشلىقى بولىدۇ. لېكىن، يەنىلا پەرقلىنىدىغان تەرىپى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئىنچىكىلەپ پەرق ئېتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ئەگەر بىز سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى، ئېغىر - يېنىكلىك مۇناسىۋىتى، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى، ھېسسىياتلىق رەڭگى ۋە باغلىنىش رولى جەھەتلەردىن ئىنچىكىلەپ پەرق ئېتىشنى بىلمىسەك، مەقسەتنى ئۇقتۇرالمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيمىز. مەسىلەن، «مۇتەخەسسىس ۋە تېخنىك خادىملار بۇ كۆۋرۈكنى ئىككى كۈن

---

① لېۋ. تولستوي: «ئىجادىيەت توغرىسىدا» 27 - بەت.

ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، لايىھەدىكى ئۆلچەمگە لايىق، دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى بىردەك ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش دەپ بېكىتتى» دېگەن جۈملىنى ئالساق، «بىر قەدەر»، «ئۆلچەمگە لايىق»، «ئەلا سۈپەتلىك» دېگەن ئۇقۇملار لوگىكا جەھەتتە بىر-بىرىنى تامامەن ئىنكار قىلىدۇ، يەنە ئالايلۇق، «مانا بۇ بوپقالدى مويسىپىت دەرەخ»، بۇ، بىر شېئىرنىڭ بىر مىسراسى، مويسىپىت دېگەن سۆز پارسچە بولۇپ، موي — تۈك، سىپىت — ئاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مويسىپىت دېگەن بۇ ئۇقۇمنى پەقەت ئەرلەرگىلا ئىشلىتىش مۇمكىن، دەل - دەرەخكە ئىشلىتىش تامامەن خاتا. يەنە «يېشىل ياۋا كەپتەر» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇنىڭدىكى «يېشىل» دېگەن سۆزنىڭ جايىدا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، ياۋا كەپتەرنىڭ رەڭگى ئادەتتە كۆك بولىدۇ، ھەرگىز يېشىل بولمايدۇ. «دوناي كالپۇك» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇنىڭدىكى «دوناي» دېگەن ئۇقۇم جايىدا قوللىنىلمىغان، دونايىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەگرى، شۇڭلاشقا، دوناي كالپۇك دېمەي، دورداي كالپۇك دېسە توغرا بولاتتى. «دەۋر ئالغا يۈكسەلدى» دېگەن جۈملىگە قاراپ باقايلى، «ئالغا» دېگەن سۆزنى تۈز سىزىق بىلەن ئىپادىلىسەك «يۈكسەلدى» دېگەن سۆزنى تىك سىزىق بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ، دېمەك، گەپنى توغرا ئىشلەتكەندە «دەۋر ئالغا ئىلگىرلىدى» بولىدۇ.

سۆزنىڭ جۈملىدە توغرا ئېلىنىش - ئېلىنماسلىقى ماقالىنىڭ راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇش - بولماسلىقى بىلەن ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋەتلىك، يېزىقچىلىق بىلەن يېڭى شۇغۇللانغۇچىلار بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى لازىم.

سۆزلەرنىڭ ھېسسى رەڭگىگە دىققەت قىلىش كېرەك، مانا بۇ ئىككىنچى مەسىلە. بەزى سۆزلەر ئۆز مەنىسىنى بىلدۈرگەننىڭ سىرتىدا، مەلۇم رەڭدارلىقىمۇ ئىگە. بەزى سۆزلەر ياقلاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قىزىقىش مەنىلىرىنى بىلدۈرسە، بەزىلىرى كەمسىتىش، رەددىيە بېرىش، ئىنكار قىلىش ۋە يىرگىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، بەزىلىرى بولسا ئارىسالدا بولۇپ، ھېچقانداق ھېسسى رەڭدارلىقىقا ئىگە ئەمەس.

تۆۋەندە بىز كۆپچىلىك ئوبدان بىلىدىغان مۇنۇ شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

بىز يىغان ھەسرەتتە، شەيتان نەغمىدە،
يىغلىساق بىز بۇندا، بۆرە بەزمىدە.
ئەسلىدۇق باتۇرنى كۆزدىن ياش تۆكۈپ،
دىل غەزەپتە، قول قىلىچنىڭ دەستىدە.
(«تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرىدىن)

بۇ شېئىر «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن نۇقتىلىق «سۇرۇشتە قىلىنغان» ياخشى شېئىردۇر، يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقىغان چېغىمىزدا چىن قەلبىمىزدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، راھەتلىنىپ، پۇخادىن چىققاندەك بولىمىز. ئاپتور بۇ يەردە «شەيتان»، «بۆرە» گە ئوخشاش كەمسىتمە سۆزلەر بىلەن شەمشەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» قا سانچىغان، «ھەسرەت»، «نەغمە»، «كۆز ياش» دېگەن سۆزلەر گەرچە مۆتىدىل ئۇقۇم بولسىمۇ، شېئىرغا كىرگۈزۈلۈشى بىلەن قېنىق ھېسسي رەڭنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

سۆزلەرنىڭ ھېسسىياتلىق رېڭى ناھايىتى نازۇك، نەپىس بولغاچقا، جۈملىگە كىرگۈزگەندە ئۇنىڭ كەمستمە ياكى ماختالما تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ۋە ھېسسىياتلىق تەرىپىگىمۇ دىققەت قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئىدىيە، ھېسسىياتنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى لېۋ. تولستوي ئەسەردىكى ھەر بىر سۆزنىڭ تۈجۈپلەپ تاللىنىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭغا

كىرگۈزۈلگەن سۆز باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە بولمايدىغان «بىرلىيانت سۆز» بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ تىلنىڭ توغرا، ئېنىق، جانلىقلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

تىلنىڭ توغرىلىقى ئاپتور تەپەككۇرىنىڭ توغرىلىقىغا ئاساسلىنىدۇ. پەقەت ئويلىغانلىرى چۈشىنىشلىك، مۇھاكىمىلىرى پۇختا بولغاندىلا، ئاندىن توغرا ۋە پۇختا يازالايدۇ؛ ئەگەر ئويلىغانلىرى مۇجمەل، مۇھاكىمىلىرى پۇختا بولمىسا، يازغانلىرىمۇ مۇجمەل ۋە قالايمىقان بولۇشى مۇقەررەر. تىلنىڭ ئېنىقلىقى سۆز مەنىلىرى ئوچۇق، ئېنىق ۋە سۆز ـ جۈملىلەر رەتلىك بولۇشى، ئېيتماقچى بولغانلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، شەيئىنىڭ خاراكتېرى ۋە ھالىتىنى يارقىن ھەم گەۋدىلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، كىتابخانلاردا روشەن تەسىرات قالدۇرۇش دېمەكتۇر.

ماركس «تىل — ئىدىيىنىڭ بىۋاستە رېئاللىقى»[1]، «ئىدىيە تىلدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ»[2] دېگەنىدى. رېئال تۇرمۇشتا، تىل بىلەن تەپەككۇر زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى تونۇشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ھەرىكىتى قاتارلىقلار مۇئەييەن تىل بىلەن خاتىرىلىنىدىغان ماتېرىيال بولۇشى ھەمدە تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. شۇڭا تىلنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن بىۋاستە باغلانغان بولىدۇ.

ئومۇمەن، ماقالىدە سۆزلەرنى نەق جايىدا قوللىنىش ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تونۇش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇش

---

(1) «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 523 ـ بەت.

(2) «1857 ـ 1858 ـ يىللاردا يېزىلغان ئىقتىسادشۇناسلىق قولىيازمىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەنئەنە توغرىسىدا» (1)، خەنزۇچە نەشرى، 112 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، سۆز بايلىقىغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم؛ ئاندىن سۆزلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئەستايىدىل پوزىتسىيە قوللىنىپ، ھەر بىر سۆزنى تاللاشقا سۆز خەزىنىسىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ لايىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشىمىز لازىم.

## 2. جۈملىنى راۋان تۈزۈش

جۈملىنىڭ راۋان بولۇشى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى گىرامماتىكىلىق تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى، يەنە بىرى مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇشى. جۈملىنىڭ راۋانلىقى ماقالە تىلىغا قويۇلىدىغان ئەقلىي تەلەپتۇر. مۇبادا ماقالىنىڭ تىلى راۋان بولمىسا، باشقىلار چۈشىنەلمەيدۇ-دە، پىكىر ئالماشتۇرۇش جەھەتتە رول ئوينىيالمايدۇ.

گىرامماتىكىغا چۈشمەسلىك — جۈملىنىڭ راۋان بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. گىرامماتىكىلىق خاتالىق كۆپىنچە، ئېنىقلىغۇچىنى خاتا ئىشلىتىشتىن سادىر بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورنى مۇقىم بولىدۇ، ئەگەر ئېنىقلىغۇچى خاتا ئىشلىتىلسە جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن، «ئايال زاۋۇت ئەزالىرىمۇ جاپا چېكىپ ئىشلىمەكتە»، «ئىككىنچى ياشلار ئاشخانىسى» دېگەن جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بىرىنچى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئورنى توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، زاۋۇت ئايال ھەم ئەركەكتىن ئىبارەت جىنىسقا ئايرىلىدىغان مەنا چىقىپ قالغان، ئىككىنچى جۈملىدە ياشلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىدەك مەنا چىقىپ قالغان. ئەسلىدە بىرىنچى جۈملە «زاۋۇتنىڭ ئايال ئەزالىرىمۇ جاپا چېكىپ ئىشلىمەكتە» دېيىلسە توغرا بولاتتى. جۈملە بەك ئۇزىراپ كەتكەندە، گەپنىڭ يۆرۈشى

ئۇنتۇلۇپ، جۈملە چولتا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار مۇكۆرۈلىدۇ. ياردەمچى سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلمەسلىك سەۋەبىدىن، جۈملىنى راۋانلاشتۇرالماسلىق، باغلاشتۇرالماسلىق ئەھۋاللىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا ياردەمچى سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ جۈملىدىكى گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، توغرا ئىشلىتىش لازىم.

جۈملىنىڭ مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇش - بولماسلىقىمۇ راۋانلىقتا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەپتۇر. بۇ هال كۆپىنچە ئۇقۇمنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، هۆكۈمنىڭ جايىغا چۈشمەسلىكى، خۇلاسىدە لوگىكىغا دىققەت قىلماسلىقتەك جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## 3. تىل جانلىق بولۇش

ماقالە تىلى توغرا، راۋان بولغاندىن سىرت، جانلىق، ئېنىق ۋە تەسىرلىك بولۇشى كېرەك. لېنىن «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى»نىڭ ئاپتورى ئېۋگېنى پوتئېرنى خاتىرلەپ يازغان ماقالىسىدە هېچبىر دەبدەبىلىك سۆز - ئىبارىلارنى ئىشلەتمىگەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىرەر ئاڭلىق ئىشچى هەر قانداق بىر مەملىكەتكە بارسىمۇ، تەقدىر ئۇنى قەيەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ تاشلىسىمۇ، ئۆزىنى هەر قانچە مۇساپىر، تىل ئۇقۇشمايدىغان، ئەل - ئاغىنىسىز، ۋەتىنىدىن يىراقتا هېس قىلسىمۇ، ئۇ هەممىگە تونۇش بولغان ‹ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى› كۈيى ئارقىلىق ئۆزىگە يولداش ۋە دوست تاپالايدۇ.»[1] بۇ يەردە لېنىن، «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى»نىڭ دۇنياۋى ئەهمىيىتىنى ئەنە شۇنداق بىر نەچچە ئېغىز سۆزگىلا ئىخچاملاپ، ئوبرازلىق هالدا

---

[1] «ئېۋگېنى پوتئېر»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 434 - 435 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن.

تىلنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن، جۈملە شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ژانىر ۋە تېما ئېھتىياجىغا قاراپ، جۈملە شەكلىنى ئاددىي جۈملە، قوشما جۈملە، مۇرەككەپ جۈملە قىلىۋېتىش مۇمكىن، شۇنىڭدەك ھەرقايسى جۈملىدە سېلىشتۇرما، بايان، مۇلاھىزە، تەسۋىر، لىرىكا تۈسىنى ئالغان خىلمۇ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش مۇمكىن. خىلمۇ خىل جۈملە شەكىللىرىدىن پايدىلانغاندا، تىلدا دولقۇن پەيدا بولۇپ، تېتىقسىزلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ. ئەگەر جۈملە قېلىپلىشىپ قالسا ياكى ئۇزۇن جۈملىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىنىپ كېلىۋەرسە، كىتابخانلارنى ھاردۇرۇپ قويىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان ئەھۋاللار كۆرىلىپ، كىشىلەرگە تەسىر بېرەلمەيدۇ.

ماقالە تىلى قانچە شوخ، قانچە جانلىق بولسا، ھېسسىيات جەھەتتە سەمىمىلىك يېغىپ تۇرسا، كىتابخانلارنى ئۆزىگە شۇنچە جەلب قىلالايدۇ ھەمدە قاتتىق تەسىر قوزغاپ، ئاپتور بىلەن كىتابخانلارنى ئورتاقلىقا ئىگە قىلالايدۇ.

ماقالىنى جانلىق قىلىپ يېزىشتا، سىتىلىستىكىلىق تەرەپكىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىتىلىستىكىلىق ۋاستىلەر مۇۋاپىق قوللىنىلسا، تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقى كۈچىيىدۇ، جۈملە شەكلى بېيىيدۇ. بۇ پىكىر - ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم بىر شەرتىدۇر. بالزاك «گورىيو بوۋاي» رومانىنىڭ ئاخىرقى بابىدا، گورىيونىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«— ئۇلار ئەمدى كەلمەيدۇ، — دەپ بوۋاي يىغلاپ سۆزلەپ كەتتى، — ئۆلىدىغان بولدۇم، خاپىچىلىقتىن سەپرا بولۇپ ئۆلىدىغان بولدۇم! سەپرايىم ئۆرلەۋاتىدۇ! ئەمدى مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن. مەن ئالداندىم! ئۇلار مېنى

ياخشى كۆرمەيدۇ، مېنى زادى ياخشى كۆرگەن ئەمەس. بۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. قىزلىرىم مۇشۇ چاغقىچە كەلمىگەندىن كېيىن، ئەمدى كەلمەيدۇ، ئۇلار كېلىشنى كېچىكتۈرگەنسېرى، كېلىپ مېنى خۇشال قىلىشنى شۇنچە خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىلىمەن مەن ئۇلارنى، مېنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىمنى، دەرت - ئازابىمنى، ھاجەت - تىلىكىمنى ئۇلار ئەزەلدىن قىلچە بىلگەن ئەمەس، ھەتتا مېنىڭ ئۆلىدىغانلىقىمنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. مېنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، مېھرى-مۇھەببىتىمنى ئۇلار ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق، ئۇلار مېنى دەپسەندە قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مېنىڭ بەرگەن بارلىق قۇربانلىرىم بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ. . . . »

ئاپتور بۇ يەردە بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا ھالاك بولۇش تەقدىرىنى، پۇلنىڭ كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇناسىۋەتتىكى ھۆكۈمرانلىق رولىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

## 4 . سۆزنى ئىخچام ئېلىش

ئالدى بىلەن، جاپاغا چىداپ تىلنى تاۋلاش كېرەك، ماياكوۋسكى، شېئىر يېزىشنى رودى قېزىش بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، بىر گرام رودى قېزىشقا بىر يىللىق ئەمگەك قىلىش توغرا كەلسە، شېئىر يېزىشقا بىر سۆز ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن مىڭ توننىلاپ سۆز قېزىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەنىدى. بۇ، يازغۇچىلاردىن ئىپادىلەش كۈچى مول بولغان سۆزلەرنى تاللاپ، سۆز -جۈملىلەرنى ئىخچام تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىخلاس بىلەن تۈزىتىپ، تەكرار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇرەككەپ قىسىملىرىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. لۇشۇن ئەپەندى: «يېزىپ بولغاندىن كېيىن كەم دېگەندە ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىش كېرەك، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان سۆز - جۈملە، ئابزاسلارنى ھېچبىر ئاغرىنماستىن ئېلىۋېتىش لازىم» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، تىلنىڭ ئىخچاملىقى ئىخلاس بىلەن تۈزىتىشكە ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىخچام دېگەن سۆز، قۇرۇق گەپ، تېتىقسىز گەپلەرنى كىرگۈزمەسلىك، تەكرار سۆزلەرنى ئېلىپ تاشلاش، ئاددىي، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق سۆزلەرنى قوللىنىش دېگەنلىكتۇر. ماقالىنى ئىخچاملاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابى ئەدەبىيات ئىستىلىنى ئۆزلەشتۈرىشىمىز، ئاندىن كېيىن تىلدىن پايدىلىنىشقا دائىر مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئومۇمەن ئىخچام تىل بىلەن يېزىلغان بولىدۇ. يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر ئابزاس تەسۋىر بار:

«دادام ئانچە ساۋاتلىق بولمىسىمۇ، قۇلاق مولللىسى ئىدى. ئۇ نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى، قولىدىن تەسۋى چۈشمەيتتى. دادام ئاپامنى تالا - تۈزگە چىقارمايتتى، ئاپامنىڭ ئۆگزىگە چىقىپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالسا سەپراسى ئۆرلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىچارە ئاپام سۇس يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان زەي ئۆيدە ئەتىدىن كەچكىچە ئۆي ئىشىنى قىلاتتى، قولى بوشىسا ياماقچىلىق، كەشتە تىكىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، تار ھويلىمىزنىڭ ئۈستى يېپىق بولۇپ، پەقەت بىرلا ئورۇندا تۈڭلۈكى بار ئىدى. ئاپام ھويلىغا چىقسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى تۈزۈك كۆرەلمەيتتى، ئاخىر ئاپام ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالماس بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى ئامراق ئىدى، مەنمۇ كۆپ ۋاقىت ئۇنىڭدىن ئايرىلماي

ھېچ بەرگە كەتمەيتتىم. چۈجە مىكياننىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ بېقىنىغا كىرىپ ياكى ئالدىدا يۈكۈنۈپ، دۈمچەيگەن ھالدا بېشىمنى قۇچىقىغا قويۇپ ئولتۇراتتىم. ئاپام بولسا بېشىمنى، دۈمبەمنى زېرىكمەي سىلايتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق قوللىرى بەدىنىمدە ئايلانغانسېرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ياكى يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولاتتىم - دە، ئاپامنىڭ مېھىر - مۇھەببەتلىك قۇچىقىدا شېرىن ئۇيقۇغا چۆمەتتىم.» (زۇنۇن قادىرى «خاتىرىلەر» 2 - بەت). يازغۇچى نېمە دېگەن ئۇستا رەسسام - ھە! ئۇ ئەنە شۇنداق ئاددىي، ئىخچام سۆزلەر بىلەن ئانىنىڭ ئوبرازىنى جانلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگەن.

لۇشۈن ئەسەر يېزىش ماھارىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «چىن مەنانى قاچۇرماسلىق، پەردازلىماسلىق، گەپ ياسىماسلىق، گەپ ساتماسلىق كېرەك» دەپ يازىدۇ.

يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر، كۆپ چاغلاردا چىرايلىق گەپنى قانچە كۆپ كىرگۈزسەك، تەسۋىرنى قانچە كۆپەيتسەك شۇنچە ياخشى، ئۇ چاغدا ماقالە گۈزەل بولۇپ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى ئادەملەر باركى، ئۇلار ماقالىسىدە تەكىتلىمەكچى بولغان غەرىزىنى باشقىلار بىلمەي قالارمىكىن دەپ، دەپ بولغان سۆزنى تەكرارلاۋېرىدۇ، نەتىجىدە يازغان ماقالىسى «ھورۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك» كىشىنى بىزار قىلىدۇ.

تىلنىڭ ئىخچاملىقىغا دىققەت قىلىش، مەنىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئەمەس، ئەلۋەتتە، باي ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن سۆز جۈملىلەرنىڭ ئاددىي، قىسقا، توغرىلىقى، زىددىيەت بىرلىكىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، باي ئىدىيىۋى مەزمۇن ئاساس قىلىنىدۇ. باي ئىدىيىۋى مەزمۇن بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئىخچام سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مەزمۇنى پۇچەك بولسا، سۆز - جۈملىلىرىنىڭ ھەر قانچە ئاز بولۇشىدىن

www.uyghurkitap.com

قەتئىينەزەر، قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەسەر ئىخچام ھەم داۋلىسى مۇكەممەل بولغاندىلا، ھەقىقىي ئىخچام بولغان بولىدۇ.

## § 2. تىل ئۆگىنىشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك

ماقالىدە سۆزنى توغرا ئىشلىتىش، جۈملىنى راۋان تۈزۈش، سۆزلەرنى جانلىق قوللىنىش ھەمدە ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ تىل ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

تىل ئۆگىنىشتە خەلق تىلىنى ئۆگىنىشكە، قەدىمكى ئەجداتلاردىن ئۆگىنىشكە، چەت ئەل تىللىرىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، تىلنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

### 1. كۈندىلىك تۇرمۇشتا خەلق ئىچىدىكى يېڭى ۋە شوخ تىللارنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش

خەلق — تىلنىڭ ئىجادكارى، جانلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ مەزمۇنغا باي تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن.

خەلقنىڭ ئېغىز تىلى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە تىلدۇر. خەلق ئىچىدە «ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى»، «يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولدى»، «پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى»، «بىر ياماقنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتەتتى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بار، بۇنى «ئىزا تارتتى»،

«خىجالەتچىلىك تارتتى»، «بىئارام بولدى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئوبرازلىق بولۇپ، بىزگە يېڭىلىق بېغىشلايدۇ. خەلق ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەر بولۇپ، بەكمۇ رەڭدار كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئوت قالىغان يەرنىڭ قىزىقى كەتسىمۇ، قىزىلى كەتمەيدۇ»، «تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز»، «ئېغىلدا بولسا، ئېغىزغا تېگىدۇ»، «ئاتاڭ ئەردۇر، ئاناڭ ئەردۇر، ئەردەك قىلىق قىل» دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىللەر مەنانى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى تەپەككۇر جەھەتتىنمۇ يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكنى ئىپادىلىگەن.

خەلق ئاممىسىنىڭ ئاغزاكى تىلىنى ئۆگىنىشتە، تۈنجى قەدەمنى خەلق تۇرمۇشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. خەلقتىن ئۆگەنمەكچى بولىدىكەنمىز، خەلق بىلەن تونۇشۇشىمىز، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. تۇرمۇش بولمىسا تىلمۇ بولمايدۇ. ھارۋىكەشنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشەنگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۆگىنىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئاندىن تىلنىڭ بۇلىقىنى تېپىۋالالايمىز. تۇرمۇشتىن تىل ئىزدىسەك، تاپقان تىلىمىزنىڭ يىلتىزى بار بولىدۇ، يېزىقتىن تىل ئىزدىسەك، تاپقان تىلىمىز ياسالما تىل، پەردازلانغان تىل بولۇپ قېلىپ، مۇددىئايىمىزنى نېگىزىدىن ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. دېمەك، تىل بىلەن تۇرمۇش چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، تىل ئۆگىنىشنى تۇرمۇش ئۆگىنىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. «تۇرمۇش ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ جانلىق لۇغەتتۇر» (لاۋشى: «تىلنى قانداق ئۆگەندىم»).

زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دراممىسىنى ئالساقمۇ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئاغزاكى سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، بىرىنچى پەردىدە غۇنچەمنىڭ ئانىسى زورىخان بىلەن نۇرۇمنىڭ

www.uyghurkitap.com

دىئالوگىدا، زورىخان مۇنداق دەيدۇ:

«ئاپاڭ رەھمەتلىك جان ئۈزۈش ئالدىدا ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ: ‹دۇنيادا بىرلا ئوغلۇم قالدى، ئاۋۋال خۇدا، ئىككىنچىدىن ھەدە ساڭا تاپشۇردۇم، ئاۋۋال ئۆزەڭ بالا قولۇن قىلمۇۋالارسەن› دېگەنىدى (كۆز يېشى قىلىدۇ). سەن بولساڭمۇ چوڭ بولدۇڭ. غۇنچەممۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ قوياي دېسەم، مەندە ئارتۇق بىر نېمە يوق. يا سەن ئىشلەپ تۈزۈكرەك بىر نەرسە تاپالمىدىڭ، ئۇنىڭ-بۇنىڭغا بىكارغىلا قارىشىپ بېرىپ يۈرىدۇ-دەپ ئاڭلايمەن. بىر كىچىدىلا پەتە ئوقۇتۇپ قوياي دېسەم، غۇنچەممۇ بىر تال قىز، سەنمۇ بىر تال ئوغۇل، خەلقى ئالەمنىڭ ئىچىدە سۆز- چۆچەككە قالىدۇ كىشى. ‹ھە... خەقنىڭ توينى ئويناڭ دېسە، خويمۇ ئويناڭ، خويمۇ ئويناڭ، ئۆزىگە كەلگەندە يەڭ ئىچىدە› دېيىشىدۇ، بىرەرسىنىڭكىدە چاڭگۇڭ تۇرۇپ، ھېچ بولمىسا، توينىڭ ئاش سۈيى ئۈچۈن بىرەر توپاق، بىرەز خو گۇرۇچ، شۇنىڭغا يەتكۈدەك ياغقا پۇل تاپساڭ، بىزمۇ باغنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشتۇرۇپ قەنت-گېزەك، يىرتىش ئۈچۈن رەخ- پەخ ئالساق، ئاناڭدىن قالغان ئانچە- مۇنچە نەرسىلەر بار، بىزنىڭمۇ تاپقان- تۇتقانلىرىمىزنى قېتىش- قۇرۇش قىلىپ، ‹ئەجەپ ئوبدان بولدا› دېگۈدەك بىر توي قىلىپ، ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويسام دەيمىنا» («غۇنچەم» 10- بەت). بۇ گەپلەر پۈتۈنلەي خەلق تىلىدۇر. سۆزلەرنىڭ بىرلىشى زورىخان ئانىنىڭ سالاپىتىگە ناھايىتى ماس كەلگەن. بىزمۇ تۇرمۇشتا چۆككەندە، ئەنە شۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرگە زەڭ قويۇشىمىز، ھەتتا سۆزلىگۈچىنىڭ روھى ھالىتىگىمۇ يىقىندىن دىققەت قىلىشىمىز لازىم. خەلق ئاغزاكى تىلىنى ئۆگىنىشتە سۆز توپلاشقا تىرىشىش لازىم. نۇرغۇن يازغۇچىلار ئۆز ئالدىغا مەخسۇس سۆز خاتىرىسى تۇتۇپ كەلگەن،

خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىپادىلەش كۈچى يۇقىرى بولغان سۆزلەرنى يىغقان ۋە خاتىرىلىگەن، شېكىسپىرنىڭ يېزىقچىلىق پائالىيىتى داۋامىدا توپلىغان سۆز ئاتالغۇلىرى 12 ـ 13 مىڭغا يەتكەن. پۇشكىننىڭ توپلىغىنى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، تولستوي كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ ماڭغان ھەمدە خەلق ئاغزاكى تىلىدىكى تەسىرلىك سۆزلەرنى خاتىرىلىۋالغان. گوگول قالدۇرۇپ كەتكەن «يان دەپتىرى»دە خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن سۆز، ماقال ـ تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلەر، ئادەت سۆزلىرى، ھەر خىل سايمانلارنىڭ خاس ئاتالغۇلىرى بار. ئۇ «ئۆلۈك جانلار» رومانىنى يېزىش داۋامىدا، ئۆزى توپلىغان مۇشۇ سۆزلۈك ماتېرىيالدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. چېخوۋنىڭ خاتىرىسىدىمۇ نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلار ۋە جۈملە شەكىللىرى ئۇچرايدۇ.

ئاممىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئۆگەنگەندە «شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىش»قا دىققەت قىلىش لازىم. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا، تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېغىز تىلىنى قارا ـ قويۇق يىغىۋەرمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا، تاللاش، رەتلەش، تولۇقلاش جەريانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن پايدىلىنىش لازىم. ئۇنىڭدا پاسسىپ، ساغلام بولمىغان، خۇنۇك ۋە كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان ئىبارىلەر كۆرۈلسە ئېلىپ تاشلاش كېرەك. ماقال ـ تەمسىل ۋە يەرلىك شىۋىلەرنىمۇ قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئەگەر ھەركىم خالىغانچە ئىشلىتىۋەرگەندە «چاپىنىنى ئالىمەن دەپ قارغۇ قىلىپ قويىدىغان» ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

### 2. مەشھۇر ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇپ، يېزىق تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز كلاسسىك ئەسەر ياكى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلىنىڭ توغرا، ئىخچام ۋە ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. لېكىن بۇ ئەسەرلەردە قوللىنىلغان تىللار، ھەرگىزمۇ ئىنقىلابى ئۇستازلار ياكى ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ مېڭىسىدە ئەزەلدىن بار بولۇپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ خەلق تىلىدىن ئۆگىنىپ، پىششىقلاش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن تىللاردىن ئىبارەت. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تىللار خەلق ئاغزاكى تىلىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. شۇڭلاشقا، مەيلى قەدىمكى زامانىنىڭ، مەيلى ھازىرقى زامانىنىڭ بولسۇن، مەيلى جۇڭگونىڭ، مەيلى چەت ئەلنىڭ بولسۇن، مەشھۇر ئەسەرلا بولسا، بىز ئۇنى يېزىق تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ خەزىنىسى قىلىشىمىز لازىم. يېزىق تىلىنى ئۆگەنگەندە، مەشھۇر ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇش ۋە پىششىق ئوقۇش كېرەك. ھەتتا ياخشى ئەسەرلەرنى ياد ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ماقالە يازساق قەلىمىمىزنى ئەركىن ئوينىتالايمىز. يازغان نەرسىلىرىمىزمۇ بىر قەدەر جانلىق چىقىپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمىزنى، تۇرمۇشنى توغرا، ئېنىق ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز.

مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى ئۆگەنگىنىمىزدە، ئېغىزنى بىكار قويمىغانىنىڭ سىرتىدا، قولنىمۇ بىكار قويماسلىق لازىم، دېمەك، قېتىرقىنىپ مۇلاھىزە قىلىش، تەتقىق قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يېزىق تىلىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قايسى تەرەپلىرى ياخشى چۈشكەنلىكىنى، سۆز - جۈملىلەرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، جۈملە شەكىللىرىدە قانداق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ، خاتىرە يېزىپ مېڭىش لازىم.

ماركسىزملىق كلاسسىك ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇن

جەھەتتىكى ئۆلمىيلىكى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىپلا قالماستىن، تىل جەھەتتىكى بەدىئىيلىكى بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن، ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا پۇلنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىشىدىكى بايان مۇنداق يېزىلغان:

«سابىق پۇلنىڭ ئىگىسى كاپىتالىست سۈپىتىدە ئالدىدا بارىدۇ، ئىش كۈچىنىڭ ئىگىسى بولسا شۇ كاپىتالىستنىڭ ئىشچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بارىدۇ، بۇلاردىن بىرى كۆپ مەنىلىك تەنە بىلەن ھىجىيىدۇ ۋە ئىشقا كىرىشىش ھەۋىسىدىن يانىدۇ؛ ئىككىنچىسى بولسا، بازاردا ئۆزىنىڭ تېرىسىنى ساتقان كىشىدەك، غەمكىنلىك بىلەن بېشىنى سىلىپ ئاران ـ ئاران قەدەم تاشلايدۇ ۋە كەلگۈسىدە بىر ئىستىقبالدىن: شۇ تېرىنىڭ ئاشلىنىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئىستىقبال يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.»[1]

بۇ جانلىق ۋە سەممىمي سۆزلەر ئابستراكت ئۇقۇملارنى كونكرېتلاشقان ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ، چوڭقۇر، چۈشىنىكسىز داۋلىلارنى ئاددىي، ئاممىباب قىلىپ يېشىپ بەرگەن. بۇ سۆزلەر كاپىتالىستىك تۈزۈمگە بولغان چۈشىنىشىمىزنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، ھېسسىياتىمىزنى قوزغاپ، غەزەپ ـ نەپرىتىمىزنىمۇ ئۇرغۇتىدۇ. ئاپتور «ئالدىدا بارىدۇ»، «كۆپ مەنىلىك تەنە بىلەن ھىجىيىدۇ ۋە ئىشقا كىرىشىش ھەۋىسىدىن يانىدۇ» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆرەڭلىك، ساختىپەزلىك قىياپىتىنى ناھايىتى ئېنىق سۈرەتلەپ بەرسە؛ «كەينىدىن ئەگىشىپ بارىدۇ»، «بازاردا ئۆزىنىڭ تېرىسىنى ساتقان كىشىدەك، غەمكىنلىك بىلەن بېشىنى سىلىپ ئاران ـ ئاران قەدەم تاشلايدۇ»، «شۇ تېرىنىڭ ئاشلىنىشىدىن باشقا

---

[1] ماركس: «كاپىتال» 1 ـ توم، 286 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق ئىستىقبال يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان پرولېتارىياتنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭ تىلى توغرا، ئېنىق ۋە كۈچلۈك بولۇشتىن سىرت، جانلىق، شوخ ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى لازىم.

مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ تىلدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن. يازغۇچى جېك لوندوننىڭ لېنىن قىزغىن ئالقىشلىغان «ھاياتقا مۇھەببەت» ھېكايىسىدىن مۇنۇ بىر ئابزاس مەنزىرە تەسۋىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئۇ ئۆزى يالغۇز قالغان جاينى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. ئەتراپى كىشىنى پەرىشان قىلىدىغان بىر مەنزىرە ئىدى. پاكار تۈپىلىقلار بىر خىل ئەگرى - بۈگرى سىزىق ھاسىل قىلىپ، تا ئۇپۇققا تۇتاشقىچە سوزۇلۇپ كەتكەن، نە بىرەر دەرەخ، نە چاتقال، نە ئوت - گىياھ كۆرۈنمەيتتى. پايانسىز كەتكەن دەھشەتلىك چۆل-سەھرادىن باشقا ھېچنەرسە كۆزگە چېلىقمايتتى. ئۇنىڭ قورقىنىدىن كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى.» («ھاياتقا مۇھەببەت» 94 - بەت). ئاپتور بۇ يەردە ئۆلۈم جىمجىتلىقىغا چۆككەن بۇ قاقاس چۆلنىڭ مەنزىرىسىنى خۇددى ئۇيۇلغان ھەيكەلدەك ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگەن.

بىز مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، شۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئەسەر تىلىنىڭ پىششىق ۋايىغا يەتكەنلىكىنى، ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئارا جىپسىلىشىپ، مەقسەتنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگەنلىكىنى، ئەگەر بىرەر سۆز نېرى - بېرى قىلىنىۋېتىلسە، ئەسەر مەزمۇنىغا زور تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن چېغىمىزدا

ئاندىن، بىرەر نەرسە، بىرەر ئىش، بىرەر مەنزىرە ۋە بىرەر ئىدىيىنى توغرا، روشەن، جانلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بىرەلەيدىغان تىل شەكلىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، تىلدا بۇنچىلىك نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشقا، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3. يېزىش ئەمەلىيىتىدە تىلنى قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ بېرىش

ماقالە يېزىشتا، سۆزلەرنىڭ توغرا قوللىنىلىشى، جۈملىلەرنىڭ راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇشى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ قالماستىن، مېغىزلىق سۆزلەرنى تاللاش، جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. بۇ خىل مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەت تىل ئۈستىدە تاللاش ۋە پىششىقلاش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنقىلابى ئۇستازلار بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىل ئۈستىدە ئىشلەش جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە. ۋېلىيام. لېبكىنخىت «ماركس ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ئەسىرىدە، ماركسنىڭ تىل ئۈستىدە سىڭدۈرگەن ئەمگىكى مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ: «ماقالىنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، بەزى چاغلاردا بىرەر ياردەمچى سۆزنىمۇ ئىنچىكىلەپ چايناش دەرىجىسىگە يېتەتتى»، «ئۇ تىلنىڭ تازا ۋە توغرا چىقىشى ئۈچۈن كۈچىنى قىلچە ئايىمايتتى» دەپ يازىدۇ. لېنىنمۇ ماقالىنىڭ ستىلىستىكىلىق تەرىپىگە ئەمگەك سىڭدۈرۈشنى، ماقالە يېزىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ مەسىلىنىڭ بىرى، دەپ قارىغانىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «مۇھىم ماقالىلەرنى بىر قېتىم

www.uyghurkitap.com

ھەتتا ئۇن نەچچە قېتىم كۆزدىن كۆچۈرۈپ، پىششىقلاپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئېلان قىلىش كېرەك» لىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يەتتىنچى بابىدا، تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

172 تولا سۆزلىمە سۆز، بىرەر سۆزلە ئاز،
تۈمەن سۆز تۈگىنىن بۇ بىر سۆزدە ياز.
190 كىشىدىن ـ كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتسالڭ يۇز پايدا بولۇر.

ئايتور بۇ مىسرالاردا «كىشىنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ئۆلىدىغانلىقىنى، لېكىن سۆزنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى»، شۇڭلاشقا «كىمكى ئۆلۈمسىز ھاياتنى تىلەيدىكەن، خۇلقى بىلەن سۆزىنى ياخشى قىلىشى كېرەكلىكىنى»، «تۈمەن سۆزنىڭ تۈگىنىنى پەقەت بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن يېشىش لازىملىقىنى» ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

سوۋېت سوۋلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب ئوۋياڭشۇ بىرەر ماقالە ـ ئەسەرنى قولدىن چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى تامغا چاپلاپ قويۇپ، ئۆزلۈكسىز ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزلۈكسىز ئويلىناتتى ۋە ئۆزلۈكسىز تۈزەپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ماقالىلىرى دەسلەپ يازغان كۆپىيىسىگە ئوخشىماي، تامامەن باشقىچە بولۇپ چىقاتتى. لۇشۈننىڭ تىلدىن پايدىلىنىش قابىلىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق يۇقىرى تالانتىغا رازى بولماستىن، يەنىلا «يېزىپ قولدىن چىقارغاندىن كېيىن، كەم دېگەندە يەنە ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرنى قىسقارتىپ تاشلاشنى، بۇ جەرياندا كۆچى زايا بولۇشتىن قورقماسلىق» نى تەشەببۇس قىلاتتى. ماياكوۋسكى: «شېئىر يازغۇچىدا بىر

تۈرلۈك سۆز ـ جۈملىلەرنى تاللاش ئادىتى بولۇش لازىم. بۇنداق ئادەت پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەندىلا ئاندىن ئادەتلىنەلەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئىنقىلابى ئۇستازلار ۋە مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش جەھەتتىكى روھى ۋە سەمىمىي كۆرسەتمىلىرى بىزنىڭ ئىخلاس بىلەن ياخشى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان شائىرلىرى شېئىردا پېئىللارنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، ئاتاقلىق شائىر جياداۋ «شەيخ ئۇرار ئايدىڭدا ئىشىكنى» دەپ يېزىپ، «ئۇرۇش» دېگەن سۆز بىلەن جىمجىت كېچىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ، مۇبادا «قېقىش» ياكى «ئىتتىرىش» دېگەن پېئىلنى ئىشلەتكەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا مىسرا بۇنداق جانلىق، يېنىك، سىلىق چىقمىغان بولاتتى.

يۇقىرىقىدەك مىساللار بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ماقالىغا قايتا ئىشلەشتە ئەستايىدىل بولۇشىمىز، سۆزلەرنى يۇغۇرۇپ پىششىقلاشنى قايتا ـ قايتا ئېلىپ بېرىشىمىز، سۆز تاللاش، سۆز يەڭگۈشلەش، قوشۇش، سۆز ـ جۈملىلەرنى قىسقارتىشلارغا تولۇق كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئېنىق، ئوقۇشلۇق، ئىخچام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىپادىلەش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرالايمىز، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ھەقىقىي يوسۇندا يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز، چۈنكى سۆزلەرنىڭ ئېنىق بولۇشى ئىدىيىنىڭ ئېنىق بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. سۆزلەرنى پىششىقلاشتا ئەگەر ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇندىن چەتنەپ، يەككە ـ يېگانە ھالدا سۆز قوغلىشىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا شەكىلۋازلىق يولىغا كىرىپ قالىمىز.

---

① ماياكوۋسكى: «مەن شېئىرنى قانداق يازسەن»، «سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى»، 95 ـ 111 ـ بەتلەر.

يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە، سۆز - جۈملىلەرنى پىششىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەگەر قەغەز سەندەل بولسا، تىل شۇ سەندەل ئۈستىگە قويۇلغان نەرسە، ئۇنى بازغان بىلەن سوقۇپ پىششىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئەجىر تولۇق ۋايىغا يەتسە، تىل يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە بارغانسېرى بېيىپ بارىدۇ. كۆڭۈل قويۇپ پىششىقلىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تەسىرلىك بولۇشى ناتايىن، لېكىن بازغان بىلەن ئۇرۇپ، قايتا-قايتا پىششىقلىغان سۆز-جۈملىلەر ھامان چەك باسمايدىغان قۇرۇق گەپلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

پىششىقلاش — ياساش دېگەنلىك ئەمەس، كېسەك تىزغاندەك تىزىپ چىقىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئۇلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، بىزنىڭ تىل ئۈستىدە پىششىقلاش ئېلىپ بېرىشىمىز ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەشنى، ماقالىنىڭ ئىپادىلەش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## 4. گراماتىكا، لوگىكا ۋە ستىلىستىكىدىن خەۋەردار بولۇش

يولداش ماۋزېدۇڭ: «ئازراق گراماتىكا، لوگىكا ۋە ستىلىستىكا ئۆگىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ، تىل سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش، ماقالىنى توغرا، ئېنىق ۋە جانلىق يېزىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. بەزىلەر، بۇ تىلشۇناسلار بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئىشى، ئۆگەنمەك قىيىن دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش تامامەن خاتا. بىزنىڭ گراماتىكا، لوگىكا ۋە ستىلىستىكىنى ئۆگىنىشىمىز، ئىدىيىمىزنى ئاستا - ئاستا توغرىلىتقا ۋە تاكامۇللىققا يەتكۈزۈشنى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش، سۆزلەرنى جايىغا ئىشلىتىش،

جۈملىلەرنى توغرىلاش، ماقالىنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ يېزىشنىمۇ مۇھىم مەقسەت قىلىدۇ.

گراممانىكا — سۆز - جۈملىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. لوگىكا — توغرا پىكىر قىلىش شەكلىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ستىلىستىكا بولسا، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بىز گراممانىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، جۈملىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىۋالساق، جۈملىدىكى نۇقسانلارنى ئاسانلا بايقىيالايدىغان بولىمىز - دە، توغرا سۆز، توغرا جۈملە ئارقىلىق، قىلغان سۆزىمىز بىلەن ئىدىيىمىزنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز. لوگىكىنى ياخشى ئۆگەنسەك، پىكىر قىلىش پائالىيىتىمىزدە لوگىكىلىق قائىدە - قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان بولىمىز ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزدىكى مەنتىقىلىق خاتالىقلارنى سېزىۋېلىپ، تۈزىتەلەيمىز. ئۇقۇملارنى توغرا ئىشلىتىپ، ھۆكۈملەرنى توغرا چىقىرالايمىز. ستىلىستىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، سۆزلەرنى پىششىقلاش، جۈملە تاللاش ۋە باشقا ئۇسۇللارنى ئىگىلىۋالساق، قىلماقچى بولغان سۆزىمىزنى كونكرېت ئوبرازلاشتۇرالايمىز، بۇنداق بولغاندا سۆز - جۈملىلىرىمىز جانلىق، شوخ - يېنىك، ئۆزگىرىشچان بولۇپ چىقىدۇ.

قىسقىسى، گراممانىكا، لوگىكا ۋە ستىلىستىكىنى ياخشى ئۆگىنەلىسەك، تىل جەھەتتىكى ئاڭسىز ئەمەلىيىتىمىزنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتكە ئۆزگەرتىپ، تىلنى توغرا، ئېنىق ۋە جانلىق ئىشلىتەلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن ماقالىمىزمۇ ياخشى يېزىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تىلدىن پايدىلىنىشتا كۆتۈلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەر قايسىلار؟
2. تىلنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟
3. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاغزاكى تىلىنى ئۆگىنىشتە تۈنجى قەدەمنى نەدىن باشلاش كېرەك؟
4. نېمە ئۈچۈن يېزىش ئەمەلىيىتىدە تىلنى قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ بېرىش تەكىتلىنىدۇ؟
5. گراماتىكا، ستىلىستىكا، لوگىكا ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى نېمە؟

# VI باب ئۇسلۇب

ئۇسلۇب دېگەن نېمە؟ كارل ماركس فرانسىيەنىڭ داڭلىق ئوبزورچىسى گ. بوففۇننىڭ مەشھۇر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئۇسلۇب ئادەم دېمەكتۇر»[1] دېگەنىدى.

ماقالىنىڭ ئۇسلۇبى دېگەندە، ئاپتورنىڭ ئەسەر ئۈستىدە يورگۈزگەن ئوي - پىكرى، ۋەقەلىك، توقۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئىشلەتكەن تىلى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلگەن خاسلىق بىلەن بەدىئىي ئالاھىدىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يازغۇچىنىڭ شەخس ئۇسلۇبىنى ئۇنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىدىيىسى، سىياسىي چۈشەنچىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى، بەدىئىي تالانتى، بەدىئىي ھەۋىسى ۋە بەدىئىي تەربىيىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنىڭ سىرتىدا يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىئىي ئىجادىيىتى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولىدۇ.

ماقالىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ۋە ئاپتورنىڭ ئىجاتكارلىقى — ئەسەر ۋە ئاپتورنىڭ پىشىپ يېتىلگەن - يېتىلمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل بەلگە. تورگىنېۋ ئاپتورنىڭ خاسلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە ھەر قانداق تالانت ئىگىسى مۇھىم دەپ سانايدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئاۋازى دەپ ئاتىماقچى بولغان نەرسىلەردۇر». مۇنداق «ئۆزىنىڭ

---

[1] «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - كىتاب. 83 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئاۋازى» دەل ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىدۇر. ئاپتور خاسلىقتا، باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن پەرقلىنىدىغان ئاۋازغا ئىگە بولالىغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈستىدە يېڭىچە ئىزاھات بېرەلەيدۇ، يېڭى سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايدۇ. رېئال تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىللىقى ماقالە ئۇسلۇبىدىكى خىلمۇ خىللىقنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇسلۇبىي خاسلىقتا ئىگە ئاپتورلار بولالىغاندىلا، يازغان ماقالىسى ئاندىن تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنغا مول رەڭگارەڭ تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، ئالاھىدە بەدىئىي يادىكار سۈپىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىپ بېرەلەيدۇ.

ماقالە ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشى جەمئىيەت ۋە شەخستىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمىلىك ئامىلنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بىلەن بولىدۇ.

مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، مىللىي ئەنئەنە بىلەن دەۋر ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى زوقمەنلىككە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئاپتورلاردىكى مىجەز - خۇلۇق ماقالە ئۇسلۇبىدىكى ئالاھىدىلىكنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل. چۈنكى ئادەملەر كۆزىتىش، بىلىش، باھا بېرىش، تۇرمۇشنى ئىپادىلەش جەھەتلەردە قوللىنىدىغان ئۇسۇل — مىتود ئوخشاش بولمايدۇ، بەدىئىي ماھارەت ۋە تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئادىتى، ۋاستىنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. بۇنداق بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئاپتورنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە بەدىئىيلىككە يۈزلىنىشى مۇئەييەن ئالاھىدىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، ماقالىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى يارىتىدۇ.

# § 1. ماقالە ـ ئەسەر ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ۋ. گ. بېلىنسكى، ئۇسلۇب «ئىدىيە بىلەن شەكىلنىڭ زىچ بىرىكىشىگە ئۆزىنىڭ خاسلىقى بىلەن مەنىۋى ئۆزگىچىلىكىنى سىڭدۇرۇشنىڭ ئۆزىدۇر»① دەپ ئېيتقانىدى. بىز بۇ خىل ئۆزگىچىلىككە ئاساسەن بىر يازغۇچىنى يەنى بىر يازغۇچىدىن پەرقلەندۈرەلەيمىز.

ماركس يەنە: «ھەقىقەت ئومۇمى بولىدۇ. ئۇ، مەن بىر ئادەمگە تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى، بارلىق كىشىلەرگە تەئەللۇقتۇر؛ ھەقىقەت مېنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىدۇ. ئەكسىچە مەن ھەقىقەتنى ئۆز ئىلكىمدە تۇتمايمەن. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ مەنىۋى خاسلىقىنى پەيدا قىلىمەن»② دېگەنىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ ئىجاتچانلىقىدىدۇر. بۇ كارل ماركس ئېيتقان «خاسلىق»تىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق «روھى يەككە خاسلىق» ئاپتورنىڭ شەخسى خاسلىقىدۇر. ۋەھالەنكى، روھى جەھەتتىكى يەككە خاسلىقنى بەرپا قىلىدىغان شەكىل بىز دېمەكچى بولغان ئەنە شۇ ماقالىنىڭ ئۇسلۇبىدۇر.

## 1. ئۇسلۇب — ئاپتور خۇلقىنىڭ ئىنكاسى

بىر دەۋردە ياشاپ، ھەۋەس، ئارزۇدا ئاساسەن ئوخشىشىدىغان ئاپتورلارمۇ، كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، مىجەز-خۇلقى

---

① «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 2-كىتاب. 83 ـ بەت.
② «پىرۇسسىيىنىڭ كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى يېقىنقى بۇيرۇقىغا باھا». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.

ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇسلۇب جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا زامانداش بولۇپ ياشىغان لېۋ. تولستوي بىلەن گوركىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. تولستوي 1828 - يىلى مۇسكۋادىن ئانچە يىراق بولمىغان ياسنايا پوليانادىكى پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا - ئانىسى ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. بىراق، تولستوي ئون ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەن. ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىقى تۈپەيلىدىن، تولستوي باللىق يىللىرىنى باياشات تۇرمۇشتا ئۆتكۈزگەن. گوركى 1868 - يىلى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نىژنىي نوۋگورىدتا بىر ياغاچچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 4 يېشىدا دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، ئانىسى بىلەن بىللە، بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارغان، 10 يېشىدىن تارتىپلا شاگىرت، تاماق توشۇغۇچى، گۈزەتچى، بولكىچى، هامبال بولغان. بارى - يوقى پەقەت ئىككى يىللا ئوقۇغان. 1888 - يىلدىن باشلاپ ئۇزۇن بىر مەزگىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. گوركى ياشلىقىدا مەرت - مەردانە، ئادالەتپەرۋەر ئادەملەرگە ئارىلاشقان. مۇساپىرچىلىق ساياھىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا، ئۇنىڭ قولى ئوچۇق بولۇپ، مەردانە مىجەز - خۇلقتا ئىگە ئادەم بولۇپ يېتىشكەن. تولستوينىڭ «ئاننا. كارىنىنا» رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا سيۇژېتنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ يىغىنچاق ۋە باغلىنىشلىق بولغان، پېرسوناژلار تەسۋىرلەنگەندە مۇرەككەپ روھىي ھالەتلەرنىڭ جەريانىغا بولغان تەھلىل تېخىمۇ ئىنچىكە، تەپسىلىي بولغان. بايان قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىجادىيىتىدىكى بەزىدە جىددىي، بەزىدە سىلىق يېزىش ئەمما كۆچلۈك لىرىكىلىق تەسۋىرلەشتەك ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەنە ھەجۋى قىلىش ۋە سىلىشتۇرۇش ئۇسلۇبىنىمۇ

ناھايىتى كۆپ قوللانغان. گوركىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە، ئىنقىلابى رومانتىك ئەسەرلەر مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. 1906 ـ يىلى گوركى «ئانا» رومانىنى يازدى. روماننىڭ باش قەھرىمانلىرى پاۋىل بىلەن نىلوۋنانىڭ ئوبرازىدا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابى جەڭچىلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئۇلار سوتسىيالىستىك يۈكسەك غايىگە، پارتىيىگە، پرولېتارىياتقا، ئىنقىلابقا سادىق بولۇشتەك يۈكسەك پەزىلەتلەرگە ئىگە، ئۇلاردا شەخسىيەتچىلىك يوق، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ.

ۋ. گ. كورولېنكو ھېكايىچىلىق توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ گوركىغا مۇنداق دېگەنىدى: «سىز خاراكتېرلارنى يارىتالايدىكەنسىز، ھېكايىڭىزدىكى كىشىلەر ئۆز ـ ئۆزلىرىدىن سۆزلەيدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ، سىز ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە ھېسلىرىگە ئارىلاشماسلىقنى بىلىسىز، بۇنىڭغا ھەر كىم ئېرىشەلمەيدۇ'»[1] بۇ، ئەلۋەتتە گوركى ئۇسلۇبىغا بېرىلگەن باھا. ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدا سىياسىي خاراكتېر كۈچلۈك. دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ ئۇستازى دەپ نام ئالغان ئا. پ. چېخوپنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان مەنىۋى خىسلەت خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ياكى ھېسسىيات تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ تۇرۇش ياكى سىرلىق ۋە كۆركەم بولۇپ كۆرۈنۈش ياكى مىزمۇنغا باي ۋە جانلىق بولۇش ۋە ياكى مەردانە ۋە ھەيران قالارلىق بولۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە گوركى مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ياخشى ھەم يامان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە قانداق ياشىسا، چېخوپنىڭ ھېكايىسىدىمۇ شۇنداق ياشايدۇ. چېخوپنىڭ ھېكايىلىرىدە ئەمەلىيەتتە بولمىغان نەرسىلەر يوق. ئۇنىڭ تالانتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۈچى شۇنىڭدىكى، ئۇ ھېچقاچان ھېچنېمىنى ئۆز ئىچىدىن

---

(1) م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» I ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 253 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئويلاپ چىقارمايدۇ، «دۇنيادا يوق، نېمىنى تەسۋىرلىمەيدۇ.»[1]

ئۇسلۇب جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك چىخوپنىڭ مىجەز-خۇلقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئاجايىپ پاك ۋە كەمتەر يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆز قەلبىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ قەلىمى مۇستەقىل بولغان، ئۇ ئاددىي، ھەقىقىي ۋە سەمىمىيلىكنى ياخشى كۆرگەن. دېمەك، سىنىپىي كېلىپ چىقىشى ئوخشاش، يۈزلىنىشىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولغان يازغۇچىلارنىڭ خۇلق ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ.

ۋەقەلىك بىر بولسىمۇ، ئۇنى يازغان ئاپتورلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى، تۇيغۇ - ھېسسىياتى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مەزمۇن جەھەتتىن ھەممىسى ياخشى يېزىلغان ھالەتتىمۇ، كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغىنىدەك، يەنىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## 2. ئۇسلۇب — دەۋر روھىنىڭ ئىپادىسى

ماقالە ئۇسلۇبى گەرچە ئاپتورنىڭ مىجەز خۇلقىنى ئىپادىلەپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا دەۋر روھىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. لۇشۇن ئەپەندى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئۇسلۇب بىلەن كەيپىيات خاھىشقا باغلىق بولىدۇ. ئادەمگە قاراپ ئوخشاشماسلىقلار بولۇپلا قالماستىن، ۋەقەلىك ۋە ۋاقىتقا قاراپمۇ ئوخشاشماسلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ.» مۇئەييەن ۋاقىتتىكى سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى

---

[1] م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 - بەت.

ئۆزگىرىش ۋە ئادەتلەرمۇ، ھەر قانداق بىر يازغۇچىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشىشىپ كېتىدىغان يازغۇچىلار، ئورتاق كۆرەشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئوخشىشىپ كېتىدىغان دەۋر روھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ھاللاردا مەلۇم ئورتاق خۇسۇسىيەت شەكىللىنىدۇ.

## 3 . ئۇسلۇب مىللىي ۋە سىنىپىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە

مىللەتلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس پسىخىك، ئۆرپ - ئادەت، تىل ۋە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى ياراتقان بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىنى پەيدىن - پەي شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. ماياكوۋسكىنى ئالساق، ئۇ رۇس تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۇتقا قىلىپ، پەلەمپەي شەكلىنى ئالغان چاچما شېئىرنى بەرپا قىلدى. بوغۇم، ۋەزىن قائىدىسى، خۇسۇسىيەت جەھەتلەردىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، مەيلى مەزمۇن ياكى شەكىلدە بولسۇن، ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

گەرچە بىر مىللەتتىن بولسىمۇ، جەمئىيەتتە تۇتقان سىنىپىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان يازغۇچىلارنىڭ مەيدان ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ھەۋەس، ئارزۇلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان قارىشى ۋە ئوبيېكتىپ دۇنياغا بېرىدىغان باھاسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھال ھەر خىل سىنىپتىن كېلىپ چىققان يازغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن دەۋردىكى ئېكسپىلاتاتور سىنىپنىڭ ئەدىبلىرى كۆپىنچە چىرىك نەرسىلەرنى ياكى بولمىسا پاسسىپ، چۈشكۈن، تەركى دۇنيالىقنى يېزىپ، ئۆز سىنىپىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سىنىپلارنىڭ يازغۇچىلىرى ھامان ئۆرلەشكە، يۈكسىلىشكە ئىنتىلىدىغان، كەلگۈسىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ.

## § 2. ئۇسلۇبنىڭ ماقالە ـ ئەسەردە ئىپادىلىنىشى

ئۇسلۇب — ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور ۋەقەلىكنى تاللاش، ئاساسىي مەزمۇننى پىششىقلاش، ماتېرىياللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پېرسوناژ يارىتىش، تىلدىن پايدىلىنىش ۋە مەنا، خۇسۇسىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

### 1. ۋەقەلىكنى تاللاش ۋە ئاساسىي مەزمۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە

ھەرقايسى ئاپتورنىڭ سەرگۈزەشتىسى، دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇشنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ۋەقەلىكنى تاللاش ۋە ئاساسىي مەزمۇننى پىششىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر قايسىسىنىڭ

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. لۇشۈن بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا، يېرىم فېئودال ۋە يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا، بۇ ھال ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىنى تىكلەشكە ئۈندىدى، شۇڭا، ئۇ يازغان ھېكايىلاردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېسەلمەن جەمئىيەتتە ئازاب ئوقۇبەت چەككەن ئادەملەردىن تاللانغان. لۇشۈن كېسەل ئازابىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق «داۋالىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقچى» بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە كونا جەمئىيەتتە ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان، ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ زۇلمىنى كۆپ چېكىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئاپتور بۇ يەردە مۇشۇنداق پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق كونا تۈزۈمنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - ئارمانلارنى ئاشكارىلاپ، بىزگە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدىن تارتىپ «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە تېمىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، ئىجادىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئۈزۈل - كېسىل تەنقىد قىلىش روھىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن تەڭ، قەيسەر ئىرادە ۋە ئاددىي - ساددا تۈسكە ئىگە بولغان ئالاھىدە ئۇسلۇبنى يارىتىدۇ.

ۋەقەلىك ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئاپتورلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ۋاسىتىسى

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەر قايسى ئاپتورلاردا بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئۇسلۇب شەكىللىنىشى مۇمكىن. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى تېما قىلغان ئەسەرلەرنى مىسالغا ئالساق، بەزىلىرى بەدىئىيلىكتە ئۇستىخانلىق يېزىش بىلەن ئالاھىدىلەنسە، بەزىلىرى سوزۇك، سىپايىلىك يېزىلىش بىلەن ئالاھىدىلەنگەن. بەزى ئەسەرلەر تەسۋىر جەھەتتىن ناھايىتى ئاممىباب يېزىلغان بولسا، بەزىلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن ناھايىتى پۇختا يېزىلغان. يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ئۇسلۇبلار، ئاپتورلارنىڭ ۋەقەلىكنى بىر تەرەپ قىلىش، تېما پىششىقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

## 2. ماتېرىيال ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلما جەھەتتە

ئاپتورلارنىڭ ماتېرىيال ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قۇرۇلما قۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىمۇ كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمايدۇ، ئازادلىقتىن كېيىن، بەزى يازغۇچىلار تۇرمۇشتىكى ئۇششاق پارچىلارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ رايوندا بولىۋاتقان ئۇلۇغ قاينام - تاشقىنلىق كۈرەش تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ۋەقەلىكنى ئەڭ جىددىي مىنۇتلاردىن باشلاپ، تەدرىجىي راۋاجلاندۇرۇپ، قاتمۇ - قات چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئاخىرىنى يەنە دەل - جايىغا چۈشۈرۈپ توختىتىدۇ.

قۇرۇلما — يېزىقچىلىقتا بولىدىغان ناھايىتى مۇھىم باشلىنىش، ئۇ ماقالىنىڭ ئىپتىدائىي ئىزگىنى، شۇنىڭدەك پۈتۈن ماقالىنىڭ چوڭ باشلىنىشى. يازغۇچى ئۆز تۇرمۇشىدا توپلىغان مەنىۋي بايلىقى بىلەن بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنى تولۇق ئىشقا

سېلىپ، قۇرۇلما ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتالايدۇ. بەزى يازغۇچىلار ماتېرىياللارنى تەشكىللەشكە، ئالاھىدە ۋەقە، ئالاھىدە تىل ۋە ئالاھىدە ئوبرازلارنى بەدىئىي توقۇلما تۈگۈنى قىلىپ تەشكىللەشكە ناھايىتى ئۇستا. ئۇلار پارچە - پۇرات ماتېرىياللارنى بىر-بىرىگە ناھايىتى پۇختا چىپىسلاشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

## 3. پېرسوناژ يارىتىش جەھەتتە

تىپىك شەخسلەرنى يارىتىش، پېرسوناژلاردىكى خاسلىقنى سۈرەتلەشكە كەلسەك، ھەر قايسى ئاپتورنىڭ قىزىقىشى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئادىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئايرىم بولىدۇ. يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يازغۇچىلار دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار يازغان ئەسەرلەردە كۆپىنچە، يېزىلاردىكى كۈرەش تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مەزمۇندا سەھرا پۇرىقى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. ئۇلار ئوبرازلىق لەقەم بىلەن پېرسوناژ خۇلقىنى ئىخچاملاپ كۆرسىتىشكە ماھىر كېلىدۇ، ئۇلار يەنە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت، سۆزلىرى بىلەنمۇ، شۇ پېرسوناژلارنىڭ خۇلقىنى ئىپادىلەشكە ماھىر.

## 4. ماقالىنىڭ تۈسى ۋە خاھىشى جەھەتتە

ماقالىنىڭ تۈسى ۋە ھېسسىيات خاھىشى— ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ماتېرىيالنى تاللىشى، پىچىشى، تەسۋىر ۋە بايان قاتارلىق تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە پۇراق ۋە ھېسسىياتتۇر. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىپلىرى ماقالىنى سىلىق، سىرلىق، ئىخچام، ئېنىق،

مۇپەسسەل، ھەيۋەت، غەيرى، يېنىك دەپ سەككىز خىل سۆئەككە ئايرىغان. مانا بۇلار ماقالىنىڭ تۈسى ۋە خاسىيىتىگە قارىتىلغان. ئاپتور ۋەقەلىكنى تەييارلاپ پىششىق مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ماقالىنىڭ ھېسسىيات خاھىشى ۋە تۈسى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. تولستوينىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇ «تىرىلىش» رومانىنى يازغاندا، باياننى نەدىن باشلاشنى تاپالماي ناھايىتى ئۇزۇنغىچە قەلەم تەۋرىتەلمىگەن. كېيىن «تىرىلىش» رومانى دېھقانلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈشنى ئاساس قىلىشى كېرەك، دېگەن تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئىلھامى قايناشقا باشلاپ، كاتيۇشانىڭ تۇرمىدىن سوت مەيدانىغا يالاپ بېرىلىپ سوراققا تارتىلغان ۋاقىتتىكى ئوبرازىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يېزىپ چىققان.

## 5. تىلدىن پايدىلىنىش جەھەتتە

گوركى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بالزاكنىڭ ‹ساغرا تېرە› رومانىنى ئوقۇپ، بانكىرنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەت ۋە بۇ يەردە يىگىرمىگە يېقىن ئادەم تەڭ سۆزلەپ، تەرتىپسىز شاۋقۇن كۆتەرگىنىنى تەسۋىرلەيدىغان بەتلەرنى كۆرۈپ ۋە شۇ شاۋقۇننى ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇپ، ھەددىدىن تاشقىرى ھەيران قالغانىدىم. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، بالزاك بانكىر مېھمانلىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ، گەۋدىسىنىمۇ تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ قايسى بىرى قانداق سۆزلەۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىنى، كۈلۈشلىرىنى، قول ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن»[1] بۇ مىسالدىن بالزاكنىڭ،

---

[1] گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» I ـ توم، 394 ـ بەت.

ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ماتېرىيالى بولغان تىلدىن پايدىلىنىش ماتېرىيالى يەنى تىپ يارىتىش سەنئىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ماقالىنىڭ ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، تىل بىلەن ئۇسلۇبنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ماقالىلىرى تىلدىن پايدىلىنىش جەھەتتە، بىر گە شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەردى. ئۇ هاياتى كۈچكە ئىگە كونا تىللار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئاغزاكى تىللىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن هالدا يېڭى، جانلىق ۋە جەڭگىۋار ئۇسلۇبنى يارىتىپ بەردى. ئۇ «خەير ئەمىسە، ستوئارت ابتون» دېگەن ئەسىرىدە، ئىپادىلەش كۈچى ناھايىتى مول بولغان نۇرغۇن ئاغزاكى تىللارنى قوللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن كونا تىللارنىمۇ قوللانغان. يولداش ماۋزېدۇڭ كونا تىللاردىكى سىلىق، سىپايە، ئىخچام، مېغىزلىق سۆزلەرنى ئاغزاكى جانلىق، چۈچمەل سۆزلەر بىلەن ناھايىتى ئەپچىل بىرلەشتۈرۈپ، دۈشمەننى كىنايە قىلغان، سۆزلەرنى تازا جايىغا كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرغان، داۋلىدىن قىلچىمۇ چەتلەشمىگەن. بۇ سۆزلەر بىر-بىرى بىلەن ھەم يېپىشىپ، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە يېڭى مەنا ۋە يېڭى ئۇقۇم پەيدا قىلغان.

لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تىل ناھايىتى جانلىق، ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپىلىنغان. گەپلىرى ئۆتكۈر، كەسكىن بولۇش بىلەن بىللە كۈچلۈك خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لۇشۈن ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، ئەگىتىش، تەكرارلاش، كۈچەيتمە قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ماقالىنىڭ تەسىر-چانلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقا ماھىر. ئۇ مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاشتا، تىغمۇ تىغ تۇرۇپ كۆپىنچە كىنايە سۆزلەرنى قوللىنىدۇ. چوڭقۇر نەزەرىيە، پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېشىپ بېرىدۇ. لۇشۈننىڭ تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى، لۇشۇن زاۋنىلىرىدىكى ساپ، ئىخچام، ئۆتكۈر، كەسكىن، قىزىق ۋە كىنايە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن.

## § 3. ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىش

«ماقالىنىڭ قىممىتى - ئالاھىدە بولۇشتا»، ماقالە بولىدىكەن، ئۇ يېڭى، ئالاھىدە ئۇسلۇپتا يېزىلغان بولۇشى لازىم.

ماقالىنىڭ «يېڭى، ئالاھىدە» ئۇسلۇبى ئاممىۋى، مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئاممىۋى خۇسۇسىيەت دېگەندە كەڭ خەلق ئاممىسى قارشى ئالىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان ئۇسلۇب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىللىي خۇسۇسىيەت دېگەندە، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مىللىي ئۇسلۇبى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئېلىمىز خەلقى بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ناھايىتى مول ۋە ناھايىتى روشەن مەدەنىيەت، سەنئەت جەۋھەرلىرىنى ياراتتى ۋە توپلىدى. بىز مۇنداق ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈپ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ يېڭىچە، ئالاھىدە ئۇسلۇبىغا ئىگە ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىشىمىز كېرەك.

يېڭىچە ۋە ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە ماقالىلەرنى يېزىشتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتلەردىن تىرىششقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچىدىن، ماركسىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئالاھىدە ئۇسلۇبنى پەيدىن - پەي شەكىللەندۈرەلەيمىز.

رۇس يازغۇچىسى گوگول كىشىلەرگە «ھەر كۈنى يېزىق

ئۇستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىككى سائەت يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. چېخوپ: «ئىمكانقەدەر كۆپرەك يېزىش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئەدىبى چىڭ نەي: «توسقۇن بولۇۋاتقان سۆزلەرنى پىششىق ئۆگىنىشنىڭ كېرەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنالايسەن، پىششىق دېگەنلىك ياخشى تەرەپنىمۇ، يامان تەرەپنىمۇ ھېچقانداق ياردەمسىز بىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇ دەرىجىگە يەتكەندە قەلىمىڭنى خالىغانچە تەۋرىتىپ مۇرات - مەقسەتلىرىڭنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيسەن. يازغان سۆزلىرىڭ ئۆزلۈكىدىن راۋان بولىۋېرىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنى ئۇسلۇبنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە ئېلىمىز ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى يول ئېچىشتەك ئۇلۇغۋار دەۋرگە قەدەم قويدى. مۇنداق ئەھۋالدا بىز ماركسىزم يېتەكچىلىكىگە تايىنىپ، ئەجداتلاردىن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيادىكى ئىلغار يېزىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئەمەلىيەتتىن داۋاملىق ئۆتكۈزۈپ، ھەر قايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ دەۋر روھى سىڭدۈرۈلگەن ئۇسلۇبىنى پەيدىن - پەي يارىتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بۈگۈنكى سوتسيالىزم دەۋرنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تۇرمۇشنى ئۇزۇن مۇددەت پىششىق ئۆگىنىپ، ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن ئوبدان تونۇشۇشىمىز لازىم. تۇرمۇش — بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى. يازغۇچى تۇرمۇشقا ئۇزۇن مۇددەت چۆككەندىلا، تۇرمۇش بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقاندىلا، ئاندىن ئالاھىدە تۈسكە ئىگە ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى يارىتالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي شەكىلنى ئۆگىنىپ، مىللىي

www.uyghurkitap.com

ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

ماقالىلەرنىڭ تۈزۈلمە ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا، قەدىمكى يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلىرى بار، بۇ جەھەتتە بىز ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىگە. بىز مىللىي شەكىل بىلەن مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەنسەك، ئۇلار ماقالىنىڭ ئۇسلۇبىنى يېتىشتۈرۈش ۋە شەكىللەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن غايەت زور ياردەم بېرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، تىل ئۈستىدە قايتا - قايتا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. تىل — ماقالا ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل. ماكسىم گوركى يازغۇچى بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەڭچى بىلەن قورالنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقانىدى. شۇڭا خاس ئۇسلۇبتىكى ماقالىلەرنى يېزىش ئۈچۈن، ئەسەر تىلى ئۈستىدە ھارماستىن قايتا - قايتا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

تىل ئۈستىدە قايتا - قايتا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى «ئۆز تىلىنى قوللىنىش» يەنى ئۆز تىلىدا سۆزلەپ، ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش لازىم. بۇ، يازغۇچىدىن سۆزلىمەكچى بولغان سۆزنى خاسلاشتۇرۇشنى ۋە ۋەقەلەرگە ئالغان پېرسوناژلارنىڭ تىلىنى خاسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۆزلىمەكچى بولغان سۆزنى خاسلاشتۇرۇشتا يازغۇچى باش قاتتۇرۇشى، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئېرىنمەسلىكى لازىم. ھەر قانداق ماتېرىيال ۋە ھەر قانداق مەسىلىنى تەپسىلىي ئويلىغاندىن كېيىن، ئويلىغان پىكىرنى ئۆز تىلى بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ، دورامچىلىق قىلىشقا ياكى تەييار فورمۇلىدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا يازغۇچى ئاندىن ئۆزىنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى يارىتالايدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژلار تىلىنى خاسلاشتۇرۇشتا، يازغۇچى ئالدى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى، پسىخىك خىسلىتىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ، ئاندىن شۇنىڭغا لايىق خاس

سۆزلەرنى ئىزدەپ تەسۋىرلىشى كېرەك.

تىل ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان يازغۇچىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىگە گەرچە ئىسىم، تەخەللۇسى يېزىلمىسىمۇ، كىشىلەر كۆرگەن هامان ئۇلارنى بىلىۋالالايدۇ. چۈنكى تىل ئۇسلۇبىدىكى ئالاهىدىلىك هامان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن تىل ئۈستىدە قاتتىق باش قاتتۇرۇشقا، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەر ئۇسلۇبىمۇ زامان تەرەققىياتى ۋە ئاپتور ئەهۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، ئۇ مۇقىم ۋە تۇراقلىق نەرسە ئەمەس، پىشىپ يېتىلگەن ئۇسلۇب ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئۇ بىر، ئىككى كۈن ئىچىدىلا شەكىللىنىدىغان نەرسە ئەمەس. لېكىن، بىز مەزمۇنغا باي رەڭدارلىق تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ، ئەسەردىكى خاسلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېتىبار بېرىدىغان بولساق، ئۇنى تىرىشىپ يېتىشتۈرسەك، ئەمگەك سىڭدۈرسەك، خاسلىق تۈسىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايمىز.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئۇسلۇب دېگەن نېمە؟
2. ماقالە ئۇسلۇبىنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟
3. ئۇسلۇب ماقالىدە قايسى جەهەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟
4. يېڭىچە ۋە ئالاهىدە ئۇسلۇبقا ئىگە ماقالىلەرنى يېزىشتا قايسى جەهەتلەردىن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# ژانىر يېزىقچىلىقى نەزەرىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# VII باب تەپسىلىي خەۋەر

## § 1. قىسقىچە چۈشەنچە

تەپسىلىي خەۋەر (توڭشۈن) خەۋەردىن تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان بىر خىل خەۋەر ژانىرىدۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا پەيدا بولغان، خەۋەر ئەھمىيىتىگە ئىگە، كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس، ئىش ياكى مۇئەييەن تەجرىبىلەر ئۈستىدە كونكرېت، ئوبرازلىق خەۋەر ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تەپسىلىي خەۋەر خۇددى خەۋەرگە ئوخشاش چوقۇم ماتېرىيالى راست بولۇش، ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش پرىنسىپىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. خەۋەر شەكلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ئومۇمەن ئاساسىي مەزمۇنلا بايان قىلىنىپ، ۋەقەلىكنى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ يىراق - يېقىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ سەۋەبى ھەم نەتىجىسىنى تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشىنىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ ۋەزىپىنى پەقەت تەپسىلىي خەۋەرلا ئورۇندىيالايدۇ. بۇ مەنادىن ئېيتقاندا، تەپسىلىي خەۋەرنى ئادەتتىكى خەۋەرنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى دېيىشكە بولىدۇ.

تەپسىلىي خەۋەرنىڭ خەۋەر بىلەن ئوخشايدىغان كۆپلىگەن جايلىرى بار ھەمدە كۆرۈنەرلىك پەرقىمۇ بار. ئۇلارنىڭ پەرقى، شەكىل جەھەتتىن، خەۋەر يېزىشنىڭ تەرتىپچانلىقى بىر قەدەر

كۆچلۈك، ئادەتتە ئۇ كۆپ قۇر ماۋزۇ، كىرىش سۆز، باش تېما (بەزىدە ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىياللىرىمۇ قىستۇرۇلىدۇ) ۋە ئاخىرلىشىشتىن ئىبارەت نەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. تەپسىلىي خەۋەر بولسا بىر قەدەر جانلىق بولىدۇ، يۇقىرىدىكى بېكىتىلگەن رامكىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ؛ مەزمۇن جەھەتتىن، خەۋەر بىر ئىشنى پەقەت توغرا، ئومۇملاشتۇرۇپلا بايان قىلىدۇ، تەپسىلىي خەۋەر بولسا خەۋەردىكى ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ ياكى بىر قەدەر كۆپ بولغان ئادەم، ئىشلارنى يازىدۇ؛ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، خەۋەر ئېلان قىلىنىدىغان خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، بايانغا مىسال كەلتۈرۈشنى قوشۇپلا تونۇشتۇرىدۇ، تەپسىلىي خەۋەردە بولسا كۆپ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بايان ئاساسىدا جانلىق ھالدا تەسۋىرلىسىمۇ، لىرىكىلاشتۇرسىمۇ، مۇھاكىمە ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق ھالدا ئوخشىتىش، ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ؛ كۆچلۈكلۈكى جەھەتتە، تەپسىلىي خەۋەر، خەۋەرگە ئوخشاش ئۇنداق چىڭ ئەمەس، كۆپىنچە ئوخشاش بىر خەۋەردە، خەۋەر ئالدىدا ئېلان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلىي خەۋەر ئېلان قىلىنىدۇ.

تەپسىلىي خەۋەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 1. خەۋەرچانلىق

تەپسىلىي خەۋەر، خەۋەرنىڭ ھەقىقىيلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەپسىلىي خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدا چوقۇم خەۋەرنىڭ مەناسى، يېقىنقى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن ئادەم ياكى ئىش - ھەرىكەت بار بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، تەپسىلىي خەۋەر

بىلەن خەۋەر پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ. تەپسىلىي خەۋەرگە كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلاردا ھېچقانداق ياسالمىلىق ياكى «ئەقىلغە مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر» بولمايدۇ، گەرچە كىشىلەر تەپسىلىي خەۋەردىن خەۋەرنىڭ تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئوبرازلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلسىمۇ، بۇ پەقەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۈچۈنلا ئېيتىلغان، ھەرگىز ئەمەلىيەتكە نەزەر سالماستىن ھېكايە قىلىش، شەخسلەر ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈرۈش ياكى جانلىقلاشتۇرۇشنى قوغلىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس. تەپسىلىي خەۋەر يالغان ياكى ئىشەنچسىز بولۇپ قالسا، كىشىلەر ئالدىدا ئىناۋىتىنى يوقىتىدۇ، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ كىشىلەر ئىچىدىكى ئابرويىغا تەسىر يېتىدۇ.

تەپسىلىي خەۋەرنىڭ مەزمۇنى ھەقىقىي بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قاراتمىلىقى، دەۋر ھېسسىياتى بولۇشى ھەم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كىشىلەر بۈگۈن ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى، ئەمەلىي تۇرمۇشنى كۆرسىتىشى لازىم. تەپسىلىي خەۋەرچانلىقىنى يوقىتىپ قويسا خەۋەرنىڭ قىممىتى يوقىلىدۇ.

## 2. ئوبرازچانلىق

تەپسىلىي خەۋەرنىڭ ئاپتورى ئۆزى خەۋەر قىلغان ئىلغار شەخسلەر ياكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىشلار ئۈستىدە بىۋاسىتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارسا، ھېسسىياتنى ئىپادىلىسە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ياكى كۆز قارىشى ئارقىلىق كىتابخانلارغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. تەپسىلىي خەۋەردىكى باھالاش ياكى مۇنازىرىدە پېرسوناژ ياكى بايان قىلىنىۋاتقان ئىش ئۈستىدە مەھكەم تۇرۇش كېرەك.

### 3. بەدىئىيلىك

تەپسىلىي خەۋەر گەرچە ئەدەبىي ئەسەر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئوبرازلاشتۇرۇلغان بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغىلى بولىدۇ ھەم قوللىنىش كېرەك. تەپسىلىي خەۋەرنىڭ تىلى بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلىدا تەلەپ قىلىنىدىغان بەدىئىيلىك، ئاساسەن، ھەقىقىي ئىش، ھەقىقىي ئادەمنى بايان قىلىش جەريانىدا، ئوبرازلاشتۇرۇلغان ھالدا پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشكە، جانلاندۇرۇشقا، مەيدانلارنى جانلىق تەسۋىرلەشكە ماھىر بولۇشقا قارىتىلغان.

تەپسىلىي خەۋەردە ئەگرى - توقاي ۋەقەلىك، تۇرمۇش پۇرىقىغا تولۇپ - تاشقان پېرسوناژ دىئالوگى بولىدۇ، يەنە، ئوخشىتىش، سىمۋوللاشتۇرۇشتەك ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىمۇ بولىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىگە بولغان كونكرېت، بەلگىلىك تەسۋىرنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ياكى خەۋەر قىلغان ئوبيېكتىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرسە، ئوبرازلىق تەسۋىرنىڭ ئۆز ئەينى ۋە جانلىق بولۇشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر چىنلىقنى تەپسىلىي خەۋەرنىڭ جېنى دەپ قارىساق، باھا تەپسىلىي خەۋەرنىڭ روھى بولىدۇ، ئۇنداقتا، بەدىئىيلىك ئۇنىڭ قەددى - قامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەقەت بۇ ئۈچى بىر گەۋدە بولغاندىلا، ئاندىن بىر ياخشى تەپسىلىي خەۋەر ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

## § 2. تەپسىلىي خەۋەرنىڭ تۈرلىرى

تەپسىلىي خەۋەر مەزمۇنى جەھەتتىن ئاساسەن ئالتىگە بۆلىنىدۇ، بۇ پېرسوناژلىق، ھادىسە، خىزمەت، ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈش، باش تېما ۋە كىچىك تەپسىلىي خەۋەردىن ئىبارەت.

## 1. پېرسوناژلىق تەپسىلىي خەۋەر

پېرسوناژلىق تەپسىلىي خەۋەر ئادەملەرنى يېزىشنى ئاساس قىلىدىغان بىر خىل ئاخبارات شەكلى. ئۇ خەۋەر ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىلغار كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، ئىش - ئىزلىرى، ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ خەۋەر قىلىش مەركىزى قىلىدۇ. پېرسوناژلىق تەپسىلىي خەۋەر كۆپىنچە يېقىندا بارلىققا كەلگەن ئىسلاھاتچىلار، ئىلغار شەخسلەر، قەھرىمان نەمۇنىچىلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، داڭلىق ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئىلغار ئىش - پائالىيەتلىرىدىن ماتېرىيال ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭى، دەۋر روھىغا ئىگە ئىدىيىسىنى، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەيدۇ ھەم رىغبەتلەندۈرىدۇ.

## 2. ھادىسە تەپسىلىي خەۋىرى

ھادىسە تەپسىلىي خەۋىرى — ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىپ بايان قىلىدىغان بىر خىل ئاخباراتتۇر، بۇ تۈردىكى ئاخبارات دائىم خەۋەر مەزمۇنى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بايان دائىرىسىدە قانات يايىدۇ، ئۇلگىلىك ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى، راۋاجلىنىشى، خۇلاسىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ياكى دەۋرنىڭ يېڭى قىياپىتىنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ياراتقان يېڭى ئىش - پائالىيەتلەرنى مەدھىيىلەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ياكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك توسالغۇلارنى سۆكۈش ئارقىلىق، زىددىيەتنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلنى ئىزدەپ، ئىسلاھاتنىڭ

ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 3. خىزمەت تەپسىلىي خەۋىرى

خىزمەت تەپسىلىي خەۋىرى دېگىنىمىز، يېڭى خىزمەت تەجرىبىلىرى ياكى مەلۇم تۈردىكى خىزمەت مۇۋەپپەقىيىتىنى توغرىسىدىكى بىر خىل ئاخباراتتىن ئىبارەت. ئۇ كونكرېت جانلىق مىساللار ئارقىلىق، ئوبرازلىق ھالدا مەلۇم تۈردىكى نەمۇنىلىك تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇش، مەلۇم تۈردىكى خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەتنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى يېتەكلەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى ئاخبارات خىزمەت خۇلاسىسىغا، تەجرىبىلەر يەكۈنىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا چوقۇم ئەمەلىيەت ئارقىلىق گەپ قىلىش، جانلىق كونكرېت يېزىش ئەدەبىي ئۇسلۇبىمۇ بىرگە بولۇش كېرەك.

## 4. ئومۇمىي كۆرۈنۈش تەپسىلىي خەۋىرى

ئومۇمىي كۆرۈنۈش تەپسىلىي خەۋىرى — مەلۇم جاي، ئىدارە-ئورگاندىكى مەلۇم كەيپىيات، يېڭى ئۆزگىرىش ياكى يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئۆرپ - ئادەتلەرنى خەۋەر قىلىدىغان بىر خىل ئاخبارات. ئۇ، ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئاساسلىق قىياپەتنى ئىخچام سۈرەتلەيدۇ. بۇ خىل ئاخباراتنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئېلىنىدىغان ماتېرىيال كۆپ، نۇقتىسى جانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا كۆپىنچە نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆلەمگىنى قىسىپ ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوبيېكتنىڭ مەلۇم ئومۇمىي گەۋدە تەسىرىنى تۇتىدۇ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك نەق مەيدان تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، كىتابخانلارنى نەق مەيداندا ئۆزى باردەك تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

## 5. باش تېما تەپسىلىي خەۋىرى

باش تېما تەپسىلىي خەۋىرىنى يەنە «جۇغلاش تەپسىلىي خەۋىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ، يەنى بىر باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، بىر گۇرۇپپا خەۋەر ماتېرىيالىنى توپلاپ، تەپسىلىي خەۋەر قىلىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژ تەپسىلىي خەۋىرى ۋە ھادىسە تەپسىلىي خەۋىرى بىلەن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، يۇقىرىقىلاردا ئادەتتە، پەقەت ئاساسلىق قىلىپ مەلۇم بىر كونكرېت شەخس ياكى كونكرېت ۋەقە يېزىلىدۇ، باش تېما تەپسىلىي خەۋىرىدە بولسا كۆپلىگەن شەخس ياكى ۋەقەلىكلەر توپلىنىدۇ.

## 6. كىچىك تەپسىلىي خەۋەر

بۇ تۈردىكى تەپسىلىي خەۋەرنىڭ ھەجمى كىچىك بولۇپ قالماستىن، يەنە مەزمۇنى مەركەزلەشكەن، ۋەقەلىكى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ يەنە خەۋەر كىچىك ھېكايىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر بىر ۋەقەلىكتە ئازراق ئۇلانمىلىق بولىدۇ، ئۇ ۋەقە ياكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ مەلۇم بىر پارچىسىنى بايان قىلغاندا، جانلىق، تېتىك ھالدا مۇرەككەپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىشلارنى ياكى دەۋر ئېقىمىدىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## § 3. تەپسىلىي خەۋەر يېزىشنىڭ ئۇسۇلى

### 1. ئۆرنەكنى ياخشى تاللاش، باش تېمىنى ئېچىش

تەپسىلىي خەۋەرنىڭ باش ۋەزىپىسى — خەلق ئاممىسىغا يېقىندا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىش، يېڭى ئادەم، يېڭى كەيپىيات، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تەپسىلىي خەۋەرلەردە، مەزمۇن چوقۇم قەتئىي، چىن بولۇشتىن سىرت، يەنە مەزمۇنلۇق بولۇش، قىممەتكە ئىگە بولۇش، يەنە كېلىپ بىر قەدەر روشەن، مەركەزلىك ھالدا مەلۇم جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ياكى كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشىنى قوزغاپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. تەپسىلىي خەۋەر ئاپتورلىرىنىڭ ئۆرنەك تاللىشى، باش تېمىنى ئېچىشى ھەم تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا، ھەم زىيارەت قىلىشقا تايىنىدۇ، ھەممىدە روشەن كۆزگە تايىنىپ، قەلەمنى تۈرمۈش كۈرىشىدىكى «قاينام»غا ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلىشقا تايىنىدۇ.

ئۆرنەك تاللاش، خام ماتېرىيال توپلاش ۋە باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قارىماققا يېزىقچىلىق جەريانىدىكى ئۈچ باسقۇچتەك قىلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن يېزىقچىلىق جەريانىدىكى مۇناسىۋىتى بىر - بىرىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت، ئۇلارنى ئۈزلۈك ھالدا ئاجرىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ياكى ئۆز ئالدىغا ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەلۋەتتە كېيىنكى ئېھتىياجقا بولىدۇكى، ئاۋۋال ئۆبيېكت بولغاندىلا، ئاندىن زىيارەت ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ياكى باشتا باش تېمىنى مۇقىملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ماتېرىيال تاللاشقا ئىمكان ھازىرلىغىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، باش تېمىنى تىكلەش، ياكى يۈكسەلدۈرۈش، دەل تۇرمۇشتىكى كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىقداردىكى خام ماتېرىياللارنى پەرقلەندۈرۈپ، تەمنى تېتىش جەريانىدا تەدرىجىي بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۆرنەك تاللاش ياكى باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بولسۇن، ئۇلار يېزىقچىلىق جەريانىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشىغا سىڭدۈرۈلۈشى لازىم. ئاپتورنىڭ ئۆزلۈكسىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلۈكسىز پىكىر قىلىش، ئۆزلۈكسىز تۈزىتىپ پىششىقلاش ئەمەلىيىتىدە، ئۇچىنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ئۆز ئارا ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ، كۆپلىگەن ئاپتورلارنىڭ ئورتاق تەجرىبىسى ھەمدە كىشىلەرنىڭ تورمۇشنى تونۇشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.

## 2. پېرسوناژلارنى جانلىق يېزىپ، روھنى نامايان قىلىش

تەپسىلىي خەۋەر يېزىقچىلىقىدا، كۆپىنچە تەپسىلىي خەۋەر پېرسوناژى خەۋەرنىڭ مەركىزى قىلىنىدۇ. ھادىسە تەپسىلىي خەۋەردىمۇ ئادەم يېزىش كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا تەپسىلىي خەۋەر يازغاندا، كۆڭۈل قويۇپ پېرسوناژ ئوبرازىنى تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنى تىرىشىپ ياخشى يېزىش كېرەك.

پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، چوقۇم پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى قىياپىتىنى نامايان قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى قىياپىتى قانچە روشەن، قانچە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلسە، پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ شۇنچە چىن، ئىشەنچلىك بولۇشىغا ئاساس سېلىنىدۇ.

پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. پېرسوناژلار پائالىيىتىنى كونكرېت تەسۋىرلەش

ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ روھى قىياپىتىنى نامايان قىلىش كېرەك.

گوركىي: «سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى، تەربىيىۋى كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پېرسوناژلارنى ئىمكانقەدەر كۆپ ھەرىكەت قىلغۇزۇپ، ئاز گەپ قىلغۇزۇش كېرەك» دېگەن. بۇ سۆز پېرسوناژلار تەپسىلىي خەۋىرىنى يېزىشتىمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بىر ئادەم تىنىچ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسە قامال قىلىنىقلىق تۇرىدۇ، باشقىلار پەقەت ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى قىياپىتىنى بىلىش ناھايىتى تەس. پەقەت ئادەم ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغاندا، باشقىلار ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلەلەيدۇ. بىر ئادەمنى چۈشىنىشنىڭ يولى شۇنداق، بىر ئادەمنى تەسۋىرلەش-ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ يولىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ، كۆپلىگەن ئىلغار شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىدىيىسى، ئالىيجاناپ روھىنى ھەرگىز، ھەر قاچان، ھەر زامان كىشىلەر بىر قاراپلا بىلىۋالالمايدۇ. پەقەت كۈرەش - سىناقلاردا ئۇلارنى بايقاش مۇمكىن، تەپسىلىي خەۋەر يازغۇچىلىرى پەقەت مۇشۇنداق ئۆرنەك-مىساللارنى تاپقاندىلا ئاندىن پېرسوناژلارنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچالايدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئېچىشتا، پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت سۆز - ھەرىكىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پېرسوناژلارنىڭ روھى مەنزىلى ئۈستىدە كونكرېت مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غەيرى ھادىسىلەرنى بەك قوغلىشىپ كېتىشتىنمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى ئىلغار شەخسلەر ياكى خەۋەردىكى پېرسوناژلار ھەرگىز ئەۋلىيا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك بولۇشى، پەقەت ئۇلار ئامما ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىل ھەمدە جەمئىيەتتىكى ئادەتتىكى بىر شەخس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغانلىقىدا. ئۇلاردا ھەم يالتىراپ تۇرغان سۆز - ھەرىكەت، ئىدىيە بولۇشى، ھەم ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، خۇشاللىق، خاپىلىق بولۇشى لازىم. ئۇلارنى تەسۋىرلەشتە ھەم ئاجايىپ، ھەم ئەقىلغە مۇۋاپىق، ھەم ئاددىي ھەم ئاددىي ئەمەستەك دىئالېكتىك بىرلىكنى گەۋدىلەندۇرۇش كېرەك. مۇشۇ تەرەپلەرنى ئورۇندىغاندىلا، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تىپىكمۇ يېقىملىق قىلغىلى بولىدۇ.

2. كونكرېت جانلىق تەپسىلاتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئىچكى پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش.

تەپسىلات دېگىنىمىز — پېرسوناژلار ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھېكايە ۋەقەلىكى ياكى مۇھىت ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلەشمە بىرلىكى، يەنى شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل ھېسسىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت، ئىنچىكە ماتېرىيالدۇر. تەپسىلىي خەۋەردە پېرسوناژنى جانلىق يېزىش، تەپسىلات تەسۋىرىنى يېزىشتىن ئوخشاشلا ئايرىلالمايدۇ.

تەپسىلات تەسۋىرى تەپسىلىي خەۋەر يېزىشتا گەرچە كەم بولسا بولمايدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئۇنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ تاللاش ئارقىلىق ئاندىن ماقالىغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. تەپسىلاتنى تاللىغاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە پرىنسىپقا دىققەت قىلىش لازىم:

(1) چىن بولۇش. تەپسىلىي خەۋەرگە كىرگۈزۈلگەن بارلىق تەپسىلاتلار، چوقۇم تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن كېلىشى، ھەرگىز توقۇپ چىقىرىلغان بولماسلىقى كېرەك. يالغان تەپسىلاتلار خەۋەردىكى پېرسوناژ ياكى ۋەقەلىكنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(2) ئىنچىكە بولۇش. ئىنچىكىلىكنىڭ ئىككى خىل

مەنىسى بار: بىرى، ماتېرىيال ئېلىشتا كىچىك دائىرىلىك ھەم كونكرېت بولۇش، يەنە بىرى، تەسۋىرلەپ يازغاندا ئىنچىكىلەپ يېزىش. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(3) ساپ بولۇش. تەپسىلات ساپلىقتا، ھەرگىز كۆپلۈكتە ئەمەس. تەپسىلاتنى تەسۋىرلەش روھنى يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. تەپسىلاتنىڭ ئىشلىتىلىشى، ساپ ياكى ساپ بولماسلىقى، ئۇنىڭ پېرسوناژنىڭ روھى قىياپىتىنى، خاراكتېرىنى ياكى ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىش - بەرمەسلىكىدە، ئاخبارات باش تېمىسىنى يورۇتالىشىدا كۆرۈلىدۇ.

## 3. چوڭقۇر مەناسىنى «باھالاپ چىقىپ»، ئەقىلنى بارلىققا كەلتۈرۈش

تەپسىلىي خەۋەر يېزىشتا، بايان ئاساس قىلىنىدۇ، لېكىن بىر پارچە ياخشى تەپسىلىي خەۋەردە، ئەپلىك بايان بولۇپلا قالماستىن، يەنە باھا، مۇھاكىمە ھەم لايىقىدا لىرىكا بولۇشى كېرەك. مۇكەممەل باھا، مۇھاكىمە، سەمىمىي لىرىكا پېرسوناژلارغا، ۋەقەلىكلەرگە ھۆسن قوشىدۇ. ئەسلىدىكى ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر، جانلىق ئېچىپ بېرىدۇ.

ھېسسىيات بولمىسا ماقالە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، تەپسىلىي خەۋەردىمۇ شۇنداق، تەپسىلىي خەۋەرنى ياخشى، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك يېزىش ئۈچۈن، چوقۇم كۆپ خىل، ئۈنۈملۈك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاممىنى تەربىيىلەش، ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈشتەك مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، تەپسىلىي خەۋەرنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تەپسىلىي خەۋەر (توڭشۆن) دېگەن نېمە؟
2. تەپسىلىي خەۋەر بىلەن خەۋەرنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى نەدە؟
3. تەپسىلىي خەۋەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟
4. تەپسىلىي خەۋەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
5. تەپسىلىي خەۋەرنى يېزىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسىلار؟
6. تەپسىلىي خەۋەردە تەپسىلاتنى تاللىغاندا قايسى پرىنسىپقا دىققەت قىلىش كېرەك؟

# VIII باب دوكلات ئەدەبىياتى

## § 1. قىسقىچە چۈشەنچە

دوكلات ئەدەبىياتىنى ئەدەبىي خاراكتېرىدىكى دوكلات ياكى دوكلات خاراكتېرىدىكى ئەدەبىيات دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ ئەدەبىي ۋاستە ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتى زور شەخسلەرنى، ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، ئەدەبىي ھەم خەۋەر خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. خەۋەر خاراكتېرلىك ياكى دوكلات خاراكتېرلىك دېگىنىمىز، دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ئاملى بىلەن يېزىقچىلىق مۇددىئاسىغا قارىتىلغان، ئەدەبىيلىكى، ئۇنىڭ شەكىل ئاملى ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان. بۇ ئەدەبىي ژانىرنىڭ بۇرۇن يەنە بىر قانچە خىل ئاتىلىشى بولغان، مەسىلەن، «ئەمەلىي ماتېرىيالنى ئاساس قىلىپ تېز يېزىلغان ئەدەبىيات»، «تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىنغان ئەدەبىيات»، «سەنئەت دوكلاتى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەپسىلىي خەۋىرى» قاتارلىقلار.

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، يېقىنقى زامان خەۋەر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە.

دوكلات ئەدەبىياتى ئىنسانىيەت كاپىتالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن پەيدا بولغان. بۇ مەزگىلدە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسى غايەت كېڭەيدى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ مۇرەككەپلەشتى، دۇنيانى ھەم

ئۆزىنى بىلىش ئارزۇسىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ئاددىي خەۋەرلەرمۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى ئاللىقاچان قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، كونا شەكىلدىكى خاتىرە ئەدەبىياتى كۈچىدىن قېلىشقا باشلىدى. «دوكلات» (Reportage) ئۆز نۆۋىتىدە بارلىققا كەلدى.

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى جەريانىدا بىر تۈركۈم مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، گوركىنىڭ «ئامېرىكىدا»، جون. رىدنىڭ «دۇنيانى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن 10 كۈن»، يولىئوس فۇچىكنىڭ «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز»، شيايەننىڭ «ياللانمىلار» قاتارلىقلار.

باشقا ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ تارىخىغا سېلىشتۇرغاندا، دوكلات ئەدەبىياتىنى ناھايىتى ياش دېيىشكە بولىدۇ، دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىيەتتە بارلىققا كېلىشى، پىشىپ يېتىلىشى ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتىن ئېتىبارغا ئېلىنغىنىغا پەقەت بىر ئەسىردەك ۋاقىت بولدى. بولۇپمۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ھەمدە ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلەشتى. ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى گوركىي ۋە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مەشھۇر مۇخبىرى فۇچىك قاتارلىقلار دوكلات ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ھەم ئۇنىڭغا ئاساس سالغۇچىلاردۇر. مەملىكىتىمىزدە بولسا، دوكلات ئەدەبىياتى «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدە بىخلانغان دەپ قارىلىدۇ. نەچچە ئون يىللىق تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دوكلات ئەدەبىياتى ئاممىۋىلىققا، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بىر خىل ژانىر سۈپىتىدە، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىككە، دېموكراتىيىگە ئىنتىلىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىشى بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك.

ئەدەبىي ئۇسلۇب ياكى يېزىقچىلىق تەلىپى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى خەۋەرچانلىقتا، ئەدەبىيلىكتە، سىياسىۋىلىكتە ئىگە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

## 1. خەۋەرچانلىقى

دوكلات ئەدەبىياتى بىر خىل ئەدەبىي فورما، ھەر قانداق خەۋەر ژانىرىدا چىنلىق، ئەمەلىي ئۇنۇم، يېتەكچىلىك بولۇشى لازىم. بۇ ئۇچى، يەنە دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ خەۋەرچانلىقىغا قويۇلىدىغان كونكرېت مەزمۇن تەلىپىدۇر.

خەۋەر يازغاندا ھەقىقىي چىنلىقنى يېزىش كېرەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ چىنلىقنى يېزىش لازىم، لېكىن بىرى قەتئىي ھالدا، گەۋدىلەنگەن چىن تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ، يەنە بىرى بولسا مەلۇم تۇرمۇش لوگىكىسى ۋە خاراكتېر لوگىكىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان توقۇلما چىنلىق سەنئىتىدۇر. دوكلات ئەدەبىياتىدا تەلەپ قىلىنغان چىنلىق ئالدىدىكىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە بېكىتىلگەن بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ماتېرىيالدا چوقۇم شۇ ئىش بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ «ئەسلىي ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش» ياكى «تەشۋىقات زۆرۈرىيىتى» ئۈچۈن ئۇ يەر، بۇ يەردىن قۇراشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەزمۇنى ئەمەلىي بولغان بىر پارچە دوكلات ئەدەبىياتى كىتابخانلار ئۈچۈن ئىشەنچلىك جەمئىيەت ئۈچۈرنى يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە كېيىنمۇ «خەت-چەك تارىخى» دەك قىممەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

كۆچكە ئىگە ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىش — دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ «ئەدەبىياتتىكى ئاتلىق ئەسكەر» بولالىشىنىڭ ئاساسىي مۇھىم شەرتى. مەسىلەن، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ۋاقتىدا، مۇخبىر ۋېي ۋېينىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا تەپسىلىي خەۋەر ياكى دوكلات ئەدەبىياتىنى يازغان قەلىمى، ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى قورالغا ئوخشاش رول ئوينىغان، ئەمما، ئۇنىڭ شۇ تۈردىكى تېمىدا يازغان رومانى شۇنىڭدىن 20 يىل كېيىن ئېلان قىلىنغان. دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ قاراتمىلىقى ياكى يېتەكچىلىك رولى، ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىكى چوڭ مەسىلىلەر ياكى كۆرەش نۇقتىسىنى بايقىشى، تولۇق، ئۆتكۈر ھالدا ئىپادىلەش ياكى ئىپادىلىيەلمەسلىكىنى بېكىتىدۇ، ئەڭ مۇھىمى چوڭقۇر، كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

## 2. ئەدەبىيلىكى

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيلىكى ھەم ئادەتتىكى ئەسەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشنى ھەمدە يەنە خەۋەرچانلىق خۇسۇسىيىتىنى نامايەن قىلىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئوبرازلاشتۇرۇش بىلەن تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ بىرلىكىنى نامايان قىلالىشى لازىم، بولۇپمۇ دوكلات ئەدەبىياتىغا ماتېرىيال ئالغاندا، ئىش قوشقاندا، سەنئەتلىك ئىپادىلەشتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇڭا دوكلات ئەدەبىياتى ئاپتورلىرى تەسۋىرلىگەن ئوبرازلار توقۇلما بىلەن چىنلىقنىڭ بىرلىكى بولسا بولمايدۇ. ئۇ چوقۇم تۇرمۇشتىكى ئەسلى تىپ بىلەن سەنئەت تىپىنىڭ بىرلىكى بولۇشى لازىم.

ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىقى — دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ئالاھىدىلىكى، دوكلات ئەدەبىياتى

شېئىرنىڭ تەسەۋۋۇرنى، نەسىرنىڭ مەنمۇى ھالىتىنى، دراما ۋەقەلىكىنىڭ دولقۇنىنى، رومانىنىڭ تەپسىلىي تەسۋىرىنى ئەركىن ھالدا قوللانسا بولىدۇ.

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيلىكىـــى يەنە ئاپتورنىـــڭ ئەسەردىكى تىل سەۋىيىسى ھەم تىل ئۇسلۇبىدا گەۋدىلىنىشى كېرەك. خەۋەر ياكى تەپسىلىي خەۋەرگە سېلىشتۇرغاندا، دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ تىلى تېخىمۇ كۆپ جەھەتتىن ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمنى قوغلىشىشقا ئېھتىياجلىـــق ھەمدە ئەسەرگە ئاپتور ئۆزىنىڭ سەنئەت خاراكتېرى تامغىسىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا بېسىشى لازىم.

## 3. سىياسىۋىلىكى

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ سىياسىۋىلىكى ئاپتورنىڭ ئەسەر ۋە رېئال تۇرمۇشنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.

دوكلات ئەدەبىياتى بىر خىل ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى «دوكلات» قىلىشتۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى، يېنىدىكى ھەقىقىي ئىشلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تۇرمۇشقا بىۋاســـتە باھا بېرىش ھەم ئارىلىشىش، شۇڭا دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ماتېرىيال تاللىشى، باش تېمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، يەنىلا روشەن خاھىشچانلىق ۋە قاراتمىلىققا ئىگە.

ئاپتور ھەقىقەت ئارقىلىق سۆزلەشتىن سىـــرت، دوكلات ئەدەبىياتىدا يەنە «دوكلات قىلغۇچى» سۈپىتىدە بىۋاستە ھالدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلسا بولىدۇ، خۇددى بەزىلەر ئېيتقاندەك: «روماندا كىشىلىك تۇرمۇش پېرسوناژلارنىـــڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئېتىدۇ، دوكلات ئەدەبىياتىدا بولسا ئاپتورنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىسىدە ئەكس ئېتىدۇ» . ئاپتور ئىدىيىسى ۋە كۆز قارىشى ئارقىلىق تېمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مەزمۇنىنىڭ روشەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مەزمۇننى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتىرىپ ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ سىياسىۋىلىكى، ئوبرازلىق بولۇشى، لىرىك خۇسۇسىيەتلىرى تېخىمۇ زىچ بىرلەشكەن بولۇشى، چوڭقۇر، جانلىقلىقتا ئىگە بولغان بولۇشى لازىم.

## § 2. دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى تاكى تەپەككۇر قىلىشتىن ئىپادىلەشكىچە بولغان پۈتۈن جەرياننى كۆرسىتىدۇ. بىر پارچە دوكلات ئەدەبىياتىنى يازغاندا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. بۇ يەردە بىز ئومۇملاشتۇرۇپ بىر قانچە ئومۇمىي مەسىلىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

### 1. تېمىنى بايقاپ، ئوبرازنى تۇتۇش

دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورى زور رېئال مەناغا ئىگە تېمىلارنى چىڭ تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇشى، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىن تىپىك ۋەقە، تەپسىلاتلاردىن تەركىب تاپقان، يىغىنچاقلىقتا ئىگە بولغان ئوبرازلارنى تاللىشى كېرەك.

بىر پارچە ياخشى دوكلات ئەدەبىياتى ئەسىرىنى ئوقىغاندا، ئۇنىڭدا كونكرېت تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق، كۆپىنچە بىرلا ۋاقىتتا مەلۇم ئومۇمىيۈزلۈك

ئەھمىيەتكە ئىگە تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ياكى دەۋر روھىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. چىنلىقنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

بۇنىڭدا ئاپتور راست ئىش، راست ۋەقەنى يېزىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تەسەۋۋۇردىكى ئوبراز قىياسى ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رېئال تۇرمۇش بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.

چىنلىق — ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ جېنى، ئۇ تەبىئىي ھالدا دوكلات ئەدەبىياتىنىڭمۇ جېنى بولۇشى لازىم. دوكلات ئەدەبىياتى ئاپتورلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ۋە ئىجادچانلىقى، رېئال تۇرمۇشتىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان راست ئىش، راست ۋەقەلەرنى ئىنچىكە ئايرىشتا، ئەپچىللىك بىلەن قۇراشتۇرۇش، ۋە جانلىق تەسۋىرلەشتە گەۋدىلىنىدۇ. پەقەت دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ خەۋەرچانلىق ئالاھىدىلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئادەملەر تەرىپىدىن ئېھتىياج ئۇچۇن توقۇپ چىقىرىلغان يالغان باھانە - سەۋەبلەرگە قەتئىي قارشى تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئويدۇرما بىلەن تەسەۋۋۇرنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك، دوكلات ئەدەبىياتى ئويدۇرما قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ تەسەۋۋۇردىن پايدىلانمىسا بولمايدۇ. چۈنكى تۇرمۇش ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بىر ئوبيېكتنى تەكشۈرۈپ زىيارەت ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىدىكى ھالقىلار ياكى تەپسىلاتلار ئۈستىدىن ئېنىق، كونكرېت بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ھەقىقەتەن ناھايىتى تەس بىر ئىش، بولۇپمۇ بىر كۆپىنچە ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

زىيارەت خىزمەتلىرى دائىم سادىر بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆپ ئىشلارنى ئالىلقاچان ئەمەلىي كۆرگىلى بولماي قالىدۇ، پەقەت ئىككىنچى قول ماتېرىيال ئارقىلىق ۋاستىلىك ئىگىلىگىلى بولىدۇ. دوكلات ئەدەبىياتىنى يازغاندا، ئاپتور يازىدىغان، تەسۋىرلەيدىغان تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ھالقىلىرىنىڭ كەم بولۇپ قېلىشى بىلەن ئوبرازلارنىڭ تۇتۇق، گۇڭگا بولۇپ قېلىشىنى ھېسابقا ئېلىشى لازىم. ئابستراكت تەپەككۇر قىلىنغان، ياكى يىغىنچاق بايان قىلىنغان يېزىق ماتېرىياللىرىنى ئادەتتىكى كىتابخانلار ئاسان چۈشەنمەيدۇ. كەسپى، تېخنىكا، بىلىم خاراكتېرىدىكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەينەن يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، پەقەت ئاپتورنىڭ تۇرمۇش جۇغلانمىسىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان تۇرمۇش رەسىمىگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايدۇ.

## 3. بىر خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماي، كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىش

بۇ، دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

دوكلات ئەدەبىياتىدا يېزىلىدىغان نەرسە راست ئىش، راست ئادەم بولغانلىقتىن، باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئەگەر ئەپچىل بولغان بەدىئىي تەپەككۇر ۋە كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى كەم بولۇپ قالسا، ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئويدۇرما قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، پەقەت بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەنلا چەكلىنىش مۇمكىن. ئەمما، ئۇ يەنە رومان، دراما، كىنو

سەنئىتى، شېئىر قاتارلىق ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوللىنىپ، بىر خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ئۆزىگە كېرەكلىكلەرنى ئېلىشتەك ئەركىنلىككە ئىگە. ئادەتتە، دوكلات ئەدەبىياتىدا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بويىچە بايان ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ، دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى. شۇڭا، خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەردە، كۆپىنچە ۋەقەلىكنىڭ دراماتىك خۇسۇسىيىتىگە، ھېكايىۋىلىكىگە ئانچە ئېتىبار قىلىنىپ كەتمەيدۇ. ئاپتور ماتېرىيالنى تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا، دائىم نەسىرنىڭ راۋان بايان قىلىنىش ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ياكى بىۋاستە بايان، ياكى بايان بىلەن مۇنازىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوبيېكتنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى ياكى پۈتۈن جەرياندىن بىر قانچە كەسمە كۆرۈنۈش ئېلىپ، ئۇنى مەزمۇن نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور تەشكىللەنگەن ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىشى ھەمدە مەزمۇنلارنىڭ ئۆزئارا چېتىشلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە، ئاساسلىق قىلىپ كونكرېت، جانلىق ھەم تىپىك مەزمۇنغا ئىگە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا تايىنىش لازىم.

## 4. مۇنازىرە بولۇشى كېرەك

بۇنىڭدا، ئاپتور قەلىمىدىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىدە، مول لىرىكا ياكى پەلسەپىۋى مۇنازىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. رومان، دراما قاتارلىق بايان خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبرازنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتە ئاپتورنىڭ بىۋاستە مۇنازىرە قىلىشى تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. ئەمما دوكلات ئەدەبىياتىنى يېزىشتا، ئوبرازلارنىڭ جانلىق تەسۋىرلىنىشى، لىرىكىلىق تۈس ياكى پەلسەپىۋى

مۇنازىرىلەر ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەندە، دوكلات ئەدەبىياتى ئەسىرىنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكلىكىنى تەكىتلىگىلى ھەم بۇ ژانىرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

مۇنازىرىنىڭ دوكلات ئەدەبىياتىدىكى رولىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئاساسەن ئىككى خىل دېيىش مۇمكىن، بىرى، باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، يەنە بىرى، ئوبرازنى روناق تاپقۇزىدۇ. ئومۇمەن، يۇقىرىقىلار ئاپتورنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق، كونكرېت ئادەم، ۋەقەنىڭ ماھىيىتى، ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىنى ياكى بەدىئىي ئوبرازىنى ئىستېتىك قىممەتكە كۆتىرىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. دوكلات ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟
2. دوكلات ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟
3. دوكلات ئەدەبىياتىنى يېزىش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

# IX باب نەسر (ھېكايەت)

## § 1. قىسقىچە چۈشەنچە

نەسر كۆپىنچە كەڭ مەنىدىكى نەسر ۋە تار مەنىدىكى نەسر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كەڭ مەنىدىكى نەسر دېگىنىمىز، نەزمىي ئەسەرلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان، قاپىيىسىز، ھېسسىياتقا تويۇنغان، ئوبرازلىق تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىتىلغان. تار مەنىدىكى نەسر دېگىنىمىز، رومان، دراما، شېئىردىن باشقا، ھەجىمى قىسقا، تېما دائىرىسى كەڭ، تىلى جانلىق بولغان بىر خىل ئەدەبىي فورمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان «ھېكايەت» دېگەن ژانىر دەل نەسرنىڭ ئۆزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسردە بايان قىلغىلى، شەيئىلەرنى كۆچەيتكىلى، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىگىلى، لىرىكىلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ماتېرىيال ئېلىشتا، ئوبرازلارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، نەسر باشقا ئەدەبىي فورمىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ جانلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ بابتا بايان قىلىنىدىغان نەسرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىش تەلىپى ئاساسلىق قىلىپ تار مەنىدىكى نەسرنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلىدۇ.

نەسر مەملىكىتىمىزدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. نەسرنى باشقا ئەدەبىي فورمىلارغا سېلىشتۇرغاندا، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ موللىقتا ۋە جانلىقلىقتا ئىگە. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن، نەسر يېزىشنى ئۆگىنىش، باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي فورمىلارغا قارىغاندا، بىر قەدەر ئاسان، قايتا - قايتا ئىشلىگەن ھالدىتىمۇ ئەجىر كۆتىرىدۇ.

نەسرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى كەڭ، تۈرى كۆپ، شۇڭا، مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش، ماتېرىيال ئېلىش ۋە ئاساسىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى بايانىي نەسىر، لىرىكىلىق نەسىر ۋە مۇھاكىمىلىق نەسىر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. بايانىي نەسىر

ئىش ياكى ۋەقەنى بايان قىلىش، پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان نەسرنى بايانىي نەسىر دەپ ئاتايمىز. بايانىي نەسىردە پېرسوناژلار ئوبرازى، ھېكايە ۋەقەلىكى، تەپسىلات تەسۋىرى بولغاچقا، ئۇ پوۋېست ياكى تەپسىلىي خەۋەر (توخشۇن) گە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىتىش ئانچە تەس ئەمەس. ئادەتتە، پوۋېست نىسپىي تولۇق بولغان ۋەقە بولۇپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش، خاراكتېرىنى ئېچىپ تۈرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «مەيدان ۋە ۋەقەلىكتىن كۆرۈلۈشى كېرەك»، ئۇنى ئالاھىدە كۆرسەتمەسلىك لازىم. تەپسىلىي خەۋەردە بولسا، رېئال تۈرمۇشتىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە راست ئىش، راست ۋەقەلىك، راست ئادەملەر يېزىلىشى كېرەك. ئاپتور ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلىشى مۇمكىن، لېكىن، راست گەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. بايانىي نەسرنىڭ بۇلار بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرىپى، ئۇ، ئادەم ۋە شەيئىنىڭ مەركەزلىكلىكى ۋە ياكى پۈتۈنلۈكىگە ئېتىبار بىلەن قارىماستىن،

بەلكى ئاپتورنىڭ شەخسىگە بولغان ئىدىيە جەھەتتىكى تەسىرى ياكى روھى تەجرىبىسىنى ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ تاسمىسى ۋە ئىنتىرگۈچى كۈچى قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ھەرقايسى كونكرېت ماتېرىياللارنى باغلاپ بايان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 2. لىرىكىلىق نەسر

لىرىكىلىق نەسر — ئىسمى جىسمىغا لايىق، تەبىئىي ھالدا، ئاپتور شەخسىي ھېسسىياتىنىڭ بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنىشىنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. بۇ تۈردىكى نەسىردە، كۆپىنچە بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ ھېسسىياتلىنىش، نەرسىنى ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق گېپىنى دېيىش، نەرسە، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىپ، پەلسەپىنى بايان قىلىش، ياكى ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدىكى قىزىقىشنى ئوبيېكتلارغا كۆچۈرۈپ، ئوبيېكتقا بولغان ئىستېتىك بايقاش بىلەن ئاپتورنىڭ روھى قوغلىشىشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، تەسىر پەيدا قىلىش لازىم.

شەكىل جەھەتتىن ناھايىتى قىسقا بولغان بەزىبىر لىرىكىلىق نەسىردە، ئوبرازلار روشەن، تىل ئاددىي - ساددا، مەزمۇن چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇ لىرىكىلىقتا ياكى قىزىقارلىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق نەسرلەر شېئىرغا يېقىن بولىدۇ، لېكىن يەنە شېئىرغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا شېئىرى ھېسسىيات ۋە مەنزىل بولسىمۇ، مۇھىمى ئۇ شېئىرى قاپىيە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن، تۇرگېنېۋنىڭ «مۇھەببەت يولى» قاتارلىق ئەسەرلەر.

## 3. مۇھاكىمىلىق نەسر

www.uyghurkitap.com

مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېكىتكەندە، ئۇنى بايانىي نەسر ياكى لىرىكىلىق نەسردىن پەرقلەندۈرگەندىن باشقا، يەنە ئادەتتىكى سىياسىي، ئىدىيۋى تەكەپۇرلۇقتىن، ياكى ئىلمىي ماقالىلەردىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئىلگىرىكى كۆز قاراشلار بويىچە بولغاندا، مۇلاھىزىنى مەقسەت قىلغان بارلىق ماقالىلەردە پەقەت تىل جەھەتتە ياكى بەدىئىي ۋاستە جەھەتتە ئەدەبىي تۈس قانچە مول بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھاكىمىلىق نەسر دېيىشكە بولاتتى. مۇھاكىمىلىق نەسردە باشقا مۇلاھىزە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرگە ئوخشاش، سوئال قويۇشقا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ مەلۇم كۆز قارىشى بايان قىلىنىدۇ. پەقەت بىۋاسىتە لوگىكىلىق ئىسپات ۋە ئادەتتىكى ھەقىقەتنى سۆزلەش ئۇسۇلى ناھايىتى كەم قوللىنىلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا يېتەرلىك ھالدا، بىرى ئارقىلىق ھەممىنى بىلىش، كىچىك ئارقىلىق چوڭنى كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، لوگىكا، ئوبراز ۋە لىرىكىنى بىراقلا يۇغۇرۇۋېتىش مۇمكىن.

## § 2. نەسرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى

### 1. بىر قارارغا كېلىشكە ئېتىبار بېرىش

باشقا ئەدەبىي فورمىلارغا سېلىشتۇرغاندا، نەسرنىڭ ماتېرىيالىنى ئېلىشتا، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈك - پۇشقاقلىرىغا سىڭىپ كىرىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. ئۇ ئىپادىلەشتە كۆڭۈلدىكى گەپنى توغرىدىن - توغرا بايان قىلغىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. ياخشى يېزىلغان نەسر ئادەمگە ھەقىقەتەن ياخشى تەسىر بېرىدۇ، ناچار يېزىلغان

نەسىر مەززىنسىز تۇيۇلىدۇ. بەزىلەر نەسىرنى ئادەمنىڭ كۆڭۈل ساداسىغا ئوخشىتىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاپتورنىڭ كىشىلىك ھاياتتا قىلغان بىۋاسىتە سۆزى دەيدۇ. ئۇنى يەنە تۇرمۇشنىڭ مۇزېيىغا ئوخشىتىدۇ. ئەگەر ئاپتور قېزىشقا ياكى ئېنىقلاشقا ماھىر بولسىلا، ئۇنىڭدىن جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، تارىخىي مەزمۇنلارنىڭ موللۇقىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر نەسىر ئاپتورىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتلارغا ھەقىقىي تونۇش، ئۆزگىچە قاراش بىلەن ئىستېتىك مۇئامىلىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزمۇن تىكلەش ۋە تېمىنى بىر تەرەپ قىلىش، ماتېرىياللارنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانلىرى بىر - بىرىنى شەرت قىلغان، تولىمۇ مۇھىم بولغان ھالقىدۇر. قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنگەن شەيئىلەردىنمۇ چوڭقۇر باش تېمىنى قېزىپ چىقارغىلى بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتى ياكى توغرا ۋە تولۇق چۈشەنچىسى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېر بۇلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئىجادىيەت سەنئىتىنىڭ ھورمونىمۇ بولالايدۇ. كۆپلىگەن نەسىرنىڭ ياخشى يېزىلىشى، ھادىسىدىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ مەلۇم ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەتكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ، لېكىن يەنە ئىنچىكىلەپ قارىساق، يەنىلا ئاپتورنىڭ ئۆزى ئىپادىلەيدىغان ئوبيېكتقا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى ياكى ئۆزگىچە قارىشىدىن ئايرىلمايدۇ. نەسىردە مەزمۇن تىكلەشتە يېڭىلىق، چوڭقۇرلۇق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاپتورنىڭ ماتېرىيال تاللىشى، ئوبراز تەسۋىرى قاتارلىقلاردا ئورگانىك مۇناسىۋەت بولمىسا، ئۇ چاغدا ئەسەر تەبىئىي بولماي قالىدۇ ھەمدە كىشىلەرگە ئىدىيە جەھەتتە «ھۆل» بەدىئىي جەھەتتە «قۇرۇق» بىر نەرسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ، يېزىقچىلىقنى دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەر بۇ جەھەتتە دىققەت قىلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## 2. نەسىرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەھمىيەت بېرىش

نەسىرنىڭ تۈزۈلىشى باشقا ئەدەبىي ژانىرلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزگەرمەس رامكا يوق، لېكىن نەسىرنىڭ شەكلى چاچما بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراشقا يەنىلا نۇرغۇن ئادەم قوشۇلىدۇ. چۈنكى نەسىر ئەسلىدە ھېسسىياتنى، مەزمۇننى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ. بىر ئاپتورنىڭ ھېس - تۇيغۇسى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئىدىيىۋى كۆز قارىشى قانچە يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولسا، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى، ياكى تۇرمۇش جۇغلانمىسىنى شۇنچە ئاچالايدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولۇپ، تېما قولىغا كىرگەندىلا، شۇ بويىچە يېزىپ، تەسەۋۋۇرنى جانلاندۇرالمىسا، ئۇ چاغدا يازغان نەرسىسى بىر خىل ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يېڭىلىقى ئاز - تولا بار دېيىلگەندىمۇ، كىتابخانلارنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقماي قالىدۇ. شۇڭا، نەسىرنىڭ تۈزۈلىشىدە ئادەتتىكى بايان خاراكتېرلىك ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ياكى زىددىيەتنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى قاتارلىق تەرەپلەردە مەلۇم ئۇلانمىلىق بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئىپادىلەش — ئۇنۇمگە ئېرىشىشنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل شەكلى. تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كەڭ تۇرمۇش ئومۇمىي گەۋدىسىگە باغلاش ئارقىلىق، ئىستېتىك قاراشنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندىلا، ھېسسىيات ۋە مەزمۇنغا يول ئاچقىلى بولىدۇ. نەسىر چاچما شەكىلدە يېزىلىشى كېرەك. ئۇ ئەسەرنىڭ راۋان، جانلىق بولۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن، چاچما شەكىلدە يېزىلىشى كېرەك دەپ خالىغانچە ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. ئاپتور ماتېرىيالنى قانچە كەڭ ئالغان تەقدىردىمۇ، ئەسەرنىڭ ئۆزىدە يەنە مەلۇم ئىدىيىۋى يول ۋە ئىچكى ئورگاننىڭ مۇناسىۋەت بولۇشى لازىم. شۇڭا، نەسىرنىڭ تۈزۈلىشىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئەركىن ھەم مۇكەممەل بولۇش، يەنە بىر

جەھەتتىن، چاچما بولۇش ھەم چاچما بولماسلىقنىڭ بىرلىكى بولۇشى لازىم. مەيلى قانچىلىك ئېچىۋېتىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەپەككۇر ھامان چەكسىز ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىلىك ئىچىدە تۇرىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى چاچما بولۇشتىن ئىبارەت بىرلا سۆز بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ.

### 3. مەنىۋى ھالەتنى ئېچىپ بېرىش

مەنىۋى مەنزىلنى ئېچىپ بېرىشكە ئېتىبار بىلەن قاراش— نەسىرنىڭ بەدىئىي تەسىر كۈچى ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلىدۇر.

مەنىۋى ھالەت دېگىنىمىز— ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشى بىلەن ئىدىيە، ھېسسىيات بىرلىشىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن بىر خىل سەنئەت مەنزىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ رولى شۇكى، ئۇ كىتابخانلارغا ئاپتور قەلىمى ئاستىدىكى ئوبراز تەسۋىرىنى خۇددى بىۋاسىتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندەك ھېس قىلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنىمۇ قوزغاپ ئۇلارنى ئاپتورنىڭ ئوچۇق يازمىغان پىكىرلىرىنى ھېس قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، بىر ئەسەرنىڭ مەنىۋى ھالىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، تېيىز - چوڭقۇرلىقىنى ئۆلچىگەندە، ئەسەردە نېمە يېزىلغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى كىتابخانلاردا زادى قانداق تەسىرات قالدۇرغانلىقىغا قاراش لازىم. بۇ تەلەپ باشقا تۈرلەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بولۇپمۇ نەسىر قاتارلىق ھەجمى كىچىك ھەم لىرىكىلىقى مول بولغان ئەدەبىي شەكىللەردە مەنىۋى ھالەتنى ئېچىشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. كەلكۈن مەنبەلىك نەسىر ۋە تار مەنبەلىك نەسىر دېگەن نېمە؟
2. تار مەنبەلىك نەسىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
3. باياني نەسىر، لىرىكىلىق نەسىر ۋە مۇھاكىمىلىك نەسىر قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟
4. نەسىرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

# X باب شېئىرىيەت

شېئىر — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەركىن بالىسى، ئۇ، ئالاھىدە ئىنتوناتسىيە، قاپىيە ھەم رىتىم بىلەن مىڭلىغان، مىليونلىغان كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شېئىر — ھەقىقەتنىڭ ساداسى، دەۋرنىڭ سىگنالى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاۋازى بولۇشى كېرەك، يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ روھنىڭ ناخشىسى، ھېسسىياتنىڭ يالقۇنى، ئىدىيىنىڭ نۇرى بولۇشى لازىم.

ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپى ئېۋگىنىي. پوتېئرنىڭ «ئىنتېرناتسىئونال» كۈيىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېيتىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى باشتىن ئۆتكۈزدى.

شېئىرنىڭ ئەھمىيىتى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇ ھەقىقەت، سەلتەنەت، غەزەپ، قايغۇ، نازاكەت قاتارلىق ئامىللار بىلەن باغلىنىپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈن ساھەسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

مۇنەۋۋەر شېئىرلار مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرغان بۈيۈك ئىرادە، جۇش ئۇرغان ھېسسىيات، پەلەكنى قۇچقان فانتازىيە بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، شېئىر تەبىئىي ھالدا زېھنى تولۇپ تۇرغان، غايىلىك، يۈرىكىدە ھېسسىيات دولقۇنلاپ تۇرغان ياشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا شېئىردا قايناق ھېسسىيات ئىپادىلىنىشى، سەممىي ساداقەت كۆرسىتىلىشى، ئىدىيە ئىزھار قىلىنىشى كېرەك. شېئىرنى ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىشىدىكى بىر خىل ناھايىتى ياخشى شەكىل دېيىش مۇمكىن.

## § 1 . شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتى

شېئىر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئادەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك، كونكرېت، تەپسىلىي تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر بۆلىكىنى تاللىۋېلىش ئارقىلىق، شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خىل سەنئەت مەنزىلىنى يارىتىپ، كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ، ئۇلارنى ئۆز تۇرمۇشى بىلەن باغلاپ پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيىلەش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. تۆۋەندە شېئىرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كونكرېت كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، شېئىر يۇكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەلۇمكى، ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. باشقا ئەدەبىي شەكىللەرگە قارىغاندا، شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇ، نەسىرگە ئوخشاش مەزمۇننى ئۇنداق تەپسىلىي ئېچىپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدا باغلاشتۇرۇش، تۇتاشتۇرۇشمۇ ئۇنداق زىچ بولمايدۇ، بەلكى، ئۇ ئاساسەن شائىرنىڭ تولۇپ - تاشقان ھېسسىياتى ئارقىلىق مەزمۇننى تۇتاشتۇرىدۇ ھەم تېمىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا رومانغا ئوخشاش ئۇنداق يازغۇچىنىڭ ھەر تەرەپلىمە بايان

قىلىشى ئارقىلىق سىۆزنىنى ئىچىپ بېرىش بولمايدۇ. تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان شەيئىلەرنى مەركەزلەشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

شېئىردا شائىرنىڭ قاتتىق تەسىرلەنگەن شەيئىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا، شېئىردا ھېسسىيات ناھايىتى كۈچلۈك جۇش ئۇرىدۇ.

ئىككىنچى، شېئىرلار ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرىغا باي كېلىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرى بولۇشى مۇقەررەر بولىسمۇ، لېكىن شېئىردا ھەر قاچان شائىرنىڭ تەسىرلەنگەن شەيئىلىرى يېزىلىدۇ. مەيلى قانداق تەسىرلەنمىسۇن، شائىرنىڭ تەسىراتلىرى ھەر قاچان گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. قايناق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ھەر قاچان ناھايىتى ئېگىز، ناھايىتى يىراقلارغا چاپىدۇ. مۇنداق بولۇشىمۇ تۇرمۇشنى چوڭقۇر ھالدا ئومۇملاشتۇرۇشقا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ، ھېسسىياتنى شېئىرنىڭ ئاساسى قىلىش ئىنتايىن يوللۇقتۇر. ئەگەر چىن ھېسسىيات بولمىسا، ياخشى شېئىر يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

شېئىر — شائىر ھېسسىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۇرۇلۇشىدۇر. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن نەرسىلەر شائىرنىڭ كۈچلۈك تەسىرلەنگەن ۋەقەلىرى ياكى ھادىسىلىرىدۇر. شېئىردىكى ھېسسىيات كۈچى ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ بىۋاسىتە بولىدۇ. شېئىردا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ئەڭ مەركەزلەشكەن ھالدا ئىپادىلەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىدىيەۋى ئالىي، ئىستىكى، ئىرادە ۋە ئىدىيىسى تولۇق كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا، شائىر ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئىدىيە، ئالىيجاناپ ئەخلاققا ئىگە بولۇشى كېرەك، باشقىچە قىلىپ

ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن قەتئى ئىنقىلابچى بولغاندىلا ئاندىن ياخشى شېئىر يېزىپ چىققىلى بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا شائىرلارنىڭ ئەمگىكىنى قاتتىق ھۆرمەتلەش كېرەك.

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار، سىيلاڭلار،
ياخشىلىقلار شائىرلاردىن تارالغان.
شائىرلارنى ئاياغ ئاستى قىلماڭلار،
شائىرلارمۇ ئادەملەردىن يارالغان.

*　　*　　*

سۇندۇرماڭلار شائىرنىڭ ئاق كۆڭلىنى،
سىلەر ئۈچۈن پۈتۈن ساقلاپ يۈرىدۇ.
ئەرزان دېمە ئۇنىڭ كېيگەن ئەڭلىنى،
چېت ئېچىدە قىممەت يۈرەك تۇرىدۇ.
(ئىليا بەختىيا)

شائىر شېئىر يازغاندا، ئۇنىڭ ھېسسى پائالىيىتى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك، تەسەۋۋۇرى ئادەتتىن تاشقىرى مول بولىدۇ، شۇڭا، شېئىرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بەلگىسى — ئۇنىڭ مول تەسەۋۋۇرى بىلەن ھېسسىياتقا تويۇنغانلىقىدۇر. شېئىردا ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى دائىم بىۋاستە ئىزھار قىلىنىدۇ. ھېسسىيات شېئىرنىڭ ھەر بىر قۇر - مىسرالىرىغا قوندۇرۇلۇپ، ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك ھېسسىيات پائالىيىتى بىلەن بىللە، يەنە شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى شېئىردا پەرۋاز قىلغان بولىدۇ. مەيلى قەدىمدىن ھازىرغىچە، مەيلى ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق ئەھۋالدا ۋە ياكى پۈتۈن جاھاندا بولسۇن، تەپەككۇر ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، پەرۋاز قىلغۇچى شائىر بىلەن مول تەسەۋۋۇر بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شېئىرنىڭ تىلى ئىخچام، باي، رىتىملىق، مۇزىكىلىق بولىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۇ نەسىردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. شېئىرنىڭ مەزمۇنى مەركەزلەشكەن، ئومۇملاشقان بولىدۇ. شۇڭا، ئىپادىلەش قورالى بولغان تىل ئەڭ ئىخچاملىق دەرىجىسىگە يېتىشى ۋە ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىخچام بولۇش، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەڭ مۇۋاپىق سۆز - جۈملىلەر بىلەن تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرىشتۇر. بۇ، بەدىئىي ئىپادىلەش مەسىلىسى بولسىمۇ، ئەمما يەنە شائىرنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىدىيىۋى تەربىيىسى بىلەن ئىنتايىن زور مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىخچام بولۇش، بىرەر كۇبلېت كۆپ بولۇپ كەتسە كۆپلۈك قىلىدىغان، بىرەر كۇبلېت ئاز بولۇپ قالسا ئازلىق قىلىدىغان، بىرەر مىسرا ئاز بولۇپ قالسىمۇ بولمايدىغان، بىرەر سۆز ئارتۇق بولسا ياخشى بولمايدىغان، بىرەر سۆز كەم بولۇپ قالسىمۇ ياخشى بولمايدىغان بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ھەتتا بىرەر سۆز ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلسىمۇ شېئىرنىڭ رەڭدارلىقىنى يوقىتىپ قويىدىغان دەرىجىگە كەلسۇن دېگەنلىكتۇر.

شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقى تىلىنىڭ رىتىم، ۋەزنىدىن شەكىللىنىدۇ.

## § 2 . شېئىرنىڭ تۈرلىرى

شېئىرنى مەزمۇن جەھەتتىن لىرىك شېئىر ۋە ئېپىك شېئىر (داستان) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن، ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىن ئادەتتە چاچما شېئىر، ۋەزنىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېئىر، قوشاق، نەسرىي شېئىر دەپ بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

## 1. لىرىك شېئىر

لىرىكا يۇنانچە «لىرا» (ياكى «لىروس») دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابى نامىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، كۈيلىنىدىغان ئەسەر دېمەكتۇر. لىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى — ئىجابى مەنىدىكى سۇبيېكتىپلىقتۇر. لىرىك ئەسەرلەردە دۇنيا ئىجادىيەتچىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئارقىلىقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھەقىقەتەن، شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەر بىر ئەدەبىي ئەسەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاددىي (ئەينەكتىكىگە ئوخشاش) ئىنكاس ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ تەجرىبىسىدىن «پىشىپ يېتىلگەن» مەنزىرىدۇر. لىرىكا شائىرنى كىتابخان بىلەن سىرداش قىلىپ قويىدۇ. بىلىنىسكىي ئېيتقاندەك، لىرىكىدا شائىرنىڭ شەخسىيىتى بىرىنچى پىلاندا نامايان بولىدۇ. بىز ھەممە نەرسىنى پەقەت شۇ ئارقىلىقلا قوبۇل قىلىمىز ۋە ئاڭلايمىز.

ئەمما، لىرىكىدىكى سۇبيېكتىپلىق ئىجاتكارنىڭ يالغۇزلا ئۆز شەخسى پىكرى ۋە ھېسلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. شائىر پەقەت ئۆز زامانىسىنىڭ ئاكتىپ پۇقراسى، ۋىجدانى ۋە سودىيەسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پەقەت ئومۇمىي خەلق ۋە كۆپچىلىك ھادىسە ۋە خاراكتېرلىك مۇھىم، ئۇچۇن كەچۈرمىشلەر ئىنكاس قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ «قولىقىغا كىرىشى» ۋە قەلبىدىن جاي ئېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، لىرىكىغا قويۇلىدىغان زۆرۈر تەلەپ — مەزمۇنىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىدۇر. ئىنسانغا تەئەللۇق بولغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى لىرىكىنىڭ مەزمۇنىغا

كىرىدۇ.

لىرىكىلىق ئەسەردە سيۇژېت بولمايدۇ، دېگەن قاراش مەۋجۇت، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتۇر. چۈنكى، لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر دەپ ئايرىش پەقەت ئاشۇ شېئىرىي ئەسەردە لىرىكا ئاساس قىلىنغان ياكى ۋەقەلىك ئاساس قىلىنغانلىقتىن ئىبارەت نىسپىي مۇتلەقلىقكە ئاساسلانغان. بىز دەۋاتقان لىرىك ئەسەر، ئادەتتە مىكرو (ئەڭ كىچىك) ئەسەردۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭدىكى سيۇژېت ۋە كونفلىكت كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئەسلىدە ئەسەردە ھەم ئۆزىگە خاس قانۇنلارغا ئاساسلانغان سيۇژېت ۋە كونفلىكت مەۋجۇت، لىرىك ئەسەردە سيۇژېت، ئىپادە قىلىنماقچى بولغان بەدىئىي غايىنىڭ راۋاجى تەرىقىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

لىرىك ئەسەردىكى كونفلىكتنىڭ كۆزگە چېلىقىشى قىيىنراق بولىدۇ. ئەمما ھەر بىر لىرىك ئەسەردە سۆزلەنگەن مۇئەممانىڭ يېشىمىگىچە بولغان جەريان، ئەسلىدە لىرىكىدا كونفلىكتنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە راۋاجىدا نامايان بولۇشىدۇر. لىرىكىنىڭ بەزى ژانىرلىرى (مەسىلەن، باللادا بىلەن مەسەل) دا سيۇژېت ۋە كونفلىكت خۇددى كىچىك ھېكايىدىكىدەك ئېنىق سېزىلىدۇ.

لىرىكىدا سيۇژېت ۋە كونفلىكتنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى، لىرىكىنىڭ باش خۇسۇسىيىتى بىلەن باغلىق، ھازىرقى زامان رۇس ئەدەبىياتشۇناسلىرى (مەسىلەن، ل. ئى. تىمافىيۇ) نىڭ پىكرىچە، باشقا ئەدەبىي تۈرلەردىن پەرقلىق بولغان لىرىك ئەسەر تەركىبىدە كەچۈرمە - ئوبراز يەنى كىشىنىڭ شۇ دەقىقىدە كەچۈرىۋاتقان روھى ھالىتى بولىدۇ. لىرىك ئوبراز — كەچۈرمە ئوبرازدۇر. ئەمما، ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە كەچۈرمىدە، شائىرنىڭ شەخسىي مەنىۋى دۇنياسى، ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يوقاتقان ھالدا، ئومۇملاشقان ئىپادىسىنى

تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى بىلەن بۇ كەچۈرمە ـ ئوبراز شائىرنىڭ شەخسىيىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

## 2. ئېپىك شېئىر

ئېپىك شېئىر — ئوبيېكتىپ ۋەقە ھەم پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان شېئىر شەكلىدۇر.

ئېپىك شېئىرلاردا ئاساسەن سيۇژېت ـ ۋەقەلىك بولىدۇ، ئېپىك شېئىرلاردا ئەنە شۇ سيۇژېت ـ ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى سىزىپ بېرىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەقەلىكى لىرىك شېئىرنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ، يەنى، ئېپىك شېئىرلاردا بەلگىلىك پېرسوناژ ياكى ۋەقەلەر ھېكايە قىلىنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى ئوبراز ھېكايە ۋە دراممىغا ئوخشاش تەپسىلىي ھەم كونكرېت بولمايدۇ، ۋەقەلىكىمۇ ئۇنىڭدىن مۇكەممەل ھەم مۇرەككەپ بولمايدۇ.

بۇ خىل شېئىرلاردا، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسى بىلەن غايىسى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبراز ياكى ۋەقەگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىرنىڭ ئېپىك تۈرىنى لىرو ئېپىك تۈر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئېپىك شېئىر شېئىرىي داستان، شېئىرىي رومان، باللادا، شېئىرىي مەسەل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

داستان: ئۆزىدە قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، داستان (جەڭنامە) نىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامىتى — ھاياتنى كەڭ دائىرىدە تۇتۇۋېلىشقا ئىنتىلىش، جەمئىيەت (قەبىلە، ئۇرۇق، يۇرت، خەلق) ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە فېئودالىزم دەۋرىدە، ئۇرۇشلار قەبىلە ۋە يېگانە دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى، مەۋجۇت بولۇشىدىكى كۈرەشنىڭ بىر شەكلى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، قەھرىمانلىق ئېپوسى ھېسابلانغان داستان مەزمۇنىدا ئۇرۇشلار، قەبىلە ئارىسىدىكى ماجىرالار كەڭ ئورۇن ئالدى. كۆپلىگەن داستانلار شۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسى بولۇپ مەيدانغا كەلدى. «ئىلىئادا» دا مەشھۇر ترويا ئۇرۇشى، فرانسۇز قەھرىمانلىق ئېپوسىدا، ئۇلارنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادى بولغان بۈيۈك كارىل ۋە ئۇنىڭ سادىق رىتسارى روللاننىڭ سەپەرلىرى، «ئالپامىش» تا باش قەھرىماننىڭ قەبىلە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. قەدىمكى خەلق ئېپوسلىرىنىڭ (مەسىلەن، «ئالپامىش» نىڭ) ناھايىتى مۇھىم خۇسۇسىيىتى — ئۇنىڭدا باش قەھرىمان بىلەن جەمئىيەت (قەبىلە، يۇرت) ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتنىڭ يوقلۇقىدۇر: قەھرىمان پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ۋە جەمئىيەت ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى تەن ئالىدۇ. ھاياتنى زىددىيەتسىز، بىر پۈتۈن ھالدا كۆرۈش قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر. ئىنسانىيەت بالىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بالىلارغا خاس بۇنداق ئېتىقاد قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئىنسانىيەت كېيىنرەك ئۆز ھاياتىنىڭ چوڭقۇر زىددىيەتلەرگە تولغانلىقىنى پەملەپ «كۆزى ئېچىلغان» دىن كېيىن، ئېپوستا بۇ خىل ساددا ئېتىقاد تەكرارلانمايدۇ. كارل. ماركسىنىڭ پىكرىچە، قەدىمكى ئېپوسلار مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇرژۇئا دەۋرىدە بۇنداق جەزبىدار ئەسەرلەرنىڭ يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. قەدىمكى ئېپوس (ئېپوسنىڭ كلاسسىك شەكلى) ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ پۈتۈن بىر دەۋرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ماركس قەدىمكى كىشىلەرنىڭ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەدىئىي ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «... ئۇلارنىڭ بىزنى مەپتۇن قىلغۇچى سەنئىتى، ئەنە شۇ سەنئەت ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي باسقۇچنىڭ راۋاجلانمىغانلىقىغا زىت ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ سەنئەت شۇ راۋاجلانمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر ۋە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە زامىن بولغان ھەمدە بىردىنبىر زامىن بولۇشى مۇمكىن بولغان يېتىلمىگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھېچقاچان تەكرارلانماسلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىقتۇر.» ماركسنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە، ئېپوسنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدە يەنە باشقا سەۋەبمۇ بار: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەلۇم تارماقلىرىغا مەسىلەن، سەنئەت ۋە پوئېزىيىگە دۈشمەن.»

قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل خۇسۇسىيەتلىرى بار.

ئۇ شېئىر بىلەن ياكى شېئىر ئارىلاشقان نەسىر بىلەن يېزىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىشقى ئېپوستا شېئىرىي شەكىلگە مايىللىق زور.

قەھرىمانلىق ئېپوسى ۋە ئىشقى ئېپوسنىڭ كىتابىي شەكىللىرى فولكلوردىن بىۋاستە كېلىپ چىققىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا خەلق ئىجادىغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ۋاسىتىلەر بىر ئەسەردىن ئىككىنچى بىر ئەسەرگە كۆچۈرۈلۈۋېرىدۇ (قەھرىمانلارنىڭ بىر - بىرىگە شېئىر ياكى قوشاق ئارقىلىق موراجىئەت قىلىشلىرى، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، جەڭلىرى ياكى ئاتلىرىنىڭ جابدۇق تەسۋىرى قاتارلىقلار).

مەسەل: ئادەتتە، ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسىلەرنى، سەلبىي خاراكتېرلارنى تەسۋىرلەيدۇ.

بالىلادا: كىچىك شېئىرىي سەھنىدە بۆئەيەن ۋەقەنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇ «جىددىي روھتا» يېزىلىشى، ئىجابىي ھادىسىلەرنى يارىتىشى، دارىتىملاپ ئىپادىلەش ئورنىغا بىۋاستە ھاياتىي ھادىسىلەر تەسۋىرىگە مۇراجىئەت قىلىشى بىلەن مەسەلدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئېپىك ۋە لىرىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە پوئېما ژانىرى تۇغۇلىدۇ. پوئېما ئەسلىدە ئېپىك ئەسەردۇر. ئەمما شېئىر شەكلىدە يېزىلىشى ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە لىرىكىغا مەنسۇپ قىلىدۇ. پوئېمىدا ئېپوس ۋە درامىدىن پەرقلىق بولغان لىرىزم ئالاھىدە بىر كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئېپىك ياكى دراماتىك ئەسەردىكىدەك، پوئېمىدا ھەم ھاياتنىڭ خېلى كەڭ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان مەنزىرىسى بېرىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ خېلى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئوبيېكتىپ ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما، پوئېمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىنتوناتسىيىسى («سۆزلىشىش ئاھاڭى») بولىدۇ. پوئېمىدا ئاپتورنىڭ ۋەقەلەرگە ئارىلىشىشى ۋە ئۆز مۇناسىۋىتىنى ئىزھار قىلىشى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. پوئېمىدىكى بۇنداق پارچىلار «لىرىك چېكىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 3. ۋەزىنلىك شېئىر، چاچما شېئىر، خەلق قوشاقلىرى، نەسرى شېئىر

ئالدى بىلەن ۋەزىن ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

بىر تۈركۈمگە مۇناسىپ شېئىرىي ئەسەرلەردە تۇراق ۋە باش تۇراقلارنىڭ ھەر خىل تەرتىپتە ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە ھەر بىر شېئىرنىڭ كونكرېت رىتىملىق ئاھاڭى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ھەر بىر شېئىردا كونكرېت رەۋىشتە ۋۇجۇتقا كەلگەن رىتىم

مادسى ۋەزىن (ۋەزىن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۆلچەم دېمەكتۇر) دەپ ئاتىلىدۇ.

بارماق سىستېمىسى: بارماق سىستېمىسىدا، مۇئەييەن مىسرالاردا ياكى بەھرلەردە قانۇنىيەت بىلەن تەكرارلىنىدىغان تۇراق تەرتىپى ۋەزىن دەپ ئاتىلىدۇ.

بارماق سىستېمىسىدىكى مۇزىكىلىق (ئاھاڭدارلىق) رىتىم پەقەت بوغۇملار مىقدارىنىڭ بىر خىل تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدىلا ئەمەس، بەلكى بوغۇملارنىڭ بىر تەرەپتىن گۇرۇپپىلىشىپ كېلىشى بىلەنمۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بوغۇملار سانى ئادەتتە بارماق بىلەن سانالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سىستېمىغا شۇنداق نام بېرىلگەن.

بوغۇملارنىڭ گۇرۇپپىلىشىپ كېلىشى «تۇراقلىنىش» دېيىلىدۇ. ھەر بىر شۇنداق گۇرۇپپا تۇراق دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، بارماق سىستېمىسىدا رىتىمنى بوغۇملارنىڭ سانى ۋە تۇراقلار مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارماق سىستېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، بەشلىك (بەش بوغۇملۇق)، ئالتىلىك، يەتتىلىك، سەككىزلىك، توققۇزلۇق، ئونلۇق، ئون بىرلىك، ئون ئىككىلىك، ئون ئۈچلۈك، ئون تۆتلۈك، ئون بەشلىك، ئون ئالتىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئارۇز ۋەزىن: ئارۇز ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب ئەدەبىياتىدا نەزەرىيە جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ «ئارزۇ» نامىنى ئالغان. قەدىمكى ئابىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي شېئىرىي قىسمى ئارۇز ۋەزىن بىلەن يارىتىلغان.

ئاساسەن بىر ساندىكى بوغۇملار دائىرىسىدە سوزۇق ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ ئىزچىل بىر مىقداردا كېلىشى ۋە بىر تەرەپتە ئۇيۇشۇپ تەكرارلىنىشى ئارۇزنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئارۇزدا رىتىم مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

چاچما شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقى ساقلىنىش بىلەن بۇ مۇزىكىلىقنىڭ تۇرلۇك پارچىلاردا ئۆزگىرىپ، تاۋلىنىپ تۇرۇشى قانۇنىي ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىر شېئىرىي پارچىدا شائىر بىر نەچچە رىتىملىق ئۆلچەمگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بىر تۇراق تەرتىپىدىن ئىككىنچى بىر تۇراق تەرتىپىگە كۆچۈپ بارىدۇ، مىسرالارنى ئەركىن رەۋىشتە بۆلەكلەرگە بۆلىدۇ ۋە مىسرالارنىڭ قاپىيىلىنىشى بىلەن قانائەتلەنمەستىن، بەزى بۆلەكلەرنى ھەم قاپىيىلەيدۇ. ئاتاقلىق شائىر تىسىپچان ئېلىيوپنىڭ «رازلىق بويىدىكى كەپە» ناملىق مۇنۇ شېئىرى ئەركىن ۋەزىننىڭ نەمۇنىسىدۇر.

بىر كەپە بار رازلىق بويىدا
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم مەن ئۇنى،
كۆزۈم كەپىدە
بىراق خىيالىم
ھەريانغا پەرۋاز قىلدۇردى مېنى.
بىر چاغلاردا.....
ئىلىئىچ ئۇچۇن
پاناھ بولغان ماكان شۇ ئىدى،
ئۇ قۇياشنى زۇلمەتكە قارشى،
ئاتلاندۇرغان سىلىكبۇ ئىدى.
قارىماققا غېرىپ كەپىسى،
يېپىنغان ئۇ چاۋا - قورايىنى،
بىراق ئۇنىڭ يۈكسەك خىسلىتى،
تەسلىم قىلدى قىشلىق سارايىنى
سىمولنىغمۇ كەلدى ئىلىئىچ
كىرىمبلغمۇ كەلدى شۇ يەردىن،
رىخستاكقا قادالغان تۇغمۇ
كەلگەن ئاشۇ قۇتلۇق سەپەردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى دۇنيانىڭ ئېسىل بىناسى،
ئۆرلەيدۇ يۈكسەك ئاسمانغا ـ ئەرشكە،
كىم شۇ كەپىگە قىلمىسا ھۆرمەت،
مۇللاق ئېتىپ چۈشىدۇ پەسكە.

شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، ئەركىن ۋەزنىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىپى شېئىردا ھاياجانلىق ھالەتنى ساقلاپ قېلىشتۇر. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، شائىر پوئېتىك تېخنىكىنى ياخشى ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

خەلق قوشاقلىرى. قوشاق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يۈرەك ساداسىدۇر. ئۇ ھەر خىل جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسى بولۇپ، ھەر خىل جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ قىياپىتىنى ۋە شۇ مىللەتنىڭ روھىي ھالىتىنى، خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قوشاقلار قىسقا ۋە لىرىكىلىق بولىدۇ، شەكلى جانلىق، مۇزىكىلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. قوشاقلار ئېيتىش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. قوشاقلارنى بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ئىگىلىگەن بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلار ئىشلىتىدۇ. قوشاق ئومۇمەن خەلق تۇرمۇشى ۋە كۈرىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ روھىي ئوزۇقى ۋە كۈرەش قورالى بولغان بولىدۇ. قوشاقلار خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلىدۇ. قوشاقلار ھېسسىيات، تەجرىبە، كۆرگەن ـ بىلگەنلەر، ئەمگەك داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ. خەلق قوشاقلىرى ـ كوللېكتىپ تۇرمۇشنىڭ بىخى بولۇپ، كوللېكتىپ تارقىلىش جەريانىدا ئۆسىدۇ. خەلق قوشاقلىرى مۇقىم بولمايدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنى كىشىلەر ئېھتىياجىغا قاراپ ئەركىن

ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ كوللېكتىپقا ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە ئىگە. سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، قوشاقنىڭ مۇستەقىل خۇسۇسىيىتى شۇ بولدىكى، ئۇ ئېزىلگەن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ ئەكس ساداسى، شۇنىڭدەك، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ھېسسىياتىنىڭ ئەينىكى بولدى. ئەمگەك قوشاقلىرى خەلقنىڭ پەن، دىن، ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ قامۇسى بولغان بولسا، مۇھەببەت قوشاقلىرى قىز-يىگىتلەر مۇھەببىتىنىڭ نازۇك كەشتىسى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، قەدىمكى چاغدىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

تولدى قەلبىم قايغۇغا، قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ماڭساڭ ئەگەر سەپەرگە، ئات قامچىسى مەن بولاي.
قورغان تېمى ئۈستىدە، ساڭا يېقىن ياندىشىپ،
بىللە تۇراي يىگىتىم بىلەكلىرىڭ مەن بولاي.

بۇ قوشاقتا، بىر قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ يالغۇز قېلىپ، چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيدە قالغاندىن كۆرە يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، يەنە مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ سېپىلى ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقى يېزىلغان، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا باتۇر، مەردانە، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

نەسرى شېئىر. بۇ، شېئىر بىلەن نەسر ئوتتۇرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈرىدىغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، نىسبەتەن ئەركىن تىل شەكلى بىلەن لىرىك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان، ھەر قانداق ئۆلچەم بىلەن چەكلەنمەيدىغان، تۈر، رىتىملىرىمۇ ئەركىن شېئىرلارغا ئوخشاش روشەن بولمىغان ئەسەردۇر.

## § 3. شېئىرنىڭ يېزىلىشى

شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىشتە، ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە، ئۇنىڭ «ئوبرازلىق تەپەككۇرنى قوللىنىش» تەك سەنئەت قانۇنىيىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. چۈنكى، شېئىر باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئالاھىدىلىك قىلىدۇ، ئۇ پەلسەپە بىلەن ئوخشاشمايدۇ. پەلسەپە ئۇقۇم ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن شېئىر ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى — ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، چۈنكى لوگىكىلىق تەپەككۇر بىۋاسىتە مۇھاكىمىلىق ئۇسۇلدىن ئوبراز يارىتالمايدۇ. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، مۇنەۋۋەر شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ گۈل-غۇنچىلىرىدۇر.

شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىشتە، يەنە شېئىرىيەت يېزىقچىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پەقەت ئىدىيە-ھېسسىياتلارنى تەبىئىي رەۋىشتە ئىپادىلەشكە توسقۇنلۇق قىلمىسىلا، شەكىل جەھەتتە ئومۇمەن رەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ھازىرقى زامان ئېغىز تىلىنى قوللىنىپ، خەلق قوشاقلىرى ۋە كلاسسىك شېئىرلارنىڭ مىسرالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، باب كەلتۈرۈش، تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇ،

يېڭى شېئىرىيەتنى خەلق قوشاقلىرى ۋە كلاسسىك شېئىرلار ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 1. ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن شېئىرىي مەنانى ئىزدەش

ماياكوۋسكى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، تۇرمۇش ھېسسىي مۇھىتنى يارىتىدۇ. شېئىردا ھېسسىي مۇھىت ئىپادىلىنىشى كېرەك، ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قانۇنىيەتمۇ چوقۇم تېپىلىدۇ. ماركس، ئىنسانلار گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئوبراز يارىتىدۇ دېگەنىدى. شېئىر — كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنى ئىستېتىك بىلىشىنىڭ مۇھىم شەكلى. تەبىئەت دۇنياسىدا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەسلىدىنلا خىلمۇ خىل، گۈزەل شەيئىلەر مەۋجۇت. شائىر مۇئەييەن ئىستېتىك قاراش بويىچە ئۇلارنى تاللاپ، يىغىنچاقلاپ ۋە قايتا ئىجاد قىلىپ، گۈزەل ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خۇددى كالا ئوت - چۆپ يەپ سۈت بەرگەنگە ياكى ھەسەل ھەرىسىنىڭ چېچەك شىرنىلىرىنى يىغىپ ھەسەل بەرگىنىگە ئوخشاشتۇر. بەزىدە قارىماققا ئاددىي كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى خېلى جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىپ تاۋلاشقا توغرا كېلىدۇ.

شائىر ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان چىنلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر چىنلىق بولىدۇ ياكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، تېخىمۇ ئۇزاق دەۋر سۈرىدىغان چىنلىق بولىدۇ.

شائىر تېخىمۇ كۆپرەك، تېخىمۇ يىراقنىراق ۋە تېخىمۇ پىششىقراق ئويلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، شېئىرنىڭ ئىقىم مەسىلىلىرى خەۋىرى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، يازغان نەرسە كىشىنى «خىيالىغىمۇ

كەلمەيتمكەن!» دەپ ھەيران قالدۇرالايدىغان بولۇشى، ھەرگىز كىشىگە ئادەتتىكىلا تەسىر قالدۇرىدىغان بولماسلىقى كېرەك. گۈزەللىك ھەممە يەردە مەۋجۇت، كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گۈزەللىك ئاز ئەمەس، كەم بولغىنى پەقەت بايقاشتۇر.

## 2. تىلنى پىششىق تاۋلاش

شېئىر — تىل سەنئىتىدۇر، تىل — شېئىرنىڭ تۈپ ئامىلىدۇر.

شېئىر ئىجادىيىتى مەسىلىسىدە تىل ھەممىدىن مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى. شائىر تىل ئىجاد قىلىش ئۈچۈن خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىر خۇددى مەرۋايىت يىغقۇچى مەرۋايىت يىغىش ئۈچۈن دېڭىز يوسۇنى بىلەن ھەپىلىشىش جەريانىدا، جان تالىشىپ يۈرۈپ نەچچە مىڭ گەز چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز قەھرىگە چۆشكىنىدەك جاسارەت كۆرسىتەلىشى كېرەك. چۈنكى، ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى: «ئەگەر شېئىرىيەت مەنپەئەتى نۇقتىسىنەزەرىدىن ئەمەس، خەلق مەنپەئەتى نۇقتىسىنەزەرىدىن كۆزىتىلگەندە، بۇ خىل ئەدەبىيات كىشىنى نېمىدېگەن قانائەتلەندۈرمەيدۇ. ئۇ قاتتىق ئۆزگەرتىپ تۈزۈلىشى، كونا جۈملىلەردىن پۈتۈنلەي خالاس قىلىنىشى، ناھايىتى ياخشى ياساندۇرۇلۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا خەلق ئىچىدە تارقىتىشقا بولىدۇ» (ئېنگېلس «گېرمانىيە خەلق ھېكايىلىرى»).

سۆز ئۈستىدە ئىشلەش، ئىنچىكە ۋە مۇشەققەتلىك ئىش. ماياكوۋسكى: «بەزى سۆزلەر ئۆزىچە قېچىپ كېتىدۇ-دە، ھېچقاچان قايتىپ كەلمەيدۇ. بەزىلىرى بولسا ھېچ نېرى كەتمەيدۇ. سۆز دەل ئورنىغا كەلمىگەچكە بىر نەچچە ئون قېتىم

ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ - چۆرۈيسەن. . . » دېگەنىدى. بولۇپمۇ
تىل ئۆزىدە بار بولغان ھەممىدىن ياخشى، كېلەچەكتە ھەم
مۇھەببەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدىغان ئېنىق، نەق،
گۈزەل، جاراڭلىق سۆزلەرنى تاللاشنى تەلەپ قىلىدۇ. روشەنكى،
شېئىرىيەتتە تىلنىڭ سالمىقى ئېغىرراق بولىدۇ. ھەر مىسرا
شېئىر ۋە ھەربىر سۆزنىڭ سالمىقى ئېغىر بولۇشى، راۋان،
گۈزەل بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈچلۈك، ھېكمەتلىك
بولۇشى لازىم. شېئىردىكى بىر قانچە مىسرالارنى كىتابخانلارنىڭ
ئېسىدە قالدۇرالايدىغان دەرىجىدە ئىشلەش كېرەك. شېئىرنىڭ
تىلى ئومۇمەن ئىخچام بولۇشى كېرەك. ئىخچام بولسۇن
دېگەنلىك، تىل شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە
دەلمۇ — دەل جايىغا كەلسۇن دېگەنلىكتۇر.

ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئاپىرىدە بولۇش، ئۆسۈش ۋە پىشىپ
يېتىلىش جەريانى بولىدۇ. يېزىقچىلىقتا جۈملىدىن تىل بىلەن
شۇغۇللىنىشتا، تاغ چوققىسىغا چىققاندەك ئىرادە، غەيرەت،
شىجائەت ۋە ماھارەت بولۇشى كېرەك. سەۋەنلىكلەردىن خالى
بولۇش تەس، قىيىنچىلىقمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى
پۇختا ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىش، ئۇزاققىچە
بەرداشلىق بېرىش كېرەك.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. شېئىر دېگەن نېمە؟
2. شېئىر قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟
3. شېئىرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
4. لىرىك شېئىر دېگەن نېمە؟
5. ئېپىك شېئىر دېگەن نېمە؟
6. ۋەزىن دېگەن نېمە؟
7. شېئىر قانداق يېزىلىدۇ؟

# XI باب ئېپىك ژانىرلار

ھەربىر ئەدەبىي تۈرنىڭ كونكرېت شەكلى «ژانىر» ياكى «خىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېپىك ئەسەرلەر — يازغۇچىنىڭ تېپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بايانچى ۋە پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇپ، تۇرمۇش مۇھىتىنى سۈرەتلەپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن باش تېما ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىي ژانىردىن ئىبارەت.

ئېپىك ئەسەرلەر زور ئىجتىمائىي رولغا ئىگە. ماركس: دىككىنس قاتارلىق ئەنگلىيە رېئالىستىك يازغۇچىلىرىنى «ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەم ئەكس ئەتتۈرلىشى جانلىق بولغان ئەسەرلىرىدە پۈتۈن دۇنياغا ئېچىپ بەرگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەتنى بارلىق كەسپىي سىياسەتۋازلار، سىياسىي ئوبزورچىلار ۋە تەرىقەتچىلەر (ئەخلاقشۇناسلار) نىڭ ئېچىپ بەرگەنلىرىدىنمۇ كۆپتۇر» دېگەنىدى.

ئېنگېلس بالزاك رومانلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇنىڭ (كىشىلىك كومېدىيىسى) بىزنى فرانسىيە (جەمئىيىتى) نىڭ بولۇپمۇ پارىژدىكى يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ رېئالىستىك تارىخى بىلەن تەمىن ئەتتى... مېنىڭ بۇنىڭدىن ۋە بۇنىڭدىكى ئىقتىسادنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن... ئۆگەنگەنلىرىم شۇ چاغدىكى بارلىق ئىقتىسادشۇناسلار، تارىخشۇناسلار ۋە ئىستېتىكا ئالىملىرىدىن ئۆگەنگەن بارلىق نەرسىلىرىمدىنمۇ كۆپ بولدى»①

---

① ئېنگېلس «مىس ھاركنېسقا خەت»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، خەنزۇچە نەشرى، 462-463 - بەتلەر.

دېگەندى.

لېنىن تولستوينى «رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» دەپ ئاتىغان بولسا، گوركىنىڭ «ئانا» رومانىنى «ئېھتىياجلىق بولغان كىتابدۇر» دەپ ماختاپ، «نۇرغۇنلىغان ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭسىز ستېخىيىلىك هالدا ئىنقىلابىي هەرىكەتلەرگە قاتناشقان، هازىر ئۇلار ‹ئانا›نى ئوقۇپ بولسا، چوقۇم ئىنتايىن زور پايدىغا ئېرىشىدۇ» دەپ كۆرسەتتىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ۋە «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» قاتارلىق مەشھۇر ئېپىك ئەسەرلەرگە باشتىن - ئاخىر يۇقىرى باها بېرىپ كەلگەندى. بۇنىڭدىن ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئېپىك ئەسەرلەر سەھىپىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، هەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، پېرسوناژلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، سيۇژېتىنىڭ مۇرەككەپ-ئاددىيلىقىغا قاراپ، رومان، پوۋېست، هېكايە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## § 1. رومان، پوۋېست، هېكايە

### 1. رومان

رومان — تۇرمۇشنى نىسبەتەن كەڭرەك ئەكس ئەتتۈرىدىغان، هەجمى چوڭ نەسرى ئەسەردۇر. ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى: كۆپ بولغان پېرسوناژلارنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى هەم ئۇلارنىڭ خاسلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە بىر دەۋرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ،

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە 400 دىن ئارتۇق پېرسوناژ (مۇھىملىرى يەنە ئوندىن ئاشىدۇ) سۈرەتلەنگەن بولۇپ، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ خاراپلىشىش دەۋرىدىكى ھەر قايسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا جىيافۇ باشچىلىقىدىكى تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى، چۈشكۈنلىشىشى، روناق تېپىش ۋە خاراپلىشىش تارىخى ھەم جيا باۋيۈي، لىن دەييۈي ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خوجايىن بىلەن قۇل، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئاددىي خەلق ھەمدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەقىدىنى قوغدىغۇچىلار بىلەن ئاسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىنىڭ چىرىكلىكى ۋە مۇقەررەر ھالاك بولۇش تەقدىرى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى فېئودال خانلىقىنىڭ گۈللىنىشتىن خاراپلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدەك جەمئىيەت قىياپىتى بىلەن تارىخىي يۈزلىنىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

جەمئىيەتنىڭ دەل مانا مۇشۇنداق چوڭ بولۇشى سەۋەبىدىن رومانىنىڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىك: باش - ئاخىرىنىڭ چىگىش بولۇشى، يىپ ئۇچلىرىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، سەھىپىسىنىڭ كەڭ بولۇشى، تۈزۈلۈشىنىڭ چوڭ بولۇشىدىن ئىبارەت. ئەمما چوڭ - كىچىك ۋەقەلىكلەر ئارىسىدا يەنە ئۆزلىرىگە قاتمۇ قات ھالدا سەۋەب بولۇش، بىر - بىرىنى دەۋرىلىك ھالدا تۇتۇپ تۇرۇش، ئۆزئارا ئەگرى - توقاي ھالدا ئۆسۈش (ئايلىنىش)، بىر - بىرىنى تارتىشتەك مۇناسىۋەت

مەۋجۇت. بۇ خىل ئالاھىدىلىك جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ
كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر رومانلىرىدا روشەن ۋە تولۇق ھالدا ئۆز
ئىپادىسىنى تاپقان. ئىلمىزنىڭ كلاسسىك رومانى «قىزىل
راۋاقتىكى چۈش»نىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنى
ئۆلگىلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. سۇن لى «قىزىل راۋاقتىكى
چۈش» رومانىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تەھلىل
قىلغان ھەمدە ئۇ «رومانىنىڭ باش قەھرىمانلىرى جياباۋيۈي، لىن
دەييۈلەر رەسمى كۆرۈلگەندە، ئۈچىنچى بابتا بۇنىڭ بىلەن تەڭلا
جيا قەسرىدىكى كاتتا شەخسلەر ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈنۈپ،
كىتابخانلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. بىراق، ئىككىنچى بابتا مىڭ
زىڭشىڭنىڭ روڭگو قەسرى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۆتىنچى بابتا جيا، شى، ۋاڭ، بىدىن ئىبارەت
تۆت چوڭ ئائىلىنى تونۇشتۇرىدۇ. باش قەھرىمان ياشاۋاتقان
مۇھىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەشىنچى بابتا «قىزىل راۋاقنى
ئاجايىپ سېھىرگەرلىك بىلەن كۆرسىتىپ، مەزكۇر كىتابتىكى
ئاساسلىق 12 پېرسوناژ ھاياتىنىڭ تەقدىرىنى باشقىچە ئۇسلۇبتا
ئىپادىلەپ، پۈتۈن كىتاب ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالىدىن يوشۇرۇن ئىپادە بېرىلگەن. بۇ، تۈزۈلۈش جەھەتتە
پۈتۈن ئەسەرنى نەزەرگە ئېلىشتەك رولنى ئوينىغان. بۇ ئومۇمىي
پىكىر يۈرگۈزۈشتىن باشقا ۋەقەلىك تەرەققىيات قىسمىدا يازغۇچى
يەنە كۆپلىگەن چوڭ كۆرۈنۈشلەرنى، چوڭ ۋەقەلەرنى ئەكس
ئەتتۈرگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاياقچىسىز بولماستىن،
بەلكى سەۋەب ۋە نەتىجىلىك، باش ۋە ئاخىرى ئېنىق بىر چوڭ
ۋەقەلىك، كۆپلىگەن كىچىك ۋەقەلىكلەرگە تەسىر قىلغان. ھەتتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۈتۈن كىتابنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەسىلەن، باش باھارنىڭ قايتىشى بىلەن نەزەر باغنىڭ ئالاھىدە ياسالغانلىقى، بۇنىڭ كىتابتىكى بىر پۈتۈن ياش ئوغۇل - قىزلارغا خاس بولغان تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھېكايە تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر مەركىزىي مەيدان ھازىرلىغان، بەلكى ئۇ يەنە كۆپلىگەن كىچىك ۋەقەلىكلەرنى باشلاپ چىققان. مەسىلەن، فالڭ بېگىم، مياۋيۈي قاتارلىقلارنىڭ چىققان جايلىرىدىن ئىبارەت»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئاخىرىدا سۈن لى «ئۇ ئاساسەن ساۋشۆچىننى كۆرسىتىدۇ، بىر مەركىزىي ۋەقەلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ھامان جىمجىت تۇرغان سۇ يۈزىگە چوڭ بىر تاشنى تاشلىغاندا ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىتىكى سۇ يۈزىنى چايقالدۇرۇپ، نىلۇپەر گۈللىرىنى مىدىرلىتىپ، ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى چۆچۈتىپلا قالماستىن، ئۆتكەن - كەچكەن قېيىقلارنىڭ سىلكىنىشىنى، يوشۇرۇنغان سۇ قۇشلىرىنىڭ ئۈركىشىنى، دولقۇنلارنىڭ ئايلىنىپ ئۇزۇن ئارا سوقۇلۇشىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەممە ياققا كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، تاش تاشلانغان يەر تىنجىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى يەنىلا چايقىلىپ، ئۇرۇلۇپ توختىمىغاندەك قىلىدۇ»[2] دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئىنچىكىلىك بىلەن قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇش «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

## 2. پوۋېست

پوۋېست — ھېكايە بىلەن رومان ئارىلىقىدىكى بىر خىل

[1] [2] سۇنلى: «رومان توغرىسىدا»، «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1978 - يىل 4 - سان.

نەسرى شەكىلدۇر. ئۇ ھېكايىنىڭ ئۇزارتىلىشى ياكى رومانىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولماستىن، بەلكى خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىردۇر.

ھېكايە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن بولۇپ، باش تېمىنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈشتە تېخىمۇ كەڭ زېمىنگە ئىگە. بەدىئىي قۇرۇلمىسى جەھەتتە، تېخىمۇ كەڭ ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، ئۇنىڭدا بايان قىلىش، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش تېخىمۇ قولايلىق بولۇپ، مۇھىتنى نىسبەتەن كەڭرەك تەسۋىرلەپ، مۇئەييەن دەۋرنىڭ بىر قەدەر تولۇق تارىخىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا تىپىك مۇھىتنى تەسۋىرلەش ھېكايىگە قارىغاندا، تېخىمۇ تولۇقراق بولىدۇ، پوۋېستتا نىسبەتەن كۆپ پېرسوناژلارنى يارىتىشقىمۇ، ئىككىنچى ئورۇندىكى پېرسوناژنى كۆچەپ تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ. ھېكايىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پېرسوناژلار بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى، بەلكى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئىخچام بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قەلەم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسلىق پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش كېرەك.

پوۋېستتا كۆپرەك ۋەقەلىكلەر ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى، كۆپىنچە باش قەھرىماننىڭ بىر دەۋر تۇرمۇشىدىكى بىر قاتار تىپىك ۋەقەلىكلەر بولىدۇ. ھېكايە كۆپىنچە باش قەھرىماننىڭ مەلۇم تۇرمۇش كەسمىسىدىن ماتېرىيال ئالغان بولىدۇ. ۋەقەلىكى پوۋېستنىڭكىدەك مول بولمايدۇ.

پوۋېست بىلەن رومانىنى ئايرىش، بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە، پوۋېست ۋە رومان دېگىنىمىز پەقەت نىسپىي سۆز بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمىلىقنىڭ مۇتلەق بولۇشىمۇ ناتايىن. ئومۇمەن ئالغاندا، پوۋېستنىڭ سەھىپىسى رومان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەھىپىسىدىن قىسقا بولۇپ، ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشى رومانىنىڭكىدەك كەڭ، پېرسوناژلىرى كۆپ، يىپ ئۇچى رومانىنىڭكىدەك چىگىش بولمايدۇ. پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى»، لېرمونتوۋنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، لېۋ. تولستوينىڭ «تىرىلىش»، لۇشۈننىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەر يۇقىرىقى ژانىرلارغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ.

## 3. ھېكايە

ھېكايە كۆپىنچە تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كەسمە كۆرۈنۈشلەرنى بۆلۈۋېلىپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەلۇم تۇرمۇش پارچىلىرىدىن كىشىلەر پۈتۈن كۆرۈنۈشنى بىلىۋېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا تونۇپ يېتىدۇ. خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك «ئۇلۇغ نۇرلۇق زور خاتىرە مۇنارىسى ھېسابلانغان ئەدەبىياتنىڭ ئىچىدە ھېكايىمۇ تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى چوڭ ـ كىچىك، ئېگىز ـ پەس بولسۇن، بۇلار تەقدىرداش بولىدۇ. مەسىلەن، چوڭ بۇتخانىغا كىرىپ ھەممىسىگە نەزەر تاشلىغىنىدا ئىنتايىن گۈزەل ھەشەمەتلىك بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، ئادەم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ھەر بىر نەقىش، ھەر بىر سۈرەتلىرىگە سىنچىلاپ قارىغاندا، گەرچە ئۇ نازۇك كىچىك بولسىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئومۇمىي دائىرىگە كېڭەيتىلسە تەسىرات شۇنچە ناچارلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاخىرى دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ.» ماۋدۇنمۇ ھېكايىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى «تۇرمۇش پارچىلىرىنى بۆلۈۋېلىش، كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈش، بىردىن ھەممىنى بىلىشتىن ئىبارەت» دېگەنىدى.

رومان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گەرچە ھېكايىنىڭ سەھىپىسى قىسقا، پېرسوناژلىرى ئاز، ۋەقەلىكى نىسبەتەن ئاددىي، يىغىنچاق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ھېكايە باش تېمىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ھېكايە يېزىشتا يازغۇچى كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈشى كېرەك. بۇ، يازغۇچى تۇرمۇش پارچىلىرىنى بۆلۈپ ئېلىشتا ھەمدە نازۇك بەدىئىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ، چوڭقۇر بولغان باش تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك. مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن ھېكايە ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكىنىڭ نىسبەتەن ياخشىراق بىرلىكىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، لۇشۇننىڭ «كۇڭ يىجى» ناملىق ھېكايىسىنى ئالساق. ئۇنىڭدا، فېئوداللىق جەمئىيەتتە چۈشكۈنلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن كۇڭ يىجىدىن ئىبارەت بىر زىيالىينىڭ بەزى ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۇقتىملىق تەسۋىرلىنىپ، كۇڭ يىجىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك، توغرىسىغا تەپسىلىي بايان ئېلىپ بېرىلمىغان بولۇپ، ئاساسەن شياڭشياڭ مەيخانىسىنىڭ كىچىك خىزمەتچىسىنىڭ مۇشۇ يېزا بازىرىدىكى كىچىك مەيخانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغان بەزى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىپادىلەنگەن. بىراق، فېئوداللىق جەمئىيەت ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرى چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، زىيالىيلار تەقدىرى (كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭكى دېيىش ھاجەتسىز) نۇقتىسىدىن فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت زور باش تېما ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھېكايىنى كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈش تەلىپىگە ئىگە قىلىشتىكى ھالقا — يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ھەمدە ھېكايىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق شەكىل ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

يىغلىق يازىشتا خۇددى چىڭگىز ئايتماتوۋ كۆرسىتىپ

ئۆتكەندەك، شەكىلسىزلا كۆزدە تۇتۇشقا بولمايدۇ، بۇ ئالدى بىلەن بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ كۆلىمى ۋە ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىشى لازىم، بۇ ئوبيېكتنى تەسۋىرلەشتىكى ئۇسلۇبنى، شۇنداقلا ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن سۆز تاللاش مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت مۇشۇ چاغدىلا، يازغۇچىنىڭ زامانداشلىرى ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ سەنئەتكارى دەپ بىلىدۇ.

## § 2. ھېكايىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆپ تەرەپلىمە ھالدا پېرسوناژنى سۈرەتلەپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش

ئېنگېلس ھاركېنىسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «رېئالىزمنىڭ مەنىسى — تەپسىلات چىنلىقىدىن سىرت، يەنە تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژنىڭ ھەقىقىي تۈردە قايتا گەۋدىلىنىشىدۇر.» ھېكايە دەل باشقا بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ژانىرلارغا ئوخشاش «تىپىك شارائىتتىكى پېرسوناژنى ھەقىقىي تۈردە قايتا گەۋدىلەندۈرۈشى» لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكايە تېخىمۇ قولاي شارائىتقا ئىگە بولۇپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى تېخىمۇ ئەركىن ھالدا يارىتالايدۇ.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن خاسلىقىنىڭ ئورگانىك (جانلىق) بىرلىكىنى ئىپادىلەش كېرەك. روشەن خاسلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق جانلىق پېرسوناژ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، مەلۇم بىر تىپىك پېرسوناژنىڭ ئورتاقلىقى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئېنگېلس

ھاركېنىسقا يازغان خېتىدە يەنە «ھەر بىر ئادەم — تىپتۇر. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇئەييەن بىرلا كىشىدۇر. دەل گېگېل بوۋاي ئېيتقاندەك بىر ‹مۇشۇ، دۇر›» دەيدۇ. بۇ دەل تىپىك پېرسوناژنىڭ ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىكى ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق كۆرسىتىلىشىدۇر.

تىپىك پېرسوناژنىڭ ئورتاقلىقى شۇ تىپىك پېرسوناژ ۋەكىللىك قىلغان ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئورتاقلىقى گەۋدىلىك ھالدا كىشىلەرنىڭ سىنىپىيلىكى بولۇپ ئىپادىلەنگەن. لېكىن، بىز ھەرگىزمۇ تىپىك پېرسوناژنىڭ ئورتاقلىقىنى مېتافىزىكىلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى بىر خىل ئۆزگەرمەس شەكىل دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ ئوخشاشمىغان سىنىپلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ سىنىپىي ئورتاقلىقىدا چىگىش ھەم مۇرەككەپ ئەھۋالنىڭ بولىدىغانلىقىدىندۇر. بىراق، سىنىپقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭمۇ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، تەربىيىلىنىشى ۋە كونكرېت شارائىتلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تۇرمۇش ئادەتلىرى، پسىخىك ھالىتى ۋە مىجەزى، قىزىقىشى، ھەۋىسى، ھەتتا روھى ھالىتى بولىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان خاسلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئورتاقلىقى دەل ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان خاسلىقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئىپادىلەش شەكلى بولغان خاسلىق مول ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن سىنىپىي ئورتاقلىق ھەرگىزمۇ بىر خىل قېلىپلاشتۇرۇلغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، لۇشۇننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دىكى ئا

www.uyghurkitap.com

Q بىلەن «يۇرتۇم» ھېكايىسىدىكى روڭتۇنىڭ ھەر قايسى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ ئورتاق سىنىپي ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. لېكىن ئاQ بىلەن روڭتۇنىڭ خاسلىقى يەنىلا تامامەن ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنى بىر سىنىپتىكى ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان، روشەن خاسلىققا ئىگە تىپىك ئوبرازلارغا ئايلاندۇرغان. تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا تۆۋەندىكى ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش كېرەك:

1. پېرسوناژنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىگە سەل قاراپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھالدا قېزىش ئېلىپ بارماي، تىپىك ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئوبرازنى يېزىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

2. پېرسوناژغا سىياسىي ماركىنى چاپلاپ، پېرسوناژ سىخېمىسى بىلەن سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ، خاسلىقنى پرىنسىپ ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، شەخسنى «دەۋرنىڭ نوقۇل كانىيى»غا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇنداق تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ قېلىپلاشتۇرۇلغان، مودېللاشتۇرۇلغان، ئۇقۇملاشتۇرۇلغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، كىشىگە چوڭقۇر بەدىئىي زوق بېرەلمەيدۇ. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان دەۋردە، «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «ئۈچ جەھەتتىن تولۇقلاش» قاتارلىق قېلىپلاشقان «ئىجادىيەت پرىنسىپى» بىر مەھەل بازارغا سېلىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل سەپسەتە تەرىپىدىن خاتا يولغا باشلاندى. بۇ خىل كەيپىيات گۇرۇھ باگۇسى يولغا قويۇلغانسېرى شۇنچە ئەۋج ئېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، قۇپ-قۇرۇق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ساۋاقنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇش كېرەك.

ئىجادىيەتتە تىپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى قانداق قىلىپ

كونكرېت هالدا جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ يازغۇچى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار چەكلىمىسىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، ھېكايىنى تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماي، بەلكى بار بولغان خام ماتېرىيال ئاساسىدا، تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق هالدا توقۇلما قىلىپ يىغىنچاقلاش ئېلىپ بارىدۇ. لۇشۈن مۇنداق دەيدۇ: «يازغان ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئومۇمەن ئۆزەمنىڭ كۆرگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسلانغان. لېكىن مەن بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىشلەتمەي پەقەت قىسمەن تەرىپىنى ئىشلىتىمەن، ئۇنى ئۆزگەرتىمەن ياكى پىكىرلىرىمنى تولۇق ئىپادە قىلغانغا قەدەر راۋاجلاندۇرۇپ بارىمەن. . . . پېرسوناژلىرىم مودېللىرى ئۇستىدىمۇ شۇنداق ئىشلەيمەن. مەخسۇس بىر ئادەمنىلا ئىشلەتمەيمەن. ئۇ جېجياڭچە سۆزلەيدۇ، بېيجىڭلىقلارغا ئوخشايدۇ، سەنشىچە كىيىنىدۇ. ئومۇمەن قۇراشتۇرۇلغان بىر پېرسوناژ بولىدۇ.»①

بۇ ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيالى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى مەلۇم مودېللار بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. يازغۇچى ئەسلىدىكى ئۇلگە ئاساسىدا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا خام ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۆزئارا بىرىكتۈرگەندە ئاندىن روشەن، جانلىق بولغان تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتالىلى بولىدۇ. شۇڭا، تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى — ماھارەت مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، تىپىك پېرسوناژنى يارىتىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەم ئوخشاشمىغان

① «مەن ھېكايە يېزىشنى قانداق باشلىدىم؟»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1981 ـ يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

سىنىپ، ئوخشاشمىغان تىپتىكى پېرسوناژلارنى چوڭقۇر تونۇشى ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەدىئىي قانۇنىيەت بىلەن بەدىئىي ماھارەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پىششىق ئىگىلىۋېلىش كېرەك.

تىپىك پېرسوناژ توغرىسىدا يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز، ھېكايىدىلا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىك بولماستىن، بەلكى بارلىق بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق تەلەپ قويۇلىدۇ. بىراق، ھېكايە پېرسوناژنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە ئۆزىگە خاس قولايلىق شارائىتقا ئىگە بولۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆپ تەرەپلىمە ھالدا پېرسوناژنى سۈرەتلەپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق.

دوكلات ئەدەبىياتى ۋە تىپىك نەسرى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېكايە ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. يازغۇچى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئاساسلانغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىشتا، تەپەككۇر قانىتىنى كەڭ كېرىپ، باش تېمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى نۇقتىلاردىن، ھەر خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، پېرسوناژنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلىشى كېرەك.

سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېكايە سەھنە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۆز مەيلىچە كۆرۈنۈشنى ئالماشتۇرالايدۇ ھەم ۋەقەلىكنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، پېرسوناژ پائالىيىتىنى كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ھېكايە ئەسەردىكى پېرسوناژ تىلى ئارقىلىقمۇ، بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى ئارقىلىقمۇ پېرسوناژنى سۈرەتلىيەلەيدۇ. بىراق، سەھنە ئەسەرلىرى بولسا پەقەت تىياتىرخانىدىكى پېرسوناژنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، ھېكايىنىڭ تىپىك پېرسوناژنى يارىتىشى سەھنە ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ

ئەركىنرەك بولىدۇ.

ھېكايىدە پېرسوناژنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى كونكرېت ئۇسۇلغا كەلسەك، ئۇلار ئاساسلىقى پورتېرت تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، تىل تەسۋىرى، پسىخىك تەسۋىرى، تەپسىلات تەسۋىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 2. تىپىك شارائىتنى كونكرېت سۈرەتلەش

تىپىك پېرسوناژنىڭ ئىدىيىسى، خاسلىقى ئۇ ياشاپ تۇرغان مۇئەييەن شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن پېرسوناژنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى سۈرەتلەش كېرەك.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدىغان مۇھىت ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى تەبىئىي مۇھىت، يەنە بىرى ئىجتىمائىي مۇھىت. تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرىدە ئاساسلىق قىلىپ مەنزىرە تەسۋىرلىنىپ، مۇبالىغە، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە بولۇپمۇ ۋەقەلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ھېكايە يېزىشتا تېخىمۇ مۇھىمى ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى بولۇپ، تىپىكلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىپ، تىپىك بولغان مۇھىتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

تىپىك مۇھىت دېگىنىمىز: تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق دەۋرنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىلەن تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئاشۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ.

تىپىك مۇھىت بىلەن تىپىك پېرسوناژ ئۆزئارا بىر - بىرىگە تايانغان، ئۆزئارا بىر - بىرىنى شەرت قىلغان بولىدۇ. تىپىك پېرسوناژ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى تىپىك مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق مۇھىتقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ مۇھىتنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا ئېنگېلس رېئالىستىك ئەدەبىياتقا «ھەقىقىي ھالدا تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» تىن ئىبارەت تەلەپنى قويغانىدى.

تىپىك مۇھىتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا، يازغۇچىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن پايدىلىنىپ تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان رىئاللىقنى ھەم كۆرەلەيدىغانلىقىنى تىپىكلەشتۈرۈشكە قارىتىلغان. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تىپىك مۇھىتنى ھەقىقىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

يازغۇچىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قارىشى قانچىكى روشەن بولسا، ئۇنىڭ تىپىك مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە توغرا بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر تارىخىي ئىدېئالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزەتكەندە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئاساسىي ئېقىمىنى ئىگىلىۋالالمايدۇ-دە، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مۇھىت تەسۋىرى تىپىك بولماي قالىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە ئايال يازغۇچىسى ھاركېنىس «شەھەر قىزى» ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ، 1887 - يىلدىكى ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنى بەكمۇ پاسسىپ ئۇيۇشما ھالەتتە تەسۋىرلىگەنىدى. ئېنگېلس ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ تەسۋىرلىگەن مۇھىتىنىڭ تىپىك بولمىغانلىقىنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «(شەھەر قىزى) دا ئىشچىلار سىنىپى پاسسىپ ئامما ئوبرازىدا گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ياردەملىشەلمەيدۇ. ھەتتا ئۆزئارا ياردەملىشىشتىكى ھەر قانداق مەقسەتلىك تىرىشچانلىقلىرىنىمۇ ئىپادىلىمىگەن.» ئېنگېلس بۇلارنىڭ ھەممىسىگە «رېئالىزم دائىرىسىدە ئۆز ئورۇنلىرىنى ئىگىلەشلىرى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى

ھاركېنسىنىڭ 1887 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ تىپىك بولمىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرىدۇ.

تىپىك مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، ئادەتتە تۆۋەندىكى بەزى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ:

1. تەبىئەت مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش. تەبىئەت مەنزىرىسى ئەسەرلەرگە كىرىشى بىلەنلا «ئادەملەشتۈرۈلگەن» تەبىئەتكە ئايلىنىپ، پېرسوناژلار ھەرىكىتى بىلەن تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، نىسبەتەن ئەگرى - توقاي ھالدا مۇئەييەن دەرىجىدە مەخسۇس مۇھىتنىڭ تىپىكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «بىمەرەمجانلىق» ناملىق ھېكايىسى باشلىنىش بىلەنلا، ياز كۈنلىرىنىڭ كەچكى ۋاقىتلىرىدىكى لۇجېن بازىرىنىڭ دەريا بويىدىكى مەھەللىلىرىنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرى بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىدىكى كەچكى غىزالىنىشتىن ئىبارەت تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يازغۇچى بەنە قەستەن ھەجۋىلەشتۈرۈش ئارقىلىق يوقسۇللارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى «دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى» دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جەنۇبىي جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ كەمبەغەللىك ۋە قالاقلىق ھالىتىنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. مانا بۇ، مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق بىر تىپىك مۇھىتنىڭ سۈرەتلىنىشى.

2. ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش. مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت مەلۇم مىللەت، دەۋر ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت ھامان تىپىك مۇھىتنىڭ بىر خىل مۇھىم ئامىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە، لۇجېننىڭ بەخت تىلەش تۇرمۇش مەنزىرىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، بۇلۇپمۇ، لۇسى بەگ

ئائىلىسىنىڭ نەزىر - چىراق قىلىپ بەخت تىلەشتىكى داغدۇغىلىق كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈشى تىپىكلىكىنىڭ ھەم مۇھىتىنىڭ ئاجايىپ تەسۋىرلىنىشىدۇر.

3. ئائىلە سەرەمجانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش. ئائىلە سەرەمجانلىرى بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادى ئورنى بىلەن قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئوخشاشلا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە روڭگو قەسىرىدىكى جيا ئانا تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ تەسۋىرلىنىشىمۇ سالاھىيەت جەھەتتىن باشقا خوجايىنلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. نەزەر باغدىكى شياۋ شياڭ سارىيى، خېڭۇۋ ھويلىسى، چيۇشيۇڭ ھۇجرىسى، يىخۇڭ ھويلىسىنىڭ تەسۋىرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا سەرەمجانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. بىراق، ئۇلار يەنىلا بىر ئاقسۆڭەك بايۋەتچە ۋە ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى تىپىكلىك ۋە ئورتاقلىقتا ئىككى ھالدا ئىپادىلىگەن.

چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بەزىبىر تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇھىم ۋاسىتە، شۇنداقلا مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم ئۇسۇلدۇر.

4. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش. بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئۇسۇل، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، سىنىپىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىرماش - چىرماش ئارلاشمىسى ئىچىدە زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرگە تولغان بولىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت شەكىللىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز پەقەت ھېكايىدىكى تىپىك مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە دائىم قوللىنىلىدىغان بەزىبىر ئۇسۇللاردىنلا

ئىبارەت. ئەلۋەتتە، يازغۇچى بەزىدە يەنە بەزى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشەندۈرۈپ، مۇھىتنى تونۇشتۇرسىمۇ بولىدۇ، لېكىن، ھېكايە يېزىش سىياسىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىش بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

## 3. تىپىك ۋەقەلىكنى يارىتىش

ۋەقەلىك — ئەسەردە ئىپادىلەنگەن بىر قاتار تۇرمۇش ھادىسىلىرى بولۇپ، ئۇ پېرسوناژنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستىدۇر. پېرسوناژنىڭ خاسلىقى ۋەقەلىكنى بەلگىلەيدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا، ۋەقەلىك يەنە پېرسوناژ خاسلىقىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ۋەقەلىكنى تاللاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەممىسىدە پېرسوناژ خاسلىقىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىش كېرەك. رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلار ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ئاساسىدۇر. بىراق، رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار چىگىش ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ. يازغۇچى ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، ۋەقەلىكنى تىپىكلەشتۈرۈشى، يەنى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەڭ ياخشى ئېچىپ بېرىدىغان ماھىيەتنى ۋە پېرسوناژ خاسلىقىنى ئەڭ ياخشى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋەقەلىكنى تاللاپ، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىخچاملاش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق تىپىكلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ۋەقەلىكنى قۇراشتۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق ھېكايىسى ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك «كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان» لاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، پەقەت شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربان چيۇجىننىڭ باتۇرلارچە قۇربان بولۇشىدۇر. لېكىن، يازغۇچى

www.uyghurkitap.com

خۇا لاۋشۇەننىڭ ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋالغانلىقىدەك ۋەقەلىكنى ياساپ چىققان. بىراق، بۇ قان پەقەت ئىنقىلابىي قۇربان شيايۈي (چيۇجىڭنىڭ نامايەندىسى) نىڭ بولۇپ، خۇا لاۋشۇەن ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى كاڭداشۇ دېگەن جاللاتنىڭ ئۇنىڭ چايخانىسىغا كەلگەندە كۆپچىلىككە ئەتەي كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىشنى خالىمايدۇ؛ مېھمانلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ خۇا لاۋشۇەندەك ئاشۇنداق نادان، ئىنقىلاب ھەققىدە قىلچىمۇ ساۋاتقا ئىگە بولمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ كەڭ دائىرە ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن باش تېمىنى بۇسۇپ ئۆتكەن — شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىشىغا بولغان تەنقىدتۇر. ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتور ھەتتا ئىنقىلابچىلارنىڭ ئائىلىرىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ شۇغۇللانغان ئىنقىلابىي ئىشلىرى توغرىسىدا ئانچە تونۇشقا ئىگە ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مانا بۇ باش تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغانلىق. يۇقىرىدىكى ۋەقەلىكنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىدىن يازغۇچىنىڭ ۋەقەلىكنى تېپىكلەشتۈرۈشتىكى ماھىرلىقىنى روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ يالغۇز ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ ئەگرى-توقاي ۋە جانلىق بولۇپ كۆرۈنۈشى ئۈچۈنلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى باش تېمىنى چوڭقۇر ھالدا ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. ئەگەر تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالغاندا، چوڭقۇر ھەم جانلىق بولغان ۋەقەلىكنى ھەرگىزمۇ تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ.

تولۇق بولغان ۋەقەلىك باشلىنىش، راۋاج، كولمىناتسىيە ۋە يېشىمدىن ئىبارەت تۆت قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بەزىدە باشلىنىشنىڭ ئالدىدا بىر پرولوگ، يېشىمدىن كېيىن بىر ئېپلوگ بولىدۇ. بىراق پرولوگ بىلەن ئېپلوگ ۋەقەلىكتە بولمىسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسىملار ئەمەس.

ۋەقەلىك بىلەن ئۆزئارا زىچ باغلىنىدىغىنى — يىپ

ئۆچىدۇر. يىپ ئۆچى پۈتۈن ھېكايە ۋەقەلىكى تەرەققىياتىنىڭ باش - ئايىقىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە پەقەت بىرلا يىپ ئۆچى بولۇپ، «تاق يىپ ئۆچى» دېيىلىدۇ؛ بەزىلىرىدە بولسا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يىپ ئۆچى بولۇپ «قوش يىپ ئۆچى» دېيىلىدۇ. قوش يىپ ئۆچلۈك ۋەقەلىكتە ئۇدۇللا تەسۋىرلەش بولۇپ، بۇ «روشەن سىزىق» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە مۇشۇ يىپ ئۆچلىرىدىكى مەلۇم بىر يىپ ئۆچىنىڭ ۋەقەلىككە سىڭىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، يان تەرەپتىن تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ. رومانلارنىڭ باش - ئاخىرى چىگىش بولغانلىقتىن، ۋەقەلىك كۆپ ھاللاردا قوش يىپ ئۆچى بويىچە راۋاجلىنىدۇ. ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكى كۆپ ھاللاردا تاق يىپ ئۆچى بويىچە راۋاجلىنىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ھېكايىسى.

## § 3. ھېكايىنىڭ يېزىلىشى

ھېكايىنىڭ يېزىلىشى — دەل باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىغا ئوخشاش، غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەت پەرقىگە ئىگە بولۇپ، ھالقا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش ئىقتىدارى بىلەن تۇرمۇشنى بەدىئىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتىدۇر. بۇ خىل ئىقتىدار بىلەن قابىلىيەت، ئادەتتە ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئۆگىنىش ۋە تەكرار ئەمەلىيەت ئارقىسىدىلا ئۈزلۈكسىز كۆتىرىلەلەيدۇ. بىراق، ئەسلىدىكى بويىچە بايان قىلغىنىمىزدا، ھېكايىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ھېكايىنىڭ يېزىلىشىدا قانداق قىلىپ كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؟ مانا بۇ بىزنىڭ ئالاھىدە تەتقىق قىلىدىغان بىر مەسىلىمىزدۇر.

www.uyghurkitap.com

## 1. تۆرمۆشنىڭ كەسمە يۈزىدىن ئىخلاس بىلەن ماتېرىيال ئېلىپ چوڭقۇر قېزىش

ھېكايىنىڭ سەھىپىسى قىسقا بولۇپ، تۆرمۆشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە رومانغا ئوخشاش ئاشۇنداق خالىغانچە، ھەر تەرەپلىمە بولمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھېكايە كۆپ ھاللاردا باش قەھرىمان تۆرمۆشىنىڭ مەلۇم بىر كەسمە يۈزىدىن كىرىشىپ، مۇشۇ كەسمە يۈزدە ۋەقەنى قانات يايدۇرۇپ، مەنزىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىدۇ. مەسىلەن، لۇشۇننىڭ «بىسەرەمجانلىق» ناملىق ھېكايىسىدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي قىسمى پەقەت جەنۇبىي جۇڭگونىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ زېمىنىدا بولغان بولۇپ، ۋاقىت ئاساسەن كەچلىك تاماق ۋاقتىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ يۇلۇۋالغان تۆرمۆش دېتالى ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ، ھېكايە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئىخچام، تۈزۈلىشىنىڭ پۇختا بولۇش ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئەلۋەتتە، ھېكايىدىمۇ باش قەھرىماننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۆرمۆش سەرگۈزەشتىسىگە چېتىشلىق بولىدىغان تەرەپمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «بەخت تىلەش»تە، لۇشۇن پەقەت شياڭلىن ھەدىنىڭ لۇسى بەگ ئائىلىسىگە ئىككى قېتىم بېرىپ ئايال خىزمەتكار بولغان ۋاقتىدىكى تۆرمۆش سەرگۈزەشتىلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ بىر بۆلەك تۆرمۆش دەل لۇشۇننىڭ شياڭلىن ھەدىنىڭ ئېچىنىشلىق تۆرمۆشىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ تىپىك بولغان كۆرۈنۈشنى يۇلۇپ ئېلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى بىلەن ياشلىق دەۋرىنى ياكى پۈتۈنلەي چېتىشلىق قىلمىدى، ياكى بولمىسا پەقەت قىسقىلا چۈشەندۈرۈش بېرىپ خۇلاسىلىدى.

باش قەھرىمان تۆرمۆشىنىڭ كۆرۈنۈشنى يۇلۇپ ئېلىشتا

قەيەردىن كىرىش كېرەك؟ يازغۇچى باش قەھرىماننىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنى ئىگىلىۋېلىشى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان تۇرمۇش پارچىسىنى تۇتۇۋېلىشى ھەم ئۆزىنىڭ نەپىس بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنى ماھىرلىق بىلەن بۇ ئەڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش دېتالىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا كۆرۈنۈش شەكىللىنىپ، ھېكايىنىڭ ئاساسلىق تۈزۈلۈشىمۇ بەلگىلىنىدۇ.

تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، تاللىۋېلىنغان ماتېرىيالنىڭ دائىرىسى مۇقىملىشىپ، ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ روشەن بولغان لىنىيىسى بارلىققا كېلىدۇ. بىراق، يازغۇچى يەنە تاللىۋېلىنغان ماتېرىيالنى چوڭقۇر قېزىپ، باش تېمىنىڭ يەنىمۇ ساغلام بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. كۆرۈنۈشنى يۇلۇپ ئېلىش بىلەن مۇشۇ ئاساستا باش تېمىنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ ھەممىسى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشىدىن ئايرىلمايدۇ. يازغۇچى پەقەت باش قەھرىماننىڭ مەلۇم بۆلەك تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندە ھەم مۇشۇنىڭدىن چوڭقۇر، ھەم يېڭىچە ئىدىيىگە ئىگە بولغان چاغدىلا، پېرسوناژ بىلەن ۋەقەلىك ئاندىن جانلىق ماسلىشىپ، ئەسەرنىڭ دائىرىسى ئاساسەن شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئەسەرنىڭ باش تېمىسىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىگە بولىدۇ. لۇشۈن: «تاللانغان ماتېرىياللار پۇختا بولۇشى، قېزىش چوڭقۇر بولۇشى، بىر ئازمۇ ئەھمىيىتى بولمىغان پارچە - پۇرات ۋەقەلىكلەرنى توپلاپ بىر ئەسەر قىلىپ قويماسلىق كېرەك» دېگەنىدى. بۇ بىزگە بېرىلگەن ئىنتايىن ھەقىقىي كۆرسەتمىدۇر.

www.uyghurkitap.com

## 2. پېرسوناژلار بىلەن ۋەقەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، قەلەم كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش

ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىدە پېرسوناژ بىلەن ۋەقەلىك بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىكتىن ئىبارەت. پېرسوناژنىڭ خاسلىقى ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. ھېكايە ۋەقەلىكى بولسا پېرسوناژ خاسلىقىنى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىدۇر. دەرۋەقە، پېرسوناژ ئاساسلىقتۇر. شۇڭا، يازغان ۋاقىتتا قەلەم كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پېرسوناژ ئوبرازىنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پەقەت پېرسوناژ خاسلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئەگەر پېرسوناژ خاراكتېرىدىن ئايرىلغان ھالدا ھېكايە ۋەقەلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلسە، ئۇنداقتا بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولمايدىغىنى يوق. قەلەم كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پېرسوناژنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئامىل — پېرسوناژ خاسلىقىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان ھەرىكەتنى جانلىق تاللىۋېلىپ، جانلىق، ئىنچىكە تەسۋىرنى قانات يايدۇرۇش. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن پېرسوناژدا پۈتۈن گەۋدىلىك ھېسسىيات بولۇپ، ئوبراز روشەنلىشىدۇ. ئېنگېلس: «مېنىڭچە بىر پېرسوناژنىڭ خاسلىقى ئۇنىڭ نېمە قىلمۇاتقانلىقىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى قانداق قىلمۇاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ» دېگەنىدى. پەقەت كونكرېت، جانلىق، تەپسىلىي ھالدا مەلۇم پېرسوناژنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان «قانداق قىلىشى»دىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلىگەندە، پېرسوناژنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكى ئاندىن روشەنلىشىدۇ.

پېرسوناژلار بىلەن ۋەقەلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە، يېزىقچىلىقتا دەسلەپ كىرىشكەن كىشىلەر كۆپىنچە مۇنداق ئىككى خىل سەۋەنلىكتىن خالى بولالمايدۇ:

بىرىنچى، جانلىق، قىزىقارلىق ياكى قورقۇنچلۇق، غەلىتە ۋەقەلىكلەرنى بەكمۇ باش قاتتۇرۇپ ئىزدەپ، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ جانلىق تەسۋىرلىنىشىگە سەل قاراش. بۇنى كىتابخانلار ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ پېرسوناژنىڭ گەۋدىلىنىشىگە نىسبەتەن زادى قانداق رولى ۋە ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلەلمەيدۇ ـ دە، بۇلارنى قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق ۋەقەلەرنىڭ دۆۋىسىدىنلا ئىبارەت ئىكەن، دەپ ھېس قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئېنگېلسنىڭ: «خاھىشچانلىق مەنزىرە ۋە ۋەقەلىكتىن تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىشى كېرەك» دېگىنىدەك بولماي، يازغۇچىنىڭ پېرسوناژغا بەرگەن باھاسىنى ۋېۋىسكا قىلىپ كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرۈشتەك ئەھۋالدۇر. شۇنداقلا يەنە ئۇقۇملاشتۇرۇش سادىر بولىدۇ.

### 3. ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، جانلىق بولۇش تەلىپى

ھېكايە ۋەقەلىكى روماننىڭكىگە قارىغاندا ئاددىيراق بولۇپ، ۋەقەلىك مول، چىگىش ھەم ئۇزۇن بولمايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ تېخىمۇ ساپلىقى، دولقۇنسىمان، ئەگرى ـ توقاي ۋە كۆپ كۆرۈنۈشلۈك بولۇشى، ۋەقەلىك تۈرمۈش مەنتىقىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر تۈز كېلىپ ـ تۈز كېتىش، مەلۇماتنىڭ ھېچقايسىسى قالماسلىقتەك ئەھۋاللار بولسا، كىتابخانلار بۇنىڭ تەمسىزلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلىشىدۇ.

ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەگرى ـ توقاي، جانلىق بولۇشى ئۈچۈن،

كۆپلىگەن يازغۇچىلار ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدە شەكىللىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، كۆپىنچە «ئاساس»نى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويۇشتىن پايدىلىنىپ، ئەسلىمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل ئارقىلىق كىتابخانلارنى جەلب قىلىدۇ.

دېمەك، «ئاساس» — ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ياكى مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسى. بىر پارچە ھېكايىدە بەكمۇ مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا «ئاساس»نى كىتابخانلارغا ئېيتىپ بەرسە، بۇ ئاشكارىلاپ قويۇش دېيىلىدۇ. يازغۇچىلار كۆپىنچە يوشۇرۇن، تەتۈر باياندىن ئىبارەت ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەشۋىش پەيدا قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا بولغان دىققىتىنى ۋە ۋەقەنىڭ نەتىجىسى بىلەن پېرسوناژنىڭ تەقدىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. مانا بۇ — «ئاساسنى يوشۇرۇش» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق ھېكايىسىدە، ۋەقە باشلىنىش بىلەنلا خۇا لاۋشۇەننىڭ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنلا ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋالغانلىقى يېزىلىدۇ. بىراق، ئاپتور سېتىۋالغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى قەستەن ئېنىق بىلدۈرمەيدۇ. قاتىلنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بولسا تېخىمۇ يوشۇرىدۇ. قانغا مىلەنگەن جىڭمومىنى ئوغلىغا يېگۈزۈش ۋاقتىدا ئەسلىدە ھېچقانداق ئادەمگە بىلدۈرۈپ قويماسلىقنى ئويلايدۇ. ئەمما، قېرىشقاندەك ۋۇ دۇمچەك ئۇچراپ قېلىپ «قانداق پېچىنە يەۋاتىسىلەر» دەپ سورايدۇ. بىراق يازغۇچى يەنىلا «تۇگۇن»نى ئاچماي، تەشۋىشنى داۋاملىق ساقلاپ قويىدۇ. جاللات كاڭ داشۇ چايخانىغا كەلگەندە، ۋەقەلىكنىڭ ھەممىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «تۇگۇن» ئېچىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىدۇ. باش تېما ئىدىيىسىمۇ قان تېمىپ تۇرغان ۋەقەنىڭ چىگىشلىكىدىن ئاستا ـ ئاستا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

بىراق، «ئاساسىي يوشۇرۇش» تەبىئىي بولۇشى، سۆلەتۋازلىق بىلەن رەڭۋازلىقتىن قاتتىق ساقلانغان بولۇشى كېرەك. بەزى كىشىلەر ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلغاندا، ئەھمىيەتسىز بولغان يەرلەردىمۇ «يوشۇرۇش» بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئادەتتىكى جايلاردىمۇ تەشۋىشنى پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن پەقەتلا ياقتۇرمايدۇ. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك.

## 4. قۇرۇلمىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى پۇختا ھەم ئىخچام قىلىش

ھېكايىنىڭ سەھىپىسى قىسقا ھەم چاققان بولۇپ، پېرسوناژلىرى بىلەن ۋەقەلىرى نىسبەتەن مەركەزلەشكەن بولىدۇ. شۇڭا، تۈزۈلۈشى ئومۇمەن پۇختا ھەم ئىخچام بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تۈزۈلۈشىنىڭ پۇختا ۋە ئىخچام بولۇشى ئۈچۈن كۆپىنچە تۆۋەندىكى بەزى يېزىش ئۇسۇللىرىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئەپلىك پەيتنى تۇتۇۋېلىپ باش قەھرىماننىڭ بالدۇرراق مەيدانغا چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش. ھېكايە باش قەھرىماننىڭ ئەسەردە ھەممىدىن بۇرۇن پەيدا بولۇشى خۇددى سەھنە ئەسەرلىرىدىكى باش قەھرىماننىڭ سەھنىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەپلىك پۇرسەتنى تاللىۋېلىپ باش قەھرىماننى بالدۇرراق مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن كىتابخانلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى باشتىن-ئاخىر مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى جەلب قىلغىلى بولىدۇ. باش قەھرىمان بالدۇرراق مەيدانغا چىققاندا، ۋەقەلىك پۈتۈنلەي ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا تېزدىن كېڭىيىدۇ، تۈزۈلۈشىمۇ ئىخچام كۆرۈنىدۇ. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىنىش بىلەنلا چوڭ ئابزاسلىق تېمىدىن چەتنىگەن سۆزلەر ياكى مۇناسىۋەتسىز ۋە مۇھىم بولمىغان مەنزىرە تەسۋىرلىرى يېزىلىپ، پېرسوناژنىڭ مەيدانغا چىقىشى خېلى ئۇزۇنغىچە كۆرۈنمەي، «پەقەت ئادەمنىڭ پەلەمپەيدىكى ساداسى ئاڭلىنىپ، ئۆزى كۆرۈنمەيدىغان» ئەھۋال بولسا، تۈزۈلۈشىمۇ قوپال بولۇپ قالىدۇ.

«بالدۇرراق مەيدانغا چىقىش» قا نىسبەتەن ئۆلۈك ھالدا چۈشەنچە بېرىلمەسلىكى، ئەسەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشاشمىغان ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان ھالدا بىر ياقىلىق قىلىنىشى كېرەك. بەزى ئەسەرلەر تىپىك مۇھىت تەسۋىرىنى ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرىغا سىڭدۈرۈۋېتىپ، باشتىلا ئومۇمىي تونۇشتۇرۇشنى بەرمەيدۇ. شۇڭا، باشلىنىش بىلەنلا پېرسوناژنى مەيدانغا چىقىرىپ، ھەر بىر قەدەمدە دېگۈدەك پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، «دورا» دا، باشتىلا خۇا لاۋشۇەننىڭ ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋالغانلىقىدىن باشلايدۇ. بەزى ئەسەرلەردە باش قەھرىماننىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى ئەپلىك پۇرسەتنى يارىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەنزىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرسىمۇ، ياكى ئالدى بىلەن ھېكايىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ يۈەنجيەننىڭ «پارتىيە بەدىلى» ناملىق ھېكايىسىدە يېزىلغىنى 1934 ـ يىلدىكى قىزىل ئارمىيە ئاساسىي كۈچىنىڭ قىلغان ئۇزۇن سەپىرى، چېگرا رايونىدىكى خەلق بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئەھۋالدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بىر تىپىك مۇھىت ئاستىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن، تىپىك مۇھىتنى ئېنىق چۈشەندۈرمەي تۇرۇپ، ۋەقەنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرگىلى، باش قەھرىماننىڭ ئېسىل ئىدىيىۋى پەزىلىتىنى كىشىلەرگە ئاسانلىقچە چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھېكايە باش

قەھرىمانى مەيدانغا چىقىشتىن ئىلگىرى، نىسبەتەن كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ تىپىك مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ ئەكس ئەتتۈرۈشلەر ئەمەلىيەتتە دەل باش قەھرىماننىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

2. پېرسوناژ ھەرىكىتىنى كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، پىسخىك تەسۋىرنى تولىمۇ ئۈزۈن قىلمۇەتمەسلىك. پېرسوناژلار ھەرىكىتى ۋەقەلىكنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەرىكەتلەرنىڭ ئارقىمۇ ئارقا ئۆلىنىپ كېلىشى، ۋەقەلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز سىلجىشى، ھادىسىلەرنىڭ توختىماي يۈز بېرىشى، پېرسوناژلار خاسلىقىنىڭ داۋاملىق روشەن ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت جەريانلار كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلب قىلالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرىكەت، ۋەقەلەر، تۈز سىزىق بويلاپ راۋاجلىنىپ ۋايىغا يەتكەن بولماستىن، بەلكى ئەگرى-توقاي بولىدۇ. ئەمما، ئومۇمىي يۈزلىنىش، يەنىلا ھەرىكەتلەر ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلگەن، ۋەقەلىكلەر دەۋرىيلىك ھالدا بىر - بىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ. پىسخىك تەسۋىرى گەرچە پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنيا تەسۋىرى بولمىسىمۇ، بىراق پىسخىك پائالىيىتى يەنىلا پېرسوناژنىڭ تاشقى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن پائالىيىتى بىلەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئالدىنقىسى كىشىگە جىمجىتلىق تەسىراتى بەرسە، كېيىنكىسى ھەقىقىي جانلىق بولغان تەسىراتنى بېرىدۇ. ئەگەر ھېكايىدىكى پىسخىك تەسۋىرى تولىمۇ ئۈزۈن بولۇپ كەتسە، ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئاسانلا توسالغۇ بولۇپ قېلىپ، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى چېچىلاڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ۋەقەلىك تەرەققىياتى ئىنتايىن جىددى ھالەتكە يەتكەن ۋاقىتتا، ئۇزۇن پىسخىك تەسۋىرنى بېرىپ قويماسلىق كېرەك. مەسىلەن، «پارتىيە بەدىلى» دە، ۋەقەلىك تەرەققىياتى كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا يەتكەندە، ئاق ئالۋاستىلار ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ

بالىخانىغا مۆكۈنىۋالغان رازۋېتچىك «مەن»نى تېپىۋېلىشقا ئاز قالغاندا، خۇاڭ شىن ئۆزىنىڭ قۇربان بولۇشىغا قارىماي، دۈشمەننى باشقا ياققا تارتىشنى ئويلايدۇ - دە، ئۆزى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا بالىخانىغا مۆكۈنىۋالغان «مەن»نىڭ ئىچكى تەسىراتى بىلەن ئۆچمەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. بىراق، يازغۇچى «مەن»نىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى پەقەت ئىككى - ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەنلا، تەسۋىرلەپ، يەنىلا خۇاڭ شىننىڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئېيتقان «بالام، ئاپاڭنىڭ گېپىگە ئوبدان قۇلاق سالغىن» دېگەن ئىككى بىسلىق سۆزىنى كۆچەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ، خۇاڭ شىننىڭ ئۆز بالىسىغا ئېيتقان ۋەسىيىتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ «مەن»گە نىسبەتەن ئالدىنئالا ئېيتقان «پارتىيە ئۈچۈن سەن ياشىشىڭ كېرەك» دېگەن تەنتەنىلىك تەلىپىنىڭ يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇن ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا، ئارقىدىنلا ئۇلاپ «بۇ سۆزلەر مېنى ھېلى بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ، ھاياجىنىمنى بارلىق كۈچۈم بىلەن بېسىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى» دېگەننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ يەردە، ئاپتور تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن پسىخىك تەسۋىرنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ۋەقەلىك يەنىلا دەبدەبىلىك، تېز تەرەققىي قىلىدۇ. جىددىي كەيپىيات ياكى كولمىناتسىيىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىدۇ، تۈزۈلۈشىنىڭ پۇختا، ئىخچام بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىمۇ پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ.

3. باش تېمىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسلىق پېرسوناژلار بىلەن مەركەزلىك ۋەقەلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش. ھېكايە تۈزۈلۈشىنىڭ پۇختا ۋە ئىخچام بولۇشى باش تېمىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پېرسوناژلار بىلەن ۋەقەلەرنىڭ مۇھىم ۋە مۇھىم بولمىغانلىرىنى ئېنىق ئايرىپ، قەلەم كۈچىنى

مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسلىق پېرسوناژلار بىلەن مەركىزىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، مۇھىم بولمىغان پېرسوناژ بىلەن ۋەقەلەرنى قىسقىچە تەسۋىرلىشى ياكى بىراقلا چىقىرىپ تاشلىشى كېرەك. ئەگەر مۇھىم ياكى مۇھىم بولمىغانلىرىنى ئايرىماي، ئوتتۇرا ھېسابتىكى كۈچ ئىشلىتىلگەن تەقدىردىمۇ، تۈزۈلۈشى چېچىلاڭغۇ ۋە تەرتىپسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باش تېمىسىمۇ مۇجمەل بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ھېكايىسىدىكى باش تېما ئىدىيىسى خۇالاۋشۇەندىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى دورا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەقە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، يازغۇچى مۇشۇ پېرسوناژ ۋە ۋەقەنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەردە شىيايۈينىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقىنىمۇ تەسۋىرلىگەن. بۇ تەرەپتىكى ماتېرىياللار گەرچە ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى مۇشۇلارنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق باش تېمىنى ئىپادىلەش ئەمەستۇر. شۇڭا، ھەممىسىنى توقۇلما ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپ قىلغان، ئويلاپ كۆرسەك، ئەگەر يازغۇچى بىر تەرەپتىن خۇا لاۋشۇەننىڭ ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن شىيايۈينىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ھەدەپ تەسۋىرلەپ تاكى تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر جەريانىغىچە يازسا، ئۇنداقتا ئەسەر مۇقەررەر ھالدا قوپال، مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم بولمىغانلىرى ئايرىلمىغان، مەركىزى ئىدىيە ئايدىڭ بولمىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

4. دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ ئۆز ئارا ماس كېلىشىگە مۇۋاپىق ھالدا دىققەت قىلىش. تەجرىبىلىك يازغۇچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرغان چاغدا، كۆپىنچە مەلۇم ھەل قىلغۇچ ۋەقەلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئەتەي پەيدا قىلىش بىلەن تۈزۈلۈشنىڭ پۇختا ھەم ئىخچام بولۇشىنى كۆچەيتىدۇ. چۈنكى، ئوخشاش بولغان بۇ ۋەقەلەر ئالدى - كەينىنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولسىمۇ، بىراق ماسلىشىش بىلەنلا باش-ئايىغى شۇئان تۇتىشىپ، كىتابخانلارنىڭ تەسىراتى مۇشۇنداق تەكرارلىنىشلارغا ئەگىشىپ كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈزۈلۈشىمۇ پۇختا ھەم ئىخچاملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. مەسىلەن، «پارتىيە بەدىلى» دە، چوڭ ۋەقەنىڭ ماسلىشىشى يەنە كىچىك ۋەقەنىڭمۇ ماسلىشىشى بولۇپ، ئالدى - كەينىدىكى مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ۋەقەلەرنى بىر - بىرىگە ئىنتايىن زىچ باغلىغان. رازۋېتچىك «مەن» خۇاڭ شىننى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدا، خۇاڭ شىن «مەن»گە ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن ئىككى تەڭگىنى پارتىيە بەدىلى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. خۇلاسە قىسمىدا «مەن» ئۇنىڭ پارتىيە كىنىشكىسى ۋە تۇز سېتىۋېلىپ ئېشىپ قالغان بىر تەڭگىسىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ پارتىيە بەدىلى ئۈچۈن تاپشۇرىدۇ. بۇ بىر چوڭ ۋەقە ئالدى - كەينىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىدۇر. بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقىتتا خۇاڭ شىن «ئىشلىتىدىغان نەرسىنى - ئوتياشنى تاپشۇرۇش» ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە بەدىلىنى تاپشۇرۇشنى ئويلايدۇ. يازغۇچى ئىلگىرى - كېيىنكى ۋەقەلىكلەردە «ئوتياش»نى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپلىگەن ئىنچىكە تەسۋىرلەرنى قوللىنىپ، ئاق ئالۋاستىلارنىڭ ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، «ئوتياش»نى تېپىپ ئالغانغا قەدەر ۋەقەلىكنى كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا كۆتىرىپ، تاكى خۇاڭ شىننىڭ قۇربان بولغانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا «مەن»نىڭ خۇاڭ شىننىڭ پارتىيە كىنىشكىسى، پۇلى، ئوتياش ۋە بالىسىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كەتكەنلىكىدەك خۇلاسە قىسمىنى يازىدۇ. «ئوتياش»تىن ئىبارەت مۇشۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان

«پارتىيە بەدىلى» نىڭ ئالدى - كەينىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئۈچۈن، ئەسەردە كۆپ قېتىم ماسلىشىپ تۈزۈلۈشىنىڭ پۇختا بولۇشى باش تېمىنىڭ گەۋدىلىنىشىدە چوڭ رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇاڭ شىنىنىڭ پورترېت ئالاھىدىلىكىنى — قۇلاق تۈۋىدىكى مېڭىنى تەسۋىرلەش — ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم كۆرۈنگەن. «مەن» نىڭ بىرىنچى قېتىم خۇاڭ شىنىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بالىخانا، قۇم كوزا، بۇزۇلغان سۇپىنى تىلغا ئالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ئاخىرىدىكى ۋەقەلىكتە بۇنى قەستەن قايتا تىلغا ئالىدۇ. بۇلار ئىلگىرى - كېيىنكى تەپسىلاتلارنىڭ ماسلىشىشىدۇر. بۇ ھېكايە دەل مۇشۇ بىر قاتار چوڭ - كىچىك ماسلىشىشلىرى ئارقىلىق، پۈتۈن تۈزۈلۈشى پۇختا بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تەشكىللەنگەن.

بۇ يەردە تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشنى يەنە تەكىتلەش لازىم، مۇپاسسان نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆپنى كۆرگەن، كۆپ ئاڭلىغان يازغۇچى. ئۇ فرانسىيىنىلا ئەمەس، يەنە ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى كۆپ ئەللەرنى كېزىپ چىققان. بىراق ئۇ ئانچە - مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ قالغان ياكى ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ قالغان ئىشلارنىلا ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈپ قويغان ئەمەس. ئۇ ئاساسەن ئۆزىگە ھەتتا توپا ھىدىنىمۇ پەرق قىلالىغۇدەك تونۇشلۇق جايلارنى، — ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن نورماندى ئۆلكىسى، جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت قىلغان پارىژنى، ئۆزىگە ھەتتا چىرايىدىن تارتىپ ئاۋازىغىچە تونۇشلۇق بولغان نورماندى دېھقانلىرىنى ۋە پارىژ پۇقرالىرىنى يازغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ۋە كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغان. ئەسەر پېرسوناژلىرى گۆش ۋە سۆڭىكى بار جانلىق ئوبرازلارغا ئايلىنالىغان. مۇپاساننىڭ تۇرمۇشقا سادىق بولۇشى ھەرگىزمۇ تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنى ئەسەرگە سىغداپ كىرگۈزگەنلىكى ئەمەس، ئۇ داۋاملىق تۇرمۇش

ماتېرىياللىرى ئىچىدىن «لازىملىق، ئالاھىدىلىكى بار دېتاللار» نى تاللاپ، تۇرمۇش رېئاللىقىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ تەسىرلىك، تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشلەر» نى سۈرەتلەپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە قارىغاندا كۈچلۈك تىپىكلىككە ئىگە ئۆزگىچە پېرسوناژلارنى ياكى تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللىۋېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تولىمۇ ماھىر يازغۇچى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى «دونداق»، «زىبو ـ زىننەتلەر»، «تاغام ژيول»، «ئارغامچا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ھېكايە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق بولىدۇ؟
2. رومان، پوۋېست دېگەن نېمە؟ خۇسۇسىيىتى قانداق بولىدۇ؟
3. رومان، پوۋېست، ھېكايىنىڭ ئۆزئارا پەرقى قانداق؟
4. ھېكايە قانداق يېزىلىدۇ؟

# XII باب تىياتىر ئەدەبىياتى

تىياتىر — سەھنىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل سەنئەت. ئوينىلىش تەلىپى بويىچە، ئۇ خىلمۇ خىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۆملۈشۈپ ھەمكارلاشقاندىلا، ئاندىن سەھنىدە تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ، مانا بۇلار تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىر قاتار خۇسۇسىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تىياتىرنىڭ ئوينىلىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پيېسە (سەھنە كىتابى) بولۇشى كېرەك. تىياتىرنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى ئۈچۈن، ئادەتتە يەنە دېكوراتسىيە بولۇشى لازىم. ۋاقىت، ئورۇنلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن چىنلىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا رەسساملىق ئامىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، دېكوراتسىيىلەر يەنە كۆپىنچە ھەر خىل شەكىلدىكى بىنالاردىن ئىبارەت بولىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭدا بىناكارلىق سەنئىتى ئامىلى بولىدۇ. تىياتىر مۇزىكا ئامىلىغىمۇ ئىگە بولىدۇ (ئوپېرادا مۇزىكا ئامىلى تېخىمۇ مۇھىم)، شۇنىڭدەك بەزى تىياتىرلار جۈملىدىن ئۇسسۇللۇق ئوپېرا، ئاساسەن ئۇسسۇل ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىياتىرلار يەنە ئۇسسۇل ئامىلىغا ئىگە بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات، رەسىم، نەققاشلىق، بىناكارلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل،

www.uyghurkitap.com

كىيىم-كېچەك، چىراق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان سەنئەتلەر ئارتىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئورۇنلاش سەنئىتى بىلەن ئەڭ ئوبدان بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن تىياتىرلار رېئال مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىپ، تاماشىبىنلارنى قىزىقتۇرالايدۇ.

## § 1. تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى

تىياتىرنىڭ باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، تۆۋەندە بۇ توغرىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. سەھنىلىك خۇسۇسىيىتى

تىياتىر ئەدەبىياتلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەم تاماشىدۇر، تاماشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان، يەنى سەھنىدە ئارتىسلار تەرىپىدىن ئوينالغاندا، تاماشىبىندا قىزىقىش ئويغىتالمايدىغان ئەسەر، دراماتىك تۈرنىڭ ھەقىقىي نەمۇنىسى بولالمايدۇ. ستانىسلاۋىسكى تىياتىردا ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنت تاماشىباپلىق ئىكەنلىكىنى بىكار ئېيتمىغانىدى.

«تاماشىباپلىق» نى ھەرگىز تاماشىبىننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش مەنىسىدە چۈشەنمەسلىك كېرەك. تاماشىباپلىق تاماشىبىندا چوڭقۇر قىزىقىش ئويغىتىشنى بىلىش، ئۇنى ھاياجانغا سېلىشنى بىلىش دېمەكتۇر.

دراماتۇرگ بايان قىلماقچى بولغان تېمىسى ۋە ئېيتماقچى بولغان پىكرىنىڭ، كەڭ تاماشىبىنلاردا قىزىقىش ئويغىتىش - ئويغىتالماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلماستىن ئەسەر يېزىشقا

كىرىشمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، تېخى سەھنە ئەسىرى تىياتىرغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، تاماشىبىن تىياتىرنىڭ ئىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، درامىنىڭ يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنىنى بېكىتىدۇ.

تىياتىرغا كەلگەن ھەر قانداق تاماشىبىن ئاددىي ھاياتتا ئۇچرىمايدىغان ياكى كەم ئۇچرايدىغان، ھاياتنىڭ ئۇنىڭدىن قانداقتۇر پىنھان قالغان بىر تەرىپىنىڭ نامايىش قىلىنىشىنى، نەزەردىن چەتتە قالغان بىرەر ھاياتىي مەسىلىگە دىققىتى جەلپ قىلىنىشىنى كۈتىدۇ. بۇ تەقەززالىق ھەتتا ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە كەيپىياتىدىمۇ كۆرۈنىدۇ. قىسقىسى، تاماشىبىن، ئاپتور ۋە تىياتىردىن سالماقلىق، تەسىرچان، مەزمۇنلۇق ئويۇننى كۈتىدۇ. بۇ مەزمۇن ئەلۋەتتە، پۈتۈن كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىي تەجرىبىسى، تەقدىرى ۋە ئارزۇلىرىغا بىۋاستە ئالاقىدار بولۇشى شەرت.

## 2. دراماتىك توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىكى

زىددىيەت - توقۇنۇش، تىياتىر سيۇژېت راۋاجىنىڭ ئاساسىدۇر. توقۇنۇش بولمىسا، تىياتىر بولمايدۇ. چۈنكى توقۇنۇش بولمىسا، سيۇژېتنى قانات يايدۇرۇش، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. تىياتىردىكى توقۇنۇش — تىياتىرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر.

تىياتىردىكى توقۇنۇش تۇرمۇشتىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئۆتكۈر زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە ئېچىپ بېرىش — تىياتىرلارنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى بولسىمۇ، لېكىن تىياتىردىكى توقۇنۇشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشىنىشكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بولمايدۇ، ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردە تۇرمۇشتىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلسىمۇ، توقۇنۇش بولمىسا شېئىر، نەسىر، رومانلار بولمايدۇ، دەپ ئالاھىدە تەكىتلەش مۇمكىن ئەمەس، ھالبۇكى توقۇنۇش بولمىسا، تىياتىر بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى تىياتىردىكى توقۇنۇشلار باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى زىددىيەت - توقۇنۇش تەسۋىرىدىن پەرق قىلىدۇ.

تىياتىر سەنئىتىدە سەھنە ئوبرازى يارىتىلىدۇ، تىياتىر ئويناش مۇقەررەر ھالدا سەھنە ئورۇن شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئوينىلىپ بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا ۋاقىت شارائىتىنىڭمۇ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، تىياتىر يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن سيۇژېت بولۇشى، ئارتىسلار تاماشىبىنلارغا مۇئەييەن تۇرمۇش ھادىسىسىنى بىۋاستە ئويناپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭ ئۇچۇن، سەھنە ئەسىرىدە ئويناپ چىقىش شارائىتىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئادەتتىكىچە بايان قىلىشقا ياكى ئاپتورنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرىشىگە بولمايدۇ، بەلكى، زىددىيەت - توقۇنۇشلار بىۋاستە ئوينىلىدۇ، شۇنىڭدەك، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تىياتىردا توقۇنۇشنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلىشىشى بىلەن ئۆتكۈرلىكى بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ سيۇژېتى ھەرقانداق كىشىلەرنى جەلب قىلىپ، تاماشىبىنلارنى كۆچلۈك بەنت قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى قىزىقتۇرۇشى، ئۇلارغا زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىشىنى قىياس قىلدۇرۇش — تىياتىرنىڭ خاراكتېرىدۇر. ئۇنىڭدا رومانلارغا ئوخشاش ئادەتتىكىچە يېيىپ بايان قىلىشقا، ئالدىرىماي، ئاستا، ئۇزۇن مەزگىللەر ئىچىدە زىددىيەتنى كولمىناتسىيىگە يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ، تىياتىردىكى

زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ ھەر قانداق بىر ھالقىسى بوشاشتۇرۇلىدىكەن، تىياتىر خاراكتېرىگە تەسىر يېتىدۇ، ئويناپ چىقىشنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

تىياتىردىكى توقۇنۇشلار، تۇرمۇشتىكى زور زىددىيەت — توقۇنۇشلارنى مەلۇم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەركەزلەشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىشى، پېرسوناژلارنى زىددىيەت — توقۇنۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشى، شۇ ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن ئەسەرنىڭ توپ ئىدىيىسىنى گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. كىتابخانلار ياكى تاماشىبىنلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كۆرۈۋېلىشى، مۇئەييەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى لازىم.

ئوستروۋىسكى «گۇلدۇرماما» درامىسىدا، دراما باش قەھرىمانى كاتېرىنانىڭ قېيىن ئانىسىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي ۋە ئېرىنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا نارازى بولۇپ، رەھىمسىز زالىم سودىگەر دىكوينىڭ جىيەنى بورىسنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكى، لېكىن بورىسنىڭمۇ فېئودال كۈچلەرگە تىز پۈكۈپ، كاتېرىنانى تاشلاپ كەتكەنلىكى، ئاخىرى كاتېرىنانىڭ زۇلمەتلىك رېئاللىق بېسىمىدىن قۇتۇلۇشقا چارىسىز قېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئاپتور درامىدا كاتېرىنا ئوبرازىنى يارىتىپ، فېئودال پاترىئارخاللىق جەمئىيەتنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدۇ ۋە قاتتىق سۆكىدۇ. ئوستروۋىسكى رۇس ھاياتىنى چوڭقۇر ۋە پىششىق چۈشەنگەچكە، ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋە مۇھىم تەرەپلىرىنى كەسكىن ھەم جانلىق ھالدا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن. بۇ ھال «گۇلدۇرماما» درامىسىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە دوبرولىيۇبوپ: «ئوستروۋىسكى رۇس ھاياتىنىڭ ناھايىتى كەڭ كۆلەمدىكى ھازىرقى ئىنتىلىشلىرىنى كومىك سۈپىتىدە سەلبىي تەرەپتىن ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ساختا

مۇناسىۋەتلەرنى ۋە شۇ مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەرنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن ئوستروۋسكى ھاياتىنىڭ ياخشى تۈزۈلۈشى ئۈچۈن بولغان ئىنتىلىشلەرنىڭ ئەكس ساداسى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا» دەيدۇ.

## 3. سەھنە تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقى

سەھنە ئەسەر ئىجادىيىتى ئارتىسلارنىڭ سەھنىدە ئوينىشى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن سەھنە ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، رومانلارغا ئوخشاش ئۇنداق يازغۇچىنىڭ خىلمۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشى بىلەن ياندىن تەسۋىرلەنمەيدۇ، بەلكى، پېرسوناژلارنىڭ تىل ۋە ھەرىكىتىگە تايىنىش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سەھنە ئەسىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا سەھنە ئەسەر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ شۇنىڭغا باغلىق. سەھنە ئەسەر تىلىدا، گەرچە بىر قىسىم دېكوراتسىيە، ۋاقىت ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى ھەققىدىكى ئىزاھاتلار بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ مۇھىمى يەنىلا پېرسوناژلار تىلىدۇر. پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىسى بولىدۇ، يەنى خاراكتېرنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، يەنە ۋەقەنىڭ راۋاجىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سەھنە ئەسىرىدە ئىنتايىن مۇھىم. گوركى مۇنداق دەيدۇ: «پيېسا ـ دراما، كومېدىيە — ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قىيىن شەكلى، شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنكى، پيېسا ئۇنىڭدا ھەرىكەت قىلىدىغان ھەر بىر شەخس ئاپتورنىڭ ئېيتىپ تۇرۇشىسىز ھەم سۆز، ھەم ئىش بىلەن ئۆزى خاراكتېرلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. روماندا، پوۋېستتا ئاپتور

تەرىپىدىن تەسۋىرلەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۇلار بىلەن بىللە، ئۇ كىتابخانلارغا ئۇلارنى قانداق چۈشىنىش زۆرۈرلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، تەسۋىرلىنىدىغان فىگورىلارنىڭ سىرلىق پىكىرلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋەجىلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدۇ، تەبىئەت، ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەش بىلەن ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. . . .

پيېسە ئاپتورىنىڭ ئەركىن ئارىلىشىشىغا يول قويمايدۇ، پيېسىدە تاماشىچىلارغا ئېيتىپ تۇرالمايدۇ. پيېسىدە قاتناشقۇچى شەخسلەرنىڭ نۇتۇقلىرى بىلەن، يەنى ساپ نۇتۇق تىلى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇنى چۈشىنىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى سەھنىدە پيېسە فىگورىلىرى ئارتىسلار سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشىدە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ھەر بىر فىگورىنىڭ نۇتقى قەتئىي ئۆزىگە خاس ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇشى زۆرۈر، پيېسىدىكى ھەرقايسى فىگورا (پېرسوناژ) ئاپتور تەرىپىدىن تەستىقلانغان ۋە سەھنە ئارتىسلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەندەك سۆزلىگەن ۋە ھەرىكەت قىلغان تەقدىردىلا تاماشىچى ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ. . . »①

بۇ شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، سەھنە ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئىندىۋىدۇئاللاشقان ھەم ھەرىكەتچان بولۇشى، شۇنىڭدەك ئىككىسى يەنە بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك.

سەھنە ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى سەھنە تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. سەھنە تىلى ئاساسەن دىئالوگدىن ئىبارەت، ئۇنىڭدا يەنە مونولوگ ۋە ياندىما گەپلەر (چۈشەندۈرۈش) مۇ بولىدۇ.

سەھنە تىلى ئىندىۋىدۇئاللاشقان بولۇشى، يەنى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق

---

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 306 ـ 307 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. گەرچە رومانلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلىمۇ ئىندىۋىدۇئاللىشىشى لازىم بولسىمۇ، ئەمما سەھنە تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىشىشى رومانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ تەلەپچان بولىدۇ. ياخشى سەھنە ئەسەرلىرىدە، باش قەھرىمانلارنىڭ سەھنە تىلى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە، پېرسوناژلارنىڭ تەركىبىي خاراكتېرىگە ماسلاشقان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن پۈتۈن روھىي قىياپىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ، شېكسپىر يازغان ھاملېت، ئوتېللو قاتارلىق پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك.

سەھنە تىلى يەنە باي ھەرىكەتچان بولىدۇ، يەنى دراماتۇرگنىڭ پېرسوناژلارغا بەرگەن تىلى، ئارتىسلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ قەھرىمانلارنىڭ ئىمىكىسى، ھەرىكىتى، ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئارتىسلار سەھنىدە ئەڭ ئوبدان ئوبرازلارنى يارىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەھنە تىلىنىڭ ھېسسىي رەڭدارلىقى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر سەھنە تىلىدا ھەرىكەتچانلىق كەم بولۇپ، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدا تىنچ سۆھبەتلا بولىدىغان بولسا، تۇرمۇش كەيپىياتىنى بېرىش تەس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشمۇ قىيىن بولىدۇ.

تىياتىر ئويۇنلىشىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كەڭ بولىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تىلى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تىلىغىمۇ دائىم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، درامىنىڭ تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشقىمۇ ئېتىبار بېرىپ، ساغلام بولمىغان بەزى ئاغزاكى تىل تەركىبلىرىنى ئىشلىتىشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىش كېرەك.

## § 2. تىياتىرنىڭ تۈرلىرى

جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا دراماتىك تۈرنىڭ ناھايىتى كۆپ ژانىرلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئۇلار شەرتلىك رەۋىشتە ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ ۋە بۇ خىللارنىڭ ھەر بىرى ژانىر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ژانىرلار تىراگېدىيە، دراما (تار مەنىدىكى دراما) ۋە كومېدىيىدۇر.

دراماتىك تۈرگە مەنسۇپ ئەسەرلەرنى ژانىرلارغا بۆلۈش ۋەزىپىسى ئېستېتىك كاتېگورىيىلەر ھەققىدىكى تەلىمات بىلەن باغلىق ھالدا ئورۇنلىنىدۇ.

ھاياتىي ھادىسىلەرنى كىشىلەر ئېستېتىك جەھەتتىن ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈپ باھالايدۇ. بىر خىل ھادىسىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىزدە ئۇلۇغۋار، ئالىجاناب ھېس تۇغدۇرىدۇ. ئۇلۇغۋار ھادىسىلەردە مەۋجۇت پاجىئە ۋە دراماتىزم بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدا چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە تەھسىن پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل گۈزەل ۋە مۇھەببەتلىك ھاياتىي ھادىسىلەر ۋە ئۇلارغا بولغان ئاپتور مۇناسىۋىتى تىياتىردا تىراگېدىيە دەپ ئاتىلىدىغان ژانىرغا ماتېرىيال بېرىدۇ.

ھاياتتا يەنە شۇنداق ھادىسىلەر باركى، ئۇلار ئۇلۇغۋارلىقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇلاردا خۇنۇكلۇك ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ مۇجەسسەمى ياكى ياراتقۇچىسى بولغان كىشىلەر بىزدە نەپرەت قوزغايدۇ، بۇ نەپرەت كۆپىنچە، كىشىلەر ئۈستىدىن كۈلۈشمىزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇلۇغۋارلىق تىراگېدىيىگە ماتېرىيال بەرسە، خۇنۇكلۇك — ئاساسىي قورالى كۈلكە بولغان كومېدىيىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.

ھاياتتا ئۇلۇغۋارلىق بىلەن خۇنۇكلۇك دائىم بىر - بىرىدىن يىراقلاپ كېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ھايات ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن پەسكەشلىكنىڭ، گۈزەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن خۇنۇكلۇكىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما بۇ «ھەمدەملىك» ھاياتنىڭ ئۆزىدە دائىم يارقىن نامايان بولىۋەرمەيدۇ؛ بەزىدە خۇپىيانە، بەزىدە يېرىم پىنھان ھالدا ياشايدۇ. بۇنداق ھاياتىي ھالەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي ئىنكاسى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر شەكىلنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇ تەرزدە دراماتىك تۈرنىڭ ئۈچىنچى ژانىرى — دراما مەيدانغا كېلىدۇ.

تىياتىر ئەدەبىياتىنى تۈرلەرگە بۆلۈشنىڭ ئۆلچەملىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا تۈرگە بۆلىنىدۇ. ھەجىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بويىچە بىر پەردىلىك تىياتىر ۋە كۆپ پەردىلىك تىياتىر دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بويىچە دراما ۋە ئوپېراغا بۆلۈشكە بولىدۇ، تىياتىر ئەدەبىياتى ئەكس ئەتتۈرگەن زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە قوللىنىلغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەمدە ئۇنىڭ كىتابخانلارغا بولغان تەسىرلەندۈرۈش رولى بويىچە تىراگېدىيە، كومېدىيە ۋە تراگېكومېدىيىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تراگېكومېدىيە ئادەتتە زور، جىددىي ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرمىسمۇ، ئەمما يەنە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كۈندىلىك تۇرمۇشنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىتابخان بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ ھەمدە شەكىل جەھەتتىنمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ بىردەم خۇشاللىق، بىردەم قايغۇ، بىردەم غەزەپلىنىش، بىردەم چوڭقۇر خىيالغا پېتىش بولۇپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئاساسلىق قىلىپ ئۈچ خىلنى يەنى تراگېدىيە، دراما، كومېدىيىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. تراگېدىيە

تراگېدىيە كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان ئەڭ ئېغىر

ھالەتلىرىنى گەۋدىلىك كۆرسىتىش يولى بىلەن ھايات دىئالېكتىكىسىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان دراماتىزم ۋە پاجىئەلەرنى يارقىن تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. تراگېدىيە ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قالتىس ۋە ئەڭ شىددەتلىك، ھالاكەتلىك ھالەتلەرگە ئېتىبار بېرىدۇ: «تراگېدىيىنىڭ ئاتىسى» (ك. ماركس) دەپ ئاتالغان ئېسخىلىنىڭ «پارىسلار» ناملىق تراگېدىيىسى يۇنانلىقلار ھاياتىدىكى ئەڭ پاجىئەلىك ھادىسىلەرگە (يۇنانلىقلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ۋە دەھشەتلىك دۈشمەن بىلەن بولغان ئېلىشىشىغا) بېغىشلانغان بولسا، ئا. س. پۇشكىننىڭ «بورىس گودۇنوۋ» ناملىق ئەسىرى روسىيە تارىخىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، قانلىق سەھىپىسىنى يارىتىپ بېرىدۇ. تراگېدىيىدە باش قەھرىمان تەقدىرى ھالاكەت (ئۆلۈم) بىلەن ئاياغلىشىش ھالەتلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ تراگېدىيىنىڭ باش ئالامىتى ئەمەس؛ بەزى تراگېدىيىلەر قەھرىمانلارنىڭ ھالاكىتى بىلەن تۈگىمەيدۇ. تراگېدىيىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى — قەھرىمانلارنىڭ ھالاكىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار تەقدىرىنىڭ ھاياتتا كەم ئۇچرايدىغان دەرىجىدە مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۈللىكى. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى، ئوبيېكتىپ دۇنيا ئارىسىدا مەۋجۇت زىددىيەتنىڭ ھالاكەتلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىدۇر. تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ «تەرجىمىھالى» جەمئىيەت ۋە ئىنسان، ئىنسانىيەت ۋە ئالەم، تارىخىي شارائىت ۋە بۇرچ ھەققىدىكى ئەڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئوي ۋە خۇلاسىلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ قالىدۇ. «رومېئو - ژۇلېتتا»دا، شېكسپىر بۇ ئىككى ساپ قەلب بىلەن ھايات ۋە جەمئىيەتتە ھۆكۈمران چۈشەنچىلەر ئارىسىدىكى ھالاكەتكە تولغان قارىمۇ قارشىلىقنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: بۇ ئاشىق - مەشۇقلار ئەسلىدە بۇنداق دۇنيادا ياشاشقا قادىر ئەمەس، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا شۇنداق ساپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەلبلەرنىڭ ياشىشىغا ئەرزىمەيدۇ. ئىككى مۇھەببەتداش شۇنىڭ ئۈچۈن ھالاك بولىدۇكى، «ھاياتتا ھەر بىر گۈزەل ھادىسە ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنىڭ قۇربانى بولۇشى كېرەك».[1]

تراگېدىيىدە ئىنسان ۋە جەمئىيەت ھاياتىغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ئاپتور ۋە پېرسوناژلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇشى سەۋەبىدىن تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ شەكلىمۇ ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ، تراگېدىيىنىڭ كۆپ پەردىلىك بولۇشىدا، پىكىر ۋە ھېسلارنى كۆتۈرەڭگۈ روھتا ئىپادىلەشكە ماس بولغان شېئىرى شەكىللەردە (قاپىيىلىك ياكى قاپىيىسىز شېئىر بىلەن) كۆپرەك يېزىلىشىدا، پېرسوناژلار تىلىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە كۆتۈرەڭگۈ «كىتابى» لىقىدا كۆرۈلىدۇ. مونولوگ — تراگېدىيە ئۈچۈن ئەڭ خاراكتېرلىك شەكىلدۇر. باشقا ژانىرلاردا يول قويغىلى بولمايدىغان بەزى ھادىسىلەر (مەسىلەن، تارىخىي شەخسلەرنى تەسۋىرلەشتە ئېنىقلىق پرىنسىپىدىن چېكىنىش) تراگېدىيىنىڭ زورۇر قورالى ۋە بېزىكىدۇر. ئاددىي تۇرمۇش ماتېرىيالى ۋە ئاددىي ئەدەبىي شەكىللەر تراگېدىيىگە مەزمۇن ھەم شەكىل بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئوستروۋسكىنىڭ «گۈلدۈرماما» سى قاتارلىقلار.

## 2. دراما

دراما ژانىرىنىڭ يەنى تار مەنىدىكى درامىنىڭ تەسۋىر ئوبيېكتى پۈتۈن ھايات ۋە ئۇنىڭ ھەممە چوڭ ـ كىچىك ھادىسىلىرى، ئىنسان بېشىدىن كەچۈرىدىغان پۈتۈن ھېس ۋە پىكىردۇر (ھاياتى ماتېرىياللاردا دراماتىك تۈر تەلەپ قىلغان «دراماتىزم ئېلېمېنتى» ئەلۋەتتە مەۋجۇت بولۇشى شەرت).

---

[1] ۋ. گ. بېلىنسكى: «تاللانغان ئەسەرلەر»، ئۆزبېكچە نەشرى، 198 ـ بەت.

دىرامىغا قەھرىمانلىق ئېلېمېنتلىرىمۇ خاس بولۇشى مۇمكىن. ئەمما دىرامىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى كونفلىكتىنىڭ پاجىئەلىك، ھالاكەتلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەسلىكى، پېرسوناژلار تەقدىرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن مۇرەككەپلىكنىڭ نىسبەتەن ئاسان، بەختىيارانە ھەل قىلىنىشىدۇر.

دىرامىدا باشتا تەسۋىرلەنگەن ھاياتىي ئەھۋال، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا تۈپلۈك رەۋىشتە ئۆزگەرىسمۇ، ئەمما ئاساس ئېتىبارى بىلەن ساقلىنىدۇ: پېرسوناژلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە باشقا تۈس ئالىدۇ، كۆپىنچە قارىمۇ-قارشى نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە، سۇلھ پەيدا بولىدۇ ياكى باش قەھرىمانلار ئاپتور (ۋە تاماشىبىنلار) ئويلىغان پىكىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

### 3. كومېدىيە

كومېدىيىنىڭ ئاساسىي قورالى كۈلكە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا دىراماتىك ئېلېمېنتنىڭ تراگېدىيىدىكىگە ئوخشاش راۋاجلىنىشى ۋە ھالاكەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرىكەت خاراكتېرىنىڭ ھەتتا دىرامىدىكىگە ئوخشاش «جىددىي بولۇشى» مۇ ياخشى ئەمەس. ئەكسىچە بولغاندا كۈلكە يوقىلىدۇ، نەتىجىدە جىددىي غايە بوشىشىدۇ، تەسىرسىز بولۇپ قالىدۇ ۋە كۈلكىدىن كۈتۈلگەن ئۈمىد يوققا چىقىدۇ.

كومېدىيە تۇرمۇشنى بىر تۈرلۈك خۇشخۇي مەزمۇن بىلەن ھەرجەھەتتىن كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك ھەۋىسىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى تونۇشىغىمۇ يان تەرەپتىن بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ.

كومېدىيىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ھەجۋى، مۇبالىغە

www.uyghurkitap.com

ۋە مەسخىرە قاتارلىق شەكىللەر بىلەن تۇرمۇشتىكى مەلۇم هادىسىلەر ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى مەلۇم كەمچىلىك، يارىماسلىقلارنى ھەجۋىلەشتۇرۇپ، كىشىلەرنى روشەن كۈلدۈرىدۇ، يەنە مۇبالىغە قىلىپ يېزىش ئۇسۇلى بىلەن مەلۇم ناسادىپىيلىق، ئۇقۇشماسلىقتىن پەيدا بولغان قىزىق ۋەقەنى ئىپادىلەپ، تۇرمۇشتىكى خۇشال - خۇراملىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يېشىمى ئادەتتە خۇشاللىق، نەتىجىلىك بولىدۇ.

## § 3. تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىشى

سەھنە ئەسەرلىرى ھېكايىغا ئوخشاش پېرسوناژ يارىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، پېرسوناژ يارىتىش سەھنە ئەسىرىنى تۈزۈش سەنئىتىدە ئەڭ ئاساسىي ھالقا بولىدۇ، سيۇژېت پېرسوناژ خاراكتېرى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدۇر، شۇنىڭدەك، پېرسوناژ ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنى يازغاندا، ئالدى بىلەن مەركىزىي پېرسوناژ ھەمدە مەركىزىي ۋەقە بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە مەركىزىي ئىدىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھېكايە سيۇژېتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلار ئارىسىدىكى دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىق، تىپىك ئوبراز يارىتىپ، دراماتىزمنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەش كېرەك، بىر ياخشى سەھنە ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى تەسىرلىك تۇرمۇش ئاساسى بولۇشى كېرەك. تەبىئىيكى، مۇئەييەن ھالدا سەھنە ئەسىرىنى تۈزۈش ماھارىتىمۇ بولۇشى لازىم. ماھارەت پەقەت ئۆزۈن مۇددەتلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بولغاندىلا ئاندىن مەيدانغا كېلىدۇ. نۆۋەندە، پەقەت دىرامىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە

ئاساسەن، درامىنىڭ يېزىلىش جەريانى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. مۇكەممەل دراماتىك قۇرۇلما بولۇش

ھەر قانداق سەھنە ئەسىرىدە مۇئەييەن قۇرۇلما بولىدۇ. بۇ، سەھنە ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال چوقۇم ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

قۇرۇلما خۇددى بىناكارلىقتىكى لايىھە نۇسخىسىغا ئوخشايدۇ. بىناكارنىڭ قولىدا لايىھە نۇسخىسى بولمىسا ئىمارەت سالالمىغىنىغا ئوخشاش، دراماتورگ ئالدى بىلەن ئۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئوبدان باش قاتۇرمىسا، قەلەم تەۋرىتىشمۇ قىيىن بولىدۇ. سەھنە ئەسىرى يېزىشتىن ئاۋۋال كۆڭۈلدە سان بولماي، دەسلەپكى ئاساس بولماي، بىر تەرەپتىن يېزىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىلىدىغان بولسا، روشەنكى، بۇ ئۇنۇمسىز ئەمگەك قىلغانلىق بولىدۇ. بىر ئەسەرنى ئىجاد قىلىشتا، ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىنى قانداق باشلاش، ۋەقەلىكنى قانداق قانات يايدۇرۇش، ئاساسىي مەزمۇننى قەيەرگە قويۇش ھەم ئۇنى قانداق ئاياغلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاپتورنىڭ كۆڭلىدە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشى لازىم. ئەگەر ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بولماي، بىر تەرەپتىن ئويلاپ، بىر تەرەپتىن يېزىلسا، ياكى ئالدى بىلەن ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتلىرى يېزىلسا، ئۇ خۇددى ئۆي سېلىشتا ئاۋۋال ئومۇمىي پىلان بولماي، لايىھە نۇسخىسى ئىشلەپچىقىلماي، ئالدى بىلەن ئۆي ئىچىگە تىزىدىغان نەرسىلەر، سەرەمجانلار ۋە بېزەك بۇيۇملىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغانغا ئوخشاشلا ئىش بولىدۇ.

ئۆي سېلىشنى مىسالغا ئالساق، ئالدى بىلەن بۇ ئۆينى سېلىشتىكى مەقسەت ئېنىق بولۇش كېرەك، يەنى بۇ ئۆينى سالغاندىن كېيىن نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟ گۈللۈك باغقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىڭدۈرۈلمىگەن زامانىۋى ئۈيمۇ، ياساقمۇ، زاۋۇتمۇ، ياكى چوڭ زالمۇ؟ مانا بۇنى ئالدى بىلەن ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر.

ئوخشاش بولمىغان مەقسەت ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلما ۋە ئوخشاش بولمىغان شەكىلنى بەلگىلەيدۇ.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تېمىسى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، بىر ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئويلاشقاندا، ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، قاتنىشىدىغان ئادەملىرى، ۋەقەلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن پۈتۈن ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە لايىھىسىنى ياخشى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ. بىر دراممىدىكى ۋەقەلىكتە زادى قانچە ئادەم سەھنىگە چىقىرىلىشى كېرەك، ئەسەردە بەلگىلەنگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ۋەقەلىكتىكى ئادەم قانچىلىق ۋاقىتتىكى سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدىغان بولۇش كېرەك، ۋەقەلىك قانچە جايغا ئالاقىدار؟ مانا بۇلار ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان ئالدىنقى شەرتلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دراماتۇرگلار قەلەم تەۋرىتىشكە ئالدىراپ كىرىشمەسلىكى كېرەك. ئالدىنقى تەييارلىق پۇختا بولسا، كېيىن ئەسەرنى يېزىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. يېزىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال، ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئويلاپ بېكىتىش كېرەك. پەردە بىلەن كۆرۈنۈش بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ماتېرىيال بىلەن تەپسىلاتلارنى ئويلاشقىلى بولىدۇ. خۇددى ئۆي سېلىش ۋاقتىدا «ئۆينىڭ نەگە سېلىنىدىغانلىقى، ئىشىكنىڭ قاياقتىن ئېچىلىدىغانلىقى» بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن قانداق ماتېرىيال ئىشلىتىشنى، قانداق بېزەپ، قانداق سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ئويلاشقىلى بولغىنىدەك.

## 2. پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى توقۇنۇش ئارقىلىق زىددىيەتنى يېزىش

تىياتىر — زىددىيەت ـ توقۇنۇش يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن سەنئەت، زىددىيەت ـ توقۇنۇش قانچە ئۆتكۈر، چوڭقۇر يېزىلسا، تىياتىرنىڭ ئۇنۇمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. قانداق قىلغاندا تىياتىردىكى توقۇنۇشنى ئۆتكۈر، چوڭقۇر يازغىلى بولىدۇ؟

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، رېئالىستىك ئىجادىيەت پرىنسىپى بويىچە، پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى توقۇنۇش ئارقىلىق زىددىيەتنى يېزىش كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، خاراكتېر تەسۋىرى ئارقىلىق توقۇنۇشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تېپىك خاراكتېرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ياخشى سەھنە ئەسىرىدە، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار تېپىك ئەھمىيەتكە باي بولىدۇ. ئۇنىڭدا شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتى تونۇشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى شەيئىلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئومۇمەن ماتېرىيال تەمىنلىگەن ۋاقىت، ئورۇن، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى ئارقىلىق درامىنىڭ توقۇنۇشىنى قۇراشتۇرىدۇ، تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئۇيغۇنلىقىنى لايىھىلەيدۇ، بولۇپمۇ پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئالاھىدە زىددىيەت-توقۇنۇشنى، كىشىلەرنى غەلىبىگە ئىنتىلدۈرىدىغان ھېكايە سيۇژىتىنى لايىھىلەيدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تەسىرلىك، ھەقىقىي ھالدا تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشنىڭ ئەگرىلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ، ئاپتوردىن تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئانالىز قىلىشنى، ھەر خىل پېرسوناژلارنى تولۇق ئۆگىنىشنى، ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ

ئىچكى روھى ھالىتىنى ۋە خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا، كىشىلەرنىڭ سىنىپىي تەركىبى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، شەخسى كەچۈرمىشى ئوخشاش بولىسغانلىقتىن، بۇ ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ھەم پىسخىك ئالاھىدىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا مەلۇم شەيئىگە نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ھەم پوزىتسىيە ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاشمىغان پېرسوناژلار ئارىسىدا ھەرخىل زىددىيەت ھەم توقۇنۇش ھاسىل بولىدۇ. تىياتىر رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، خاراكتېرلەردىكى پەرق زىددىيەت - توقۇنۇشنىڭ تۇغۇلىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل توقۇنۇش پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە دراما سيۇژېتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. درامىدا ئىجابىي كۈچلەر بىلەن سەلبىي كۈچلەر ئېلىشىدۇ. ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرەپتىكى بىر قىسىم پېرسوناژلار تەۋرەنگەندە، بەزىدە ئىجابىي تەرەپتە تۇرىدۇ، بەزىدە سەلبىي تەرەپتە تۇرىدۇ، بۇمۇ مۇشۇ پېرسوناژلار خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئاپتور دەۋر مۇھىتىغا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسلانماي، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تەسۋىرلىسە ۋە خاراكتېر توقۇنۇشىنى قانات يايدۇرسا، پېرسوناژلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ يېزىپ قويىدۇ.

### 3. مول ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەيدىغان سەھنە سۆزىنى قوللىنىش

دراماتۇرگلىرىمىز دىئالوگ يېزىشتا شەخسلەرنىڭ مىجەز خاراكتېرىنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ،

ئالاھىدە تەسۋىرلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ ئالاھىدە مۇھىتىنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. دىئالوگ ئۇزۇن بىر قېلىپتا بولۇپ قالسا بولمايدۇ. دراما دىئالوگىدا ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر مۇنچە نۇقسانلار بار، بۇلاردىن بىر نەچچىسىنى مۇنداقلا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ: بىرىنچىدىن، چىنلىقى يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئىخچام ئەمەس: ئۈچىنچىدىن، شەخسلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، رولدىكى شەخس سۆزلىگەندە سورۇنغا، ئوبيېكتقا قارىماي سۆزلەيدۇ؛ بەشىنچىدىن، دىئالوگ يېزىشتا ئارتىسلار نەزەردە تۇتۇلمايدۇ، تاماشىچىلار تېخىمۇ نەزەردە تۇتۇلمايدۇ. . . . ئالتىنچىدىن، كەڭ تاماشىچىلار چۈشەنمەيدىغان يەرلىك سۆزلەرمۇ قالايمىقان ئىشلىتىلىدۇ، ياكى قەدىمكى زامان ئەدەبىي تىلى، ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى بولمىغان تەسۋىرى سۆزلەر ياسىلىپ چىقىلىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇ، ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى مەسىلە.

بىرمۇنچە دىئالوگلارنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار كىشىگە چىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتىن يىراق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، رولدىكى شەخسنىڭ بۇ سۆزلىرى ئادەتتىكى قائىدىدە، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇنداق ئېيتىلمايدۇ ھەم كىشىلەرمۇ ئۇنداق سۆزلىمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سەھنىدىكى تۇرمۇش ھەرگىزمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، سەنئەتنىڭ چىنلىقى ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتىن تاللاپ ئېلىنىپ، پىششىقلاپ ئىشلىنىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغان دىئالوگ بولغانىكەن، ئۇ، تاماشىبىنلارغا بىرخىل ئىشەنچلىك بولغان چىنلىق تۇيغۇسىنى بېرىشى لازىم. بۇنداق «چىنلىق تۇيغۇسى» بولمىسا، بەربىر ساختا، جانسىز بولۇپ چىقىدۇ ـ دە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بىزدە، رولدىكى شەخسلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە سالاھىيىتىنى ھەم شەخسلەرنىڭ سۆزلەۋاتقان مۇھىتى ۋە ئوبيېكتىنى كۆزدە تۇتماي، ئۆز خاھىشى بويىچە يېزىلىپ كەتكەن دىئالوگلار ناھايىتى كۆپ. قەدىمكى زامان كىشىلىرىگە ھازىرقى زاماننىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىتىش، كىچىك بالىلارغا چولڭ ئادەمنىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىتىش، ئىشچى - دېھقانلارغا زىيالىلارنىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىتىشكە ئوخشاش مىساللار ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا تەلەپ قىلىنىدىغان «تەسۋىرنىڭ چىنلىقى ۋە تارىخنىڭ كونكرېتلىقى» مەسىلىسى، شەخسلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە مىجەز - خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ سىنىپى، كەسپى، مىجەز - خاراكتېرى، يېشى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

دىئالوگ رولدىكى شەخسنىڭ خاراكتېرىگىمۇ مۇخالىپ كەلمەسلىكى، شۇنىڭدەك، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئالاھىدە شەخس بىلەن باشقا شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ مۇخالىپ كەلمەسلىكى لازىم.

دىئالوگنى يېزىش ۋاقتىدا ئارتىسلارنىمۇ، تاماشىبىنلارنىمۇ كۆزدە تۇتۇش لازىم.

دىئالوگ، بىر تەرەپتىن ئارتىسلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق سۆزلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن تاماشىبىنلارنىڭ قۇلىقى ئارقىلىق ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا، دراماتۇرگ دىئالوگنى يېزىش ۋاقتىدا چوقۇم مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ئاۋۋال ئارتىسلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، مۇشۇ سۆز ئۇلارنىڭ «ئاغزىغا راۋان» چۈشەمدۇ - يوق دېگەننى ئويلىشى كېرەك، ئاندىن ئىپتىسمۇ مۇھىمى، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن تاماشىبىنلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، مۇشۇ سۆز ئۇلارنىڭ «قۇلىقىغا راۋان» ئاڭلىنامدۇ

- يوق دېگەننى ئويلىشى كېرەك. ئارتىسلارنىڭ «ئاغزىغا راۋان»ا چۈشمىسە، ئۇنى سۆزلەش ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. سۆزلەشكە بىئەپ بولسا، ئۇلارنىڭ ئويناش ماھارىتىدىكى ھەرىكەتلىرىگە، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ «قۇلىقىغا راۋان» ئاڭلانمىسا، ئۇ تاماشىبىنلارغا ئېنىق ئۇقۇلمايدۇ. نەتىجىدە، بۇ دىئالوگلارنى يېزىشتا كۆزلەنگەن مەقسەت ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. سەھنە ئەسەرلىرى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟
2. تىياتىر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
3. درامىنى قانداق يېزىش كېرەك؟
4. دراما دىئالوگىدا قانداق نۇقسانلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ؟
5. قانداق قىلغاندا درامىدىكى توقۇنۇشنى ئۆتكۈر، چوڭقۇر يازغىلى بولىدۇ؟

# ئۈچىنچى قىسىم

## بەدىئىي ماھارەت نەزەرىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

# XIII باب ھېسسىيات

## § 1. ھېسسىيات ئۇقۇمى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتىكى رولى

ھېسسىيات دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىككى خىل مەزمۇننى، يەنى كەڭ مەنىدىكى ھېسسىيات ۋە تار مەنىدىكى ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى ھېسسىيات — كەيپىياتقا ماس بولغان بىر خىل ئىچكى ئالامەت، كەڭ مەنىدىكى ھېسسىيات دېگىنىمىز، كەيپىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەزگۈنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى قايسى خىل مەنىدىكى ھېسسىيات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا تۇتقان بىر خىل ئىچكى سەزگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۇبيېكتىپ ئىنكاسنىڭ مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە.

ھېسسىيات بىلەن يېزىقچىلىق ناھايىتى زىچ ۋە ناھايىتى كەڭ مۇناسىۋەتكە ئىگە، ئۇ قانغا ئوخشاش «تۇرمۇش - يېزىقچىلىق-ماقالە - كىتابخان»غا سىڭىدۇ. بۇ يېزىقچىلىق سىستېمىسىنىڭ ھەر قايسى تەركىبى، پۈتۈن يېزىقچىلىق پائالىيىتىنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ ھەم جانلاندۇرىدۇ. ھېسسىيات بىر خىل ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى ئەھۋال بولۇپ، ئۇ ھەم ئورگانىك تەبىئەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، تۇرمۇش بولمىسا ھېسسىيات بولمايدۇ، ھېسسىيات بولمىسا تۇرمۇشمۇ ئەھمىيەتسىز بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

## 1. ھېسسىيات ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن بىرلىكتە پەيدا بولىدۇ

بىر ئادەم (روھىي كېسەل بولمىسىلا) تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ھەر بىر مۇساپىسىدە، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئۇنداق ياكى بۇنداق ھېسسىيات بىلدۈرىدۇ. ۋەزىپىنى ئورۇندىغاندا ئۆزىنى يېنىك ۋە خۇشال ھېس قىلىدۇ، تۇيۇقسىز يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلسا ئازابلىنىپ قايغۇرىدۇ، بەزىدە غەزەپلىنىدۇ، خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىغاندا چۆچۈپ كېتىدۇ ياكى قورقىدۇ، ياخشى ئىشلارنى كۆرگەندە خۇشال بولىدۇ، رەزىل ئىشلاردىن نەپرەتلىنىدۇ، شۇنداق ئىكەن، بارلىق ھېسسىيات پائالىيەتلىرى تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھېسسىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتچانلىقى ھېسسىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ چەمبەرچاس مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ.

## 2. ھېسسىيات پائالىيەتلىرى ئاساسىي كەۋدىگە ئەگىشىپ ئوبيېكتىپ تەجرىبىدىن ھاسىل بولىدۇ

. ئالدى بىلەن ھېسسىيات، تۇيغۇ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك. بىر تەرەپتىن تۇيغۇ بولمىسا ھېسسىيات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن بىر خىل تۇيغۇ كۆپ خىل ھېسسىياتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئوخشاش ھېسسىيات يەنە ئوخشاش بولمىغان تۇيغۇدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئەل - يۇرتنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىدىن ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ، بۇ ھېسسىيات ئوخشاشلا ئاڭلاش سېزىمى ۋە كۆرۈش سېزىمىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھېسسىيات بىلەن سەزگۈ مۇناسىۋەتلىك. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ماددىي تۇيغۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكىدىن پەيدا بولۇپلا قالماستىن بەلكى سەزگۈلەرنىڭ ماددىي پۈتۈنلىكى ھەم ئۇ ۋەكىللىك قىلغان مەنادىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا دۈشمەنگە زەربە بەرگەنلىكىنى، ساليوت ئېتىلغاندا، بايرامنى تەبرىكلىگەنلىكنى بىلگىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھېسسىياتمۇ ئۆزئارا ئوخشىمايدۇ.

## 3. ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇر مۇناسىۋەتلىك

تەپەككۇر پائالىيىتى قوشۇلغاندا، ھېسسىياتنىڭ ئىنكاسى ھەم مەزمۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. بىز بىر چاغلاردا بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن خۇشال ئىشلارنى ئويلىغىنىمىزدا، ئويلىغانسېرى خۇش بولىمىز، خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرنى ئويلىغاندا، ئويلىغانسېرى قورقۇنچ ھېس قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىيات پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى. يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئوخشاش بىر بوتۇلكا ھاراققا نىسبەتەن بەزىلەر «ھاراق قارنىغا كىرسە دەرت - ئەلەمگە ئايلىنىدۇ» دەپ كۆڭۈلسىز ھېسسىياتتا بولسا، بەزىلەر «ھاراق ئىچسە مۇرات ھاسىل بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش خۇشال ھېسسىياتتا بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بارلىق ھېسسىيات پائالىيەتلىرىگە سۇبيېكتىپ تۈس سىڭگەن بولىدۇ. بۇ، ھېسسىياتنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىدۇر. ھېسسىياتنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى ھېسسىياتنىڭ ئوخشاشمىغان پەرقلىرىنى ھەمدە تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقىنى، كۆپ خىللىقىنى بەلگىلەيدۇ.

## 4. ھېسسىيات ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپنىڭ ئۆزئارا رولى ۋە بىرلىكىدىن شەكىللىنىدۇ

ھېسسىيات ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ سەزگۈسى بولۇشى بىلەن، ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن كېلىپ چىققان بولىدۇ، لېكىن، ئۇ شەيئىنىڭ ئەسلىدىكى ئىنكاسى بولماستىن، بەلكى، ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ھەم شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن شەيئىنى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ھەر خىل ماددا دېيىشكە بولىدۇ، ھەم ئۆزى ئېلىپ بارغان خىزمەت ۋە پائالىيەت ياكى باشقىلارنىڭ خىزمىتى ۋە پائالىيىتى دېيىش مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئېھتىياجىغا قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان شەيئىگە نىسبەتەن قىلچىلىك ھېسسىيات پەيدا بولمايدۇ. ئادەم ئېھتىياجىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن، ئوخشاش بىر ئىش ئوخشاشمىغان ھېسسىياتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم تاماقنى كۆرسە ناھايىتى خۇشال بولىدۇ، ئەمما قارنى توق ئادەمدە بۇنداق ھېسسىيات بولمايدۇ، بىلىمگە تەشنا ئادەم نادىر ئەسەرلەرنى كۆرسە قالتىس شادلىنىپ كېتىدۇ، كىتاب بىلەن خوشى يوق ئادەملەر بولسا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ. بەزى ئادەملەر بەزى كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. لېكىن، بەزى كىتابلارنى كۆرسە زېرىكىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، «ئېھتىياج» ھېسسىياتقا نىسبەتەن ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. بۇ يەردە بىز كۆرسەتكەن ئېھتىياج ماددىي ۋە مەنىۋى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ماددىي ئېھتىياج — ھاياتنى قامدايدىغان ۋە داۋام قىلدۇرىدىغان نەرسىلەر، بۇ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرار جاي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنىۋى ئېھتىياج — ئىدىيە، زېھىن، ئەخلاق، نۇقتىئىنەزەر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېقىنلىق، ماختاش، مۇۋەپپەقىيەت، گۈزەللىكنى سۆيۈش قاتارلىق ئىچكى تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا يۇقىرىقى ھەرقايسى ئېھتىياجلارنىڭ ئۆزى كۆپ خىل

ئامىللارنىڭ بىرىكىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر خىل ئېھتىياجلارنىڭ دائىم ئۆزئارا ئالمىشىشىدىن، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن. مەسىلەن، تائام جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، ئادەملەر ئوزۇقلانسىلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئۇلار ئۇندىن تاماقلارنى ئېتىپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ياسايدۇ، ھەتتا رەڭ، تەم، زىننەت ئارقىلىق ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىدۇ. بۇ يەردە ماددىي ئېھتىياج بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ بىر گەۋدە بولغانلىقىنى كۆردۇق، پسىخىك ئېھتىياج بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجنىڭ بىر گەۋدە بولغانلىقىنىمۇ كۆردۇق، ھېسسىياتنىڭ بۇنداق كۆپ خىل خاراكتېرى ھېسسىياتنىڭ قاتلام ئارىلىقى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

ھېسسىياتنىڭ بۇنداق تەبىئىي باغلىنىشى، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى كەسكىن، سىرلىق ھەم تېز ئەكس ئەتتۈرۈش خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر تۇرمۇشنى بىر ئورگانىزم دېسەك، ھېسسىيات ئۇنىڭ نېرۋا مەنبەسى بولىدۇ، شۇڭا ھېسسىيات ئارقىلىق تۇرمۇشنى كۆزەتكەندە ئاندىن ھەقىقىي ئۇچۇرغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. يېزىقچىلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت تۇرمۇشقا چۆكۈش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ھېسسىياتقا چۆككەندە، تۇرمۇشنىڭ نېرۋا مەنبەسىنى تاپقاندا، ئاندىن ھەقىقىي تۇرمۇشتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

## § 2. ھېسسىيات — يېزىقچىلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

بىرىنچىدىن، يېزىقچىلىقنىڭ باش تېما مەنبەسى ھېسسىياتنىڭ پائالىيىتى بولىدۇ، ھېسسىيات بىلىش ئاساسىدا

ھاسىل بولىدۇ، لېكىن ئاددىي بىلىش پائالىيىتىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تاشقى ئالەم بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى نەتىجىسىدە كىشىدە مۇئەييەن سەزگۈ ئويغىنىدۇ، سەزگۈلەر پەقەت تاشقى ئالەمنىڭ ئوبرازى شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن، قولۇمدا بىر دانە ئالما تۇرۇپتۇ. مەن سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنىڭ شەكلى، رەڭگى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى، ھىدى، تەمى، ئېغىرلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ئالمىنىڭ مانا شۇ كونكرېت بەلگىلىرى جەملىنىپ، مېنىڭ ئېڭىمدا «ئالما» دېگەن چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ.

تاشقى دۇنيادىن ئېلىنغان سەزگۈلەر ئىنسان مېڭىسىدە توپلىنىپ، بارغانسېرى كىشى ئۇچۇن ئۇلاردىكى ئاساسىي ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەرەپلەر ئايان بولىدۇ. نەتىجىدە، ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدە ئىنساندا مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل بولۇشقا باشلايدۇ. بىراق، گاھىدا بۇنداق چۈشەنچىلەر ساختا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، چۈشەنچىلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم تەجرىبىدۇر. بىلىش مۇھىمكى، كىشىلەر مەلۇم ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، پەقەت ئۇ ئىشنى قانداق قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلەلىسىمۇ، ئەمما قىلالىشى ناتايىن، قىلالىغان ھالەتتىمۇ، نوقۇل ھالدا ۋەزىپە يۈزىسىدىن قىلىدۇ. مەسىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر يېزىقچىلىقنىڭ بىر خىل ئالاقە قورالى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، ئۇنى قانداق قىلىپ ئىگىلەشنى ئويلىشى ناتايىن. گەرچە ئۇلار مىڭ بىر جاپادا بىر پارچە ماقالە يازدى دېيىلى، بۇ پەقەت ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۇچۇن بولىدۇ. پەقەت ئادەمدە يېزىقچىلىققا نىسبەتەن ھېسسىيات پەيدا بولغاندا، ئۇ بىر ماگنىتتەك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا بىر نېمە يېزىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ھېسسىيات، قىزغىنلىق ئادەمنىڭ ئۆز ئوبيېكتىگە قىزغىن ئىنتىلىشىنىڭ تۈپ كۈچى. چۈنكى، ھېسسىيات كىشىنىڭ خىزمىتىگە قىزغىنلىق تولدۇرىدۇ، قىيىنچىلىقنى يەڭگىللىتىدۇ. مارك تىۋىن يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەن چېغىدا، كارۋىتىنىڭ ئاستىغا قايتۇرۇلغان ئەسەرلەر تولۇپ كەتكەن، ھەتتا، يازغان ئەسەرلىرىنى نەشرگە ئەۋەتىشكە ماركا ئالىدىغان پۇلىمۇ يوق چاغلار بولغانىدى. لېكىن، ئۇ يېزىقچىلىقنى توختىماي داۋام قىلدۇرۇپ، ئاخىرى دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بېلىنسكى: «ئەگەر بىر شائىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بۇ بىر خىل زور كۈچ، بىر خىل كونترول قىلغىلى بولمايدىغان ھېسسىياتنىڭ ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەنىدى. شېئىردىلا بۇنداق بولۇپ قالماي ھەر قانداق ماقالە - ئەسەر يېزىشتىمۇ شۇنداق. ئاپتور تۇرمۇشتا توپلىغان بۇ خىل چوڭقۇر ھېسسىيات ئادەتتە ئۇنىڭ كونتروللىقىدا بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھېسسىيات پائالىيىتى يېزىقچىلىق پائالىيىتى بىلەن دائىم بىرگە بولىدۇ. چۈنكى، ھېسسىيات كىشىنىڭ تونۇشى، تۇتۇۋېلىشى ھەتتا پسىخىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك جەريان تەسىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ يېزىقچىلىق پائالىيەتلىرىگە ھەر زامان سىڭىپ كىرىپ، ھەر خىل يېزىقچىلىق ئامىللىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم بۇ خىل ھېسسىيات ئاپتورنىڭ يۈرىكىدە بىر پارچە ئوتتەك كۆيۈپ تۇرىدۇ، ئاپتور بىلەن ئەسەردىكى پېرسوناژنى بىر قىلىۋېتىدۇ، گويا ئۇلار تەڭ ئۆلۈپ تەڭ تىرىلىدىغاندەك. تولستوي: «مەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، پېرسوناژلىرىم بىلەن بىرگە چوڭ بولىمەن، بىرگە جاپا تارتىمەن، ھەتتا بەزىدە ئۇلار بىلەن بىرگە دوزاق ئازابىنى تارتىمەن. . . .» دېگەنىدى. بالزاك «گورىيو بوۋاي»نى يازغاندا مۇشۇنداق ئىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بىر

قېتىم ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇنى يوقلاپ بارسا، ئۇ ئورۇندۇقتىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. چىرايى قانسىز، تومۇرى ناھايىتى بوش سوقۇۋاتقان، دوستى ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ ھەمدە ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ دوختۇر چاقىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، بالزاك ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، دوستىدىن ھەيران قالغان ھالدا نېمە بولغانلىقىنى سورايدۇ. دوستى بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بالزاك بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ: «نېمە كېمەل بولسۇن! باياتىن گورىيو بوۋاينىڭ ئۆلۈمىنى يېزىۋېتىپ، ناھايىتى ئازابلاندىم، شۇڭا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن» دەيدۇ. دوستى ئۇستەلگە يېرىپ ياش بىلەن نەملەنگەن قەغەزلەرنى كۆرىدۇ. بالزاك ئىنتايىن ھېسسىياتلىنىپ كېتىپ، ئەسەردىكى گورىيو بوۋاينىڭ ئۆلۈمىنى راست دەپ ھېس قىلىپ، ئازاپلانغاندىن كېيىن ھوشىدىن كەتكەن. يېزىقچىلىق مۇھەببەت ۋە نەپرەتتىن ھەم ھېسسىياتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

## § 3 . ھېسسىياتنىڭ جۇغلىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشى

### 1 . ھېسسىياتنىڭ جۇغلىنىشى

ئىنسانلار جەمئىيەتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھېسسىياتمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كونا ھېسسىيات كونا ئېھتىياج ئۈچۈن بولغانلىقتىن تەدرىجىي يوقۇلىدۇ، يېڭى ھېسسىيات يېڭى ئېھتىياجغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ھاسىل بولىدۇ. لېكىن، يېزىقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ھېسسىيات سەنئىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرگىز ھېسسىياتنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىتىشقا ھەم يوقىلىشىغا قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. چوقۇم ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ بۇنى قۇتقۇزۇش، تولدۇرۇش لازىم، بۇ تەدبىر جۇغلاش ۋە ساقلاشتىن ئىبارەتتۇر.

ھېسسىياتنى توپلاشنىڭ ناھايىتى كۆپ ئۇسۇللىرى بار، ئەمما، ئەڭ ئاساسلىقى ھېسسىياتنى تەربىيىلەش ۋە تەگشەشتىن ئىبارەت. تەربىيىلىگەندە ئۇنى موللاشتۇرغىلى بولىدۇ، تەگشىگەندە ئۇنى نورمال ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ھەر خىل ھېسسىياتنى ماس ھالدا راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئەڭ ئاساسىي مۇساپىسى ئەمەلىيەت ھەم كۆڭۈل قويۇپ تورمۇشنى يەكۈنلەشتۇر.

مەلۇم بىر نەسر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتنى قانداق پەرۋىش قىلىشى توغرىلىق ناھايىتى جانلىق بىر مىسال كەلتۈرگەن: بىر يىلى قىشتا ئاپتور تاسادىپىي ھالدا يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ چىلان دەرىخىگە دىققەت قىلىپ قالىدۇ، قارا ھەم قوپال يېرىلىپ كەتكەن پوستلىرى، شاخلىرىغا ياراشمىغان تىكەنلەرنىڭ ئۆسۈپ قېلىشلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمايدۇ. باھار كۈنلىرىگە كەلگەندە، بارچە گۈل - گىياھلار بولۇپمۇ مەجنۇن تاللار ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشۋاتقاندا، پەقەت چىلان دەرىخى يەنىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. كۈز كەلگەندە ئۇ يەنىلا چىلان دەرىخىنى كۆرىدۇ، بۇ چاغدا، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن چىلان دەرىخى كىشىنى ناھايىتى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاپتور شۇ ۋاقىتتىلا چىلان دەرىخىنىڭ يېقىملىقلىقىنى ئاندىن ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ چىلان دەرىخىنىڭ كۆرۈنۈشى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۆز مېۋىسىنى كىشىلەرگە ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى مەدھىيىلەش توغرىلىق بىر پارچە نەسرى ئەسەر يازماقچى بولىدۇ ھەم ئەسەرنى يېزىپ تاماملايدۇ، گەرچە ئۇ قايتا - قايتا تۈزىتىپ ئىشلىسىمۇ، قانداقتۇ كىشىنى جەلپ

قىلالمايدۇ، يېرىم ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە چىلان دەرىخىنى
كۆزەتكىلى باردۇ، لېكىن، بۇ چاغدا چىلان دەرىخى پۈتۈنلەي
ئۆزگىرىپ كەتكەن ھالەتتە ئىدى، قىزىق چىلانلار كىشىلەر
تەرىپىدىن بولۇپمۇ ئۇششاق بالىلار تەرىپىدىن قومۇچ بىلەن
ئۇرۇپ چۈشۈرۈلۈپ، ياپ - يالىڭاچ قىلىپ قويۇلغان. پەقەت
سۇنۇق شاخلار بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈلمىگەن نەچچە تال كىچىك
يوپۇرماق شالاڭ كۆرۈنۈپ تۇرغىدەك، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن
ئاپتورنىڭ ئىچىدىن بىر خىل ئېچىنىش ھېسسىياتى قايناپ
چىققان. ئەمما، ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە، ئاپتور يەنە چىلان
دەرىخىنى كۆزەتكىلى باردۇ. ئۇ يەنە بۇلتۇر كۆزدىكىدەك قەد
كۆتىرىپ، ئوخشاشلا مول مېۋە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ
يىغىۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھەرگىز كىشىلەرنىڭ
قىيىنىشىدىن مېۋىسى كەملەپ قالمايدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئاپتور
ئۇزۇن مۇددەت ئىنچىكە كۆزىتىشتىن چىلان دەرىخىنىڭ ئاددىي
- ساددا، زەربىدىن قورقمايدىغان، كىشىلەر ئۈچۈن بارلىقىنى
تەقدىم قىلىدىغان ئالىيجاناپ روھىنى كۆرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇنى
قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ ھەم ئاخىرى كىشىنى قاتتىق
تەسىرلەندۈرىدىغان بىر پارچە ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ
پۈتتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرمۇشنى
كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن، بۇ،
ھېسسىياتنى پەرۋىش قىلىدىغان، ھېسسىياتنى جۇغلايدىغان
ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. بارلىق ماقالە - ئەسەرنى پىشۇرۇش ۋە بايان
قىلىش جەريانىدا، ئاددىيلىقتىن - مۇرەككەپلىككە،
تېيىزلىقتىن - چوڭقۇرلۇققا، قوپاللىقتىن - ئىنچىكىلىككە
ئۆتۈشتىن ئىبارەت ھېسسىيات جەريانلىرى بىرگە ئېلىپ
بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە ھېسسىياتنى
يېتىشتۈرۈش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2. ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى

پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى بىلەن ئوبيېكتىپ سىرتقى شەيئىلەرنىڭ سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان گۈلخاندۇر، بۇ يەردە چوڭ مېڭە كونترول قىلىش ۋە تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئالدى بىلەن يەككىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆز ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى، بۇ چوڭ مېڭىنىڭ ئانالىز قىلىپ، يەكۈنلىشىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى. تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا، چوڭ مېڭە ئۆزىنىڭ تونۇش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي يەنە ئۆزى ساقلاپ كەلگەن بىلىش نەتىجىلىرىنى ئىشقا سالىدۇ، ئۇ چاغدا تەسىر قىلغۇچى شەيئىدە مەلۇم پوزىتسىيە شەكىللىنىدۇ.

يېزىقچىلىق جەريانىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى، مەلۇم دەرىجە ھېسسىياتنىڭ پىشۇرۇلىشى ياكى ھېسسىياتنىڭ جۇغلىنىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇ مۇقەررەرلىك ۋە نەزەرىيىلىككە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ئاپتورنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئالدىدا، ئۇزۇن مۇددەت تۇرمۇش، ئىدىيە، بىلىم توپلىغىنى سەۋەبلىك، ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيادىكى بارلىق جەمئىيەت ئەھۋاللىرى، ئادەم، نەرسە، ئىش، مەنزىرە قاتارلىقلارغا خاس باھا بېرىشتەك سۇبيېكتىپ تونۇشى شەكىللىنىدۇ. بۇلار بىر خىل زور خاراكتېرگە ئىگە ھېسسىيات ئېقىمى بولۇپ شەكىللىنىپ، مېڭىدە، كۆڭۈلدە ساقلىنىدۇ. ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئۆزئارا سوقۇلۇپلا قالسا، بۇ گۈلخاندەك تۇتۇشۇپ، ھېسسىيات ئېقىمى پارتلايدۇ ھەم ئاپتورنىڭ ئەسىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتور ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى يەنىلا ئاپتورنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى،

ئەخلاقى، بىلىم سەۋىيىسى، ھېسسىياتىنىڭ نازۇكلۇقى بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پسىخولوگلار ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى ئادەمنىڭ مۇھىتى، كەچۈرمىشى، فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋالى، خاراكتېرى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

### 3. ھېسسىياتنىڭ يەتكۈزۈلۈشى

رېئال تۇرمۇشتا دائىم مۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ: بىر ئادەم ئەگەر بىرەر خۇش بولغىدەك ئىشقا دۇچ كەلسە، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى، ئۇلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ، ئەگەر خاپىلىققا يولۇقسا باشقىلارغا دەرت ئېيتىشنى ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىكى بىر خىل ئىچكى لىرىكىلىق تەلەپنى كۆرۈش تەس ئەمەس. بۇ خىل ئىچكى لىرىكىلىق تەلەپنى بەلگىلىك شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ھېسسىياتنىڭ يەتكۈزۈلۈشى دېيىلىدۇ. بىر ئادەم قايغۇرغاندا يالغۇز ھەسرەت چېكىدۇ ياكى ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئازابنى ئازىراق يېنىكلەتكىلى بولىدۇ، لېكىن، تەسەللىي بېرىدىغان، چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ بولمىغانلىقىدىن قۇرۇق يىغىنىڭ پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇڭا، كۆز يېشىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يېزىقچىلىق ئىجادىيىتىدە ئەسەر يېزىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمۇ شۇنداق، بىر ئادەم ئۆز خۇشاللىقىنى، خاپىلىقىنى پەقەت ئۆزى كۆرىدىغان كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىشىمۇ مۇمكىن، تۇرمۇشنىڭ ھېسسىياتلىرىنى ئەسەر قىلىپ يېزىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما كۆپچىلىك كىشى ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ. باشقىلار بىلەن تەڭ ھوزۇرلىنىپ، بەھرىمەن بولۇش جەريانىدا، بۇ ھېسسىياتمۇ

www.uyghurkitap.com

شەكىلسىز كېڭىيىپ، ئۆزۈراپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، لىرىكا پەقەت قوبۇل قىلىنىش ياكى تەسىرگە ئۇچرىماسلىق سەۋەبىدىن كېيىن، ئاندىن تېخىمۇ مەنىلىك كۆرۈنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ھېسسىياتنى يەتكۈزۈشنىڭ مەنىسىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىر ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى بىلەن بەدىئىي ئۇنۇمىدىن قارىغاندا، مەزمۇنى مول بىر پارچە ئەسەر چوقۇم تونۇش رولىغا، تەربىيە رولىغا ھەم ئىستېتىك رولغا ئىگە بولۇشى لازىم. ئەمما يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە ئەسەرلەر دائىم كەيپىياتنى تاۋلاش ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يېتىدۇ. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھېسسىياتنىڭ ئارىلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتا، كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدە خۇشاللىق، رازىلىق ھەم ياخشى ھېسسىيات ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك.

ئەگەر يازغۇچى باش تېمىدا كىتابخانلارغا تەييار يەكۈن چىقىرىپ بەرسە، ئاددىي چۈشەندۈرۈپ بەرسە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش رولى يوقۇلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئەكسىچە نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئاقىل ئاپتورلار دائىم ئەسەرلىرىدە كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ھەم ئۇلارنى ئويلاندۇرىدىغان سەنئەت ئارقىلىق، ئۇلارغا ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىقىنى تېتىتىپ، كىتابخانلارنىڭ ھېسسىيات دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز تاۋلايدۇ ھەم يۇقىرى باسقۇچقا كۆتىرىدۇ. باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدە ئىچكى لىرىكا تەلپىي بولىدۇ، ھېسسىيات يىغىلىپ مەلۇم دەرىجىگە كەلگەندە ئۇ ھامان ئېتىلىپ چىقىدۇ.

رېئاللىقتا ياشاۋاتقان ئاپتور ھامان جەمئىيەتتىكى ئادەم، ئەگەر ئۇ ئىپادىلەۋاتقان ھېسسىيات سەممىي بولسا، جەمئىيەتنى كۆزىتىشى توغرا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەسىرىدە ئومۇملىق

بولۇپ، ھامان بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئاپتورنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى بىزنى كۆرسەتكەنلىكتۇر. ئەسەردە «ئۆزى» ھەم «كۆز يېشى» بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئاندىن بۇ ھېسسىياتنىڭ يەتكۈزۈلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىمىز ھەم شۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ پارلاق كىشىلىك غورۇرىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ يۈزەكى ھېسسىياتى بىلەن يېزىلغان بىر ئەسەر بولسا، ئۇ بەدىئىيلىكتە ھەم خاس قىممەتكە ئىگە بولۇشى ناھايىتى تەس.

كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن تولستوي مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى، ئاۋازى ئارقىلىق جانلىق، روھلۇق ۋە كەسكىن روھىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنداق كەيپىيات باشقىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. بىر ئادەم ئازابلانغاندا، ئىڭراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئازابلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنداق ئازابلىنىش باشقىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەزى شەيئىلەرگە، بەزى ئادەملەرگە ياكى بەزى ئەھۋاللارغا بولغان قىزىقىشى، ئىنتائەت قىلىشى، قورقۇشى ياكى ھۆرمىتىنى ئىپادىلىشى باشقىلارغا يۇقسا، ئوخشاش شەيئى ئوخشاش ئەھۋالغا ئوخشاش قىزىقىدۇ، ئىنتائەت قىلىدۇ، قورقىدۇ ياكى ھۆرمەت قىلىدۇ.» كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، دەل مۇشۇنداق ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشى لازىم. ئادەمدە كۆپ تەرەپلىمىلىك روھىي ئېھتىياج بولىدۇ. ئەمما، ئەڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ھەم ھېسسىيات دۇنياسىدا يۇرۇشتۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ھۆرمەت قىلىشىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھېس قىلىشنىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھېسسىيات ئەھۋاللىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تۇيغۇغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر كۈچكە ھەم گىرەلەشكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋاملاشقان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ، بۇ، كىشىلەرنىڭ شۇ خىل ئېھتىياجىغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا روھىي ئېھتىياجدىن قارىغاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھېسسىيات يەتكۈزۈشى تەلەپ قىلىنىپلا قالماي، بەلكى مول، مۇرەككەپ ھېسسىياتنى يەتكۈزۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## § 4 . ھېسسىيات يەتكۈزۈشنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپى

### 1 . ھېسسىياتنى يەتكۈزۈش ۋە خاس تەبىئىي خىسلەت

ھېسسىياتنى يەتكۈزۈشتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، قايسى خىل بەدىئىي ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەسىلىسى. بۇ يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان خاس تەبىئىي خىسلەت بىلەن ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىكتۇر.

خاس تەبىئىي خىسلەت ناھايىتى كەڭ مەنىلىك بىر ئۇقۇمدۇر. يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پىسخىك مىجەز، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش - تەجرىبە، قىزىقىش، سەنئەت تەربىيىسى ھەتتا ياش، ئورۇن قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى يېزىقچىلىق گەۋدىسىنى، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ھېسسىيات ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا تۈرتكىلىك قىلىپ، ئەسەردە باشقىلارنى ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە ئىگە قىلىدۇ. بەزىلەر ھېسسىياتنى مەنزىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىلەر ۋەقەلىككە سىڭدۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ،

بەزىلەر ئۇنداق بايان قىلسا، بەزىلەر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. گەرچە بىر ئادەم مۇھىت كۆزىتىش ۋە ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەسەردە ئوخشاش ئۇسلۇب قوللانسىمۇ، نەتىجىدە ئوخشاشمىغان ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. يېزىقچىلىق گەۋدىسىدە قانداق ئۇسۇل قوللىنىپ ھېسسىياتنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، ئەسەردە شۇنداق تۈس پەيدا بولىدۇ. بۇ يېزىقچىلىقنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 2. ھېسسىيات يەتكۈزۈشنىڭ تەلىپى

### 1. ئەينەن يەتكۈزۈش

ئەينەن يەتكۈزۈش ـ ئاپتورنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئەينەن يەتكۈزۈشى دېگەنلىكتۇر.

ھېسسىياتنى يەتكۈزىمەن دەپ يالغان نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىش بىلەن ھەرگىز كىتابخانلارنى رازى قىلغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھېسسىياتنى ئەينەن يەتكۈزۈشتە كۆپ گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىنسانغا ھېسسىياتنى كۆپ ھاللاردا بىر قېتىمدىلا ئەينەن يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. چۈنكى تۇيغۇ دائىم ئادەمنى ئازدۇرىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بىرلا كۆرۈپ، قارشى تەرەپنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بەختلىك كىشىلەر ئاز بولىدۇ، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا، بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالسىمۇ، ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مىجەز ـ خۇلقىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك چىقمىغانلىقىنى كۆرگەندە قول ئۈزىدۇ، بۇ ئەھۋاللاردىن يېزىقچىلىقتا پايدىلىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يازغۇچى بىر نەرسە يازماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىشى ھەم دەسلەپكى ھېسسىياتىغا ئەھمىيەت

بېرىشى كېرەك. ئاندىن كېيىنكى تونۇشىدا، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ھېسسىياتىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇنى تۈزىتىشكە ھەم ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى لازىم. چوڭقۇر ھېسسىياتقا چوقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى قايتا تونۇش، قايتا كۆزىتىش ئاساسىدا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ، ئەسەرنى ئۆز تۇيغۇسى، ئۆز ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە تەپەككۇر ئارقىلىق تەھلىل قىلىش، سىلىشتۇرۇش، پەرقلەندۈرۈش كېرەك دېگەنلىك. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ: «بىر نەرسىنى كۆرۈپلا يېزىشقا ئالدىرىماڭلار، ئۇنى كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئويلاش كېرەك» دېگەن سۆزى، كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئويلاشمۇ ھېسسىياتنى جۇغلاش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 2. يېڭىلىق تەلەپ قىلىش

يېزىقچىلىقتا ئۆزىگە خاس ھېس - تۇيغۇ بىلەن يېڭى ھېسسىيات خاھىشىنى سىڭدۈرۈش ھېسسىيات يەتكۈزۈشنىڭ يەنە بىر ئاساسىي تەلىپىدۇر ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىيەتنىڭ «سىرى» دۇر. بۇنى ئىككى تەرەپتىن كۆزىتىش مۇمكىن: بىرى، ئەسەردە كىتابخانلارغا يېڭى تونۇش ۋە مەزمۇن يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر باشقىلار دائىم تەسۋىرلەيدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە توختىلىۋەرسە، ئۇنداقتا، يېڭى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ بېرىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت يېزىقچىلىق ئاساسىنى كۆزدە تۇتقاندىلا، ئاندىن دائىم ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ ھەم ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان جاي تاپالايدۇ. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يەنە بىر يولى — كونا مەنزىرىلەرگە ئۆزىنىڭ يېڭى ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈشتۇر. ئادەتتە، ئوخشاش بىر مەنزىرىنى كۆرگەندە، يېزىقچىلىق ئاساسىنىڭ تەبىئىي خاسلىقى ۋە ھېسسىياتى ئوخشىمىغاچقا، تۇيغۇمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا گەرچە

ياشقىلار يېزىپ بولغان نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى ئوخشاشمىغان تۈردە تەسۋىرلەش مۇمكىن، بۇ يەردە ئادەمنىڭ مەنزىرىلەرگە بولغان خاس تۇيغۇسى ۋە خاس چۈشەنچىسى ئاساسلىقتۇر. ئۇ پەقەت يېزىقچىلىق ئاساسىدا، تۇيغۇ ئاساسى بولغاندىلا، ئاندىن كىتابخانلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ.

3. مىقدارى مۇۋاپىق بولۇش

مىقدارى مۇۋاپىق بولۇش، ئالدى بىلەن، يېزىقچىلىقتا ئاساسلىق يەتكۈزىدىغان تۇيغۇنىڭ چوقۇم مۇۋاپىق، سالماق بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. تۇيغۇ ھەرگىز ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ قالغان بىر قەۋەت ماي بولماسلىقى كېرەك. ئۇ، ھەر قايسى تۇرمۇش سۈرەتلىرىگە سىڭىش، ئىچكى ھېسسىيات ئېقىمى بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم مەلۇم سالماقتا ئىگە بولۇشى لازىم. كەم - كۈتە تۇيغۇ ھەرگىز تۇرمۇش سۈرئىتىنى تولدۇرالمايدۇ، يېنىك نەرسىلەر ھەرگىز تۆۋەنگە چۆكمىگەندەك، ئۇمۇ سىڭمەيدۇ. شۇڭا، ئەسەرنىڭ ھېسسىياتى، مەزمۇنىدا چوقۇم تۇرمۇشنىڭ مۇھىم جەريانلىرى ۋە خاسلىقى بولۇشى لازىم، ھەرگىز تېيىز، بىمەنە ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. يېزىقچىلىق ئاساسىدا، ئىنسانلارنىڭ چوڭقۇر تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزۈش، ھەرگىز قالايمىقان يازماسلىق، مۇرەككەپ، مول ھېسسىياتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرگىز ئاسانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

مىقدارى مۇۋاپىق بولۇشتا، يەنە ئاپتورنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى توغرىدىن - توغرا ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. مۇۋاپىق بولۇش — يېزىقچىلىق ئاساسىدا، ناھايىتى ئىنچىكە ھېسسىياتلارنى بىلىنەر - بىلىنمەس قىلىپ، يازغان بىلەن يازمىغاننىڭ ئارىلىقىدا ئىپادىلەش، بەزى نەرسىلەرنى كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك

دېگەنلىكتۇر.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ھېسسىيات دېگەن نېمە؟ ئۇ تۇرمۇش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؟
2. ھېسسىياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە؟
3. نېمە ئۈچۈن ھېسسىياتنى يېزىقچىلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەيمىز؟
4. ھېسسىيات توپلاشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى قايسى؟
5. ھېسسىياتنىڭ يەتكۈزۈلۈشى دېگەن نېمە؟
6. ھېسسىيات يەتكۈزۈشنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپلىرى قايسىلار؟

# XIV باب ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئىلهام

## § 1 . ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەركىبلىرى

ئىجادىيەت — ئىنساننىڭ پۈتۈن جىسمانىي قابىلىيىتى بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى جىددىي ھالەتتە تۈرغان پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئىجادىيەت ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى بولۇپ، ئىجادىيەت جەريانىدا، ئىنساننىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىدۇ. ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەتتا ھەر قانداق «تالانت ئىگىسى» نىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتىدىكى قانۇنىيەتلەر ئوخشاش بولىدۇ. ئىجادىيەت ئۈستىدىكى پسىخىكىلىق پائالىيەتلەر — قابىلىيەت، ئەقىل - پاراسەت، ئىرادە، ھېسسىيات، ئەخلاق قاتارلىقلار ھەر خىل پەزىلەت ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەت يەنە كېلىپ ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى تەرەپلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ھەر قانداق ئادەم ئىجادىي زېھنىگە ئىگە، بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە ئۇنى سېزىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردىكى ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى ۋە بۇنداق ئىجادىي قابىلىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتبىق قىلىش سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئومۇملاشقان ئىجادىي قابىلىيەتمۇ ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ.

ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە تەركىب مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 1. ئوبرازلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى

ئىنساننىڭ تۇيغۇ ئەزالىرى تاشقى مۇھىتتىكى مەلۇم شەيئى بىلەن ئۇچراشقاندا، تۇيغۇ ئەزالىرىنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ قوزغىلىشىدىن يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىمپۇلسى ئارقىلىق مېڭىدە تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تۇيغۇلار (كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش تۇيغۇسى) ئۆزئارا باغلىنىپ ئومۇملاشقاندىن كېيىن، سەزگۈ پەيدا بولىدۇ. سەزگۈ — ئوبيېكتىپ شەيئى پۈتۈنلۈكىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنىڭلا ئىنكاسى بولماستىن، بەلكى شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا ئۇ تۇيغۇدىن ئايرىلمايدۇ ۋە تۇيغۇغا قارىغاندا ئەتراپلىق ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەمەلىيەت سەزگۈ توغرىلىقىنىڭ سىناش ئۆلچىمى. سەزگۈ ئارقىلىق مېڭىدە تاشقى مۇھىتنىڭ ھېسسىي ئوبرازى، يەنى تەسۋىرى شەكىللىنىدۇ. پەلسەپە ئىبارىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھېسسىي بىلىش ئارقىلىق، يەنە چوڭ مېڭە پوستىلىقىدا قالغان تاشقى مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر پەيدا بولىدۇ. تەسەۋۋۇر سېزىلگەن ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئادەم مېڭىسىدە قايتا نامايان بولغان ئوبرازى. تەسەۋۋۇر پۈتۈن ھەرىكەتنى ئىگىلىمەيدۇ، پەقەت تەپەككۇر ئىگىلىشى كېرەك. تەسەۋۋۇر بىلەن يۇرگۈزۈلگەن تەپەككۇر پائالىيىتى ئوبرازلىق تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئىجادىي خاراكتېردىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر - تەسەۋۋۇرنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە پىششىقلاش

ئارقىلىق يېڭى تەسەۋۋۇرنى بەرپا قىلىدۇ.

## 2. ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى

ئۇقۇملارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش قابىلىيىتى ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى» دەپ نام ئالغان XIX ئەسىردىكى بۈيۈك شائىر پۇشكىن مۇنداق دېگەن: «بىز ئېيتقان زېرەكلىك، ئوبزورچىلار ياقتۇرىدىغان بىلەرمەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇقۇملارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرالايدىغان ھەم ئۇنىڭدىن توغرا، ھەم يېڭى يەكۈن چىقىرالايدىغان قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ.» ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقىنى تۇگىتىپ، ئۇلارنى باغلاش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنساننىڭ تەبىئىي قابىلىيىتىدۇر، ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىشى كېيىنكى راۋاجلاندۇرۇلۇشىغا باغلىق. بۇ خىل قابىلىيەت قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇلانما تەسەۋۋۇرىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ، مەنىسى جەھەتتە پەرقى ناھايىتى زور بولغان ئىككى ئۇقۇمنى باغلاشمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

XIX ئەسىردىكى مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى چېخوۋ «باغلىنىش» ناملىق ھېكايىسىدە، ۋەقەلىكتىن ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى بويىچە قىزىقارلىق خۇلاسە چىقىرىدۇ. ھېكايىدە سۆزلىنىشىچە: بانكا خوجايىنى مەلۇم بىر ئەدىب بىلەن باغلىشىپ، ئەگەر ئەدىب 15 يىلغىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي كىتاب ئوقۇسا، مېھمان كۈتمىسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئۇتتۇرغان ھېسابتا نۇرغۇن پۇل بېرىدىغان بولغان. ئەدىب بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، كۈننى كۈنگە ئۇلاپ، يازنى قىشقا ئۇلاپ، ھەر كۈنى ئۆيدە كىتاب ئوقۇغان. بۇ جەرياندا، ئۇ پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ، تەبىئىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەن، تەرجىمىھال، لوگىكا... كىتابلىرىنى ئوقۇغان. نەتىجىدە 15 يىلنىڭ توشۇشىغا ئازغىنىلا ۋاقىت قالغان. بۇ چاغدا ۋەيران بولۇش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن بانكا خوجايىنى بۇنداق ۋەيرانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرھال ئەدىبنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن. شۇ مەقسەت بىلەن بىر كېچىسى ئەدىبنىڭ ھۇجرىسىغا كىرسە، ھۇجرىدا ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر ۋاراق خەتتىن باشقا ھېچنىمە يوق، بىراق، بۇ خەتتە ئەدىب ئۆزىنىڭ 15 يىل جەريانىدا نۇرغۇن كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، كىشىلىك تۇرمۇشتا مال - دۇنيانىڭ توپىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قائىدىنى بىلىپ يەتكەنلىكىنى، شۇڭا، ئەسلىدىكى ئەھدىنامىدىن ۋاز كېچىپ، ھۇجرىسىدىن ئىختىيارەن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىپتۇ.

دېمەك، بۇ ئەدىب ئۆز مېڭىسىدىكى شۇنچە كۆپ ۋە خىلمۇخىل بىلىملەرنى ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش تورى قىلىپ توقۇپ، بۇنىڭدىن توغرا يەكۈن چىقارغان.

ھازىرقى زامان رۇس پسىخولوگلىرىدىن گارۋۋان بىلەن ستالىنىسكى: تەجرىبىلەر كۆرسىتىدۇكى، ھەر قانداق ئىككى ئۇقۇم (ئىبارە) نى تۆت - بەش باسقۇچتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقىلى بولىدۇ، دېگەن.

بۇ ھەقتە مىسال كۆرسىتىمىز: ئالايلۇق، «ياغاچ» بىلەن «يەل توپ» بىر - بىرىدىن ناھايىتى يىراق بولغان ئىككى ئۇقۇم. لېكىن تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچ ئارقىلىق «ياغاچ» بىلەن «يەل توپ»تا ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقىلى بولىدۇ:

ياغاچ — ئورمان، ئورمان — دالا، دالا — توپ مەيدانى، توپ مەيدانى — يەل توپ.

يەنە ئالايلۇق، «ئاسمان» بىلەن «چاي» نىڭ ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ:

ئاسمان — زېمىن، زېمىن — سۇ، —سۇ ئىچىملىك، ئىچىملىك — چاي.

## 3. ئوي - پىكىر پەيدا بولۇش قابىلىيىتى

ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلى ئوي - پىكىر پەيدا بولۇش قابىلىيىتىدۇر. ئىجادىي نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەنمىز، جەزمەن ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىز، يېڭى ئوي - پىكىر پەيدا بولۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. قەدىمكىلەر: «ئۆگىنىشنىلا بىلىپ، مۇھاكىمە قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ»، «ئىخلاسمەن كىشى پىكىر يۈرگۈزىدۇ، پىكىر يۈرگۈزگەندە نەتىجىسى بولىدۇ، بولمىسا ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ سۆزلەردە ئوي - پىكىر پەيدا بولۇشنىڭ مۇھىملىقى ناھايىتى ئېنىق شەرھلەنگەن.

مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئوي- پىكىرنىڭ ھەممىسىنىڭلا توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىپمۇ تورۇۋالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ياخشى ئوي - پىكىر مېڭىمىزدە بىردىنلا شەكىللەنمەيدۇ. بىراق، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوي - پىكىرلەر قانچە كۆپ بولسا، ياخشى ئوي - پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. نيۇتون ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ سىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن ئەزەلدىن ئويلىنىش، ئويلىنىش، ئويلىنىش. . . بىلەنلا بولۇپ كەلگەن» دېگەن. نيۇتون كۆپ «مەسىلە» ئوتتۇرىغا قويغاچقىلا، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ پارلاق ئوي - پىكىرىنىڭ نۇرى چاقنىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوي - پىكىر ئىككىسى ياكى بىر نەچچە ئۇقۇم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ نوقۇل بىرىكىشى ئەمەس. شۇڭا، ئۇقۇملارنىڭ بىرىكىشى مەزمۇنى جەھەتتە توغرا بولۇشى، ئۇقۇملار ۋەكىللىك قىلغان ھادىسىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوبيېكتىپ مۇناسىۋەتلەرنى ئىنكاس قىلىشى كېرەك. ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىكى بۇنداق ماسلىق بىلەن بىردەكلىك، ئوي - پىكىر چىنلىقىنىڭ نېگىزى ۋە ئوي - پىكىرنى باھالاشنىڭ مىزانىدۇر.

يەنە بىر مىزان، ئوي - پىكىرنىڭ كەڭرىلىك دەرىجىسى، يەنى ئوي - پىكىر ئارقىلىق كۆپلىگەن پاكىتلارنى يىغىنچاقلىيالايدىغان ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوي - پىكىر يېڭى، تېخى كەشىپ قىلىنمىغان ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى ئالدىن قىياس قىلغان بولىدۇ. پسىخولوگلار كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكىر قابىلىيىتى ئۈستىدىمۇ مۇنداق تەجرىبە ئىشلەپ بارغان: بۇ تەجرىبىدە مەلۇم ئۈچ ئىبارە ئارقىلىق، مەسىلەن، كۆل، ئاي ۋە بالا دېگەن ئۈچ ئىبارە ئارقىلىق مەنىلىك جۈملە تۈزۈش تەلەپ قىلىنغان. بۇ ھالدا، ئوي - پىكىر پەيدا قىلىش قابىلىيىتى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تۈزگەن جۈملىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، ئايدىڭدا بالىلار كۆلدىكى سۇغا چۈمۈلگەن ياكى بالىلار كۆلدە تۇرۇپ ئاينىڭ شولىسىنى كۆرگەن ۋەھاكازا دېگەندىن ئىبارەت بولغان. بۇ ئوي-پىكىر پەيدا بولۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي مىسالىدىن ئىبارەت.

ئوي - پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى بىلەن ئاساسلىقلىقىمۇ ئوي - پىكىرنى باھالاشنىڭ مىزانىدۇر. چوڭقۇر ئوي -پىكىر ئىلگىرىكى ئوبيېكت ياكى ئۇنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر يۈزەكى ئالامەتلەر بولمايدۇ، بىۋاسىتە كۆزىتىلمەيدۇ ۋە ئاسانلا كۆزگە چېلىقمايدۇ، ئۇنى پەقەت ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆككەندىلا بايقىغىلى

بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئوي - پىكىر ئاساسىي ئوي - پىكىر بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەزەرىيىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا باشقا ئوي-پىكىرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئاساسى ۋە يىلتىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چۈنكى مېڭە ھەر قانداق ئوي - پىكىرگە مەلۇم كونكرېت بەلگە شەكلى بېرىدۇ. بۇ شەكىل ئوبراز (كۆرۈش تۇيغۇسى بىلەن ماكان ئوبرازى، ئاۋاز ئوبرازى)، ئالامەت (ئىبارە، يېزىق ئالامىتى، رەقەم) ۋە ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاش بولمىغان كىشىنىڭ ھەر خىل بەلگە شەكىللىرىنى تەتبىقلاش قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئالايلۇق، رەسسام كۆرۈش تۇيغۇسى بىلەن ماكان (بوشلۇق) ئوبرازىنى تەتبىقلاشقا ماھىر كېلىدۇ، مۇزىكانت ئاۋاز ئوبرازىنى تەتبىقلاشقا ماھىر كېلىدۇ، ماتېماتىك يېزىق ئالامىتى بىلەن رەقەملەرنى تەتبىقلاشقا ماھىر كېلىدۇ، ئارتىس ھېسسىياتنى تەتبىقلاشقا ماھىر كېلىدۇ.

دېمەك، ئىجادىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلىتىش ئادەت بولغان بەلگىلەرنىڭ سانى بىلەن دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز توپلاپ ۋە كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قايسى بەلگىنىڭ قانداق ئوبيېكتقا ماس كېلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا تەپەككۇر ئەڭ چوڭ دائىرىدە ئۆز ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

## § 2. ئىلھام ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرى

ئىلھام دېگەن بۇ ئۇقۇم يۇنان تىلىدا «ئىلاھلارنىڭ جەۋھىرى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئاتالغۇ III ئەسىردىن بۇرۇن ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان «سەنئەتلىك ئىلھام» دېگەن

www.uyghurkitap.com

بەندە ئىپادىلىگەن ئەمەس.

مۇبادا سەنئەتكارلارنىڭ ئىلھامى كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇلار ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي قەلەمنى ئالغانچە، خۇددى يولباشلىغۇچىسىغا ئەگىشىپ ماڭغان بىر ئازغان كىشىدەك ناھايىتى راۋان ھالدا، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىختىيارسىز يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئورغۇنلىغان سەنئەتكارلار ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولىدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، ئىلھام توغرىلىق ھەر خىل نەزەرىيىلەردە ئۇنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ھەم ئىلاھلاشتۇرىدۇ. ئىلھامنىڭ روشەن ئامىللىرى بولىدۇ، بۇ ئامىللارنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەش مۇمكىن.

## 1. كۈتۈلمىگەن يەردىن كېلىشى — تاسادىپىيلىقى

ئىلھامنىڭ ھاسىل بولۇشى دائىم تۇيۇقسىز، ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ناھايىتى زور تاسادىپىيلىققا ئىگە. مەشھۇر يازغۇچى رومىن. روللاننىڭ يوھان كىرىستوف ئوبرازىمۇ ناھايىتى چوڭ تاسادىپىيلىقتا يارىتىلغان. ئۇ بىر كۈنى رىمنىڭ يېنىدىكى بىر تاغقا چىقىپ، شەپەق ئاستىدىكى گۈزەل شەھەرنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، كۆڭلىدە تۇيۇقسىز بىر ئوبراز يارىلىپتىكەن، «ئالدى بىلەن پىشانىسى يەر ئاستىدىن چىقىپتۇ، ئاندىن بىر جۈپ كۆزى، كىرىستوفنىڭ كۆزى كۆرۈنۈپتۇ.» گومورۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ «يەر شارى ئانام» ناملىق شېئىرىنى يېزىشتا، بىر كۈنى ئەتىگەندە، كۈتۈپخانىغا بارماقچى بولغاندا، تۇيۇقسىز ئىلھام كېلىپ، شېئىر يازغىسى كەپتۇ، ئۇ دەرھال قايتىپ كېلىپ، ئىختىيارسىز يېزىپ كېتىپتۇ.

ئىلھامنىڭ تۇيۇقسىزلىقى، تاسادىپىيلىقى ئۇنىڭغا بىر خىل سىرلىق تۈس كىرگۈزىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق

تاسادىپىيلىقتا مەلۇم مۇقەررەرلىكمۇ بولىدۇ. پەقەت كىشىلەر ئۇنى تونۇپ يەتمىگەن بولىدۇ، خالاس. ئىلھام ھاسىل بولۇشنىڭ تۇيۇقسىزلىقى، تاسادىپىيلىقىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

## 2. تېز ئۆتۈپ كېتىشى — قىسقىلىقى

ئىلھامنىڭ كېلىشىمۇ تېز، كېتىشىمۇ تېز بولىدۇ، ئىلھام ناھايىتى قىسقا، بىردەملىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنى مەڭگۈ قايتا تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن سەنئەتكارلار ئىلھامنىڭ ناھايىتى قىممەتلىكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ ھەم تېز ئۆتۈپ كېتىشتەك ئالاھىدىلىكىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئىلھام كېلىپ قالسا، قولىدىكى ھەممە ئىشنى تاشلاپ قويۇپ ناھايىتى تېز ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ.

## 3. بىردىنبىر ئايرىملىقى

ئىلھام بەكمۇ ئايرىمچانلىققا ئىگە، بىر كونكرېت ئىلھام بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ھەرگىز قايتا - قايتا تەكرارلانمايدۇ ھەمدە ھەرگىزمۇ ئىككى ئادەم ئۈستىدە ھاسىل بولمايدۇ. ئىلھام ئادەمنىڭ پۈتۈن مەنىۋى بايلىقىنىڭ ئېتىلىپ چىققان گۈلخانى، ئۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرى ۋە ھېسسىياتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ خاسلىقنىڭ نۇرى، ئوخشاشمىغان سەنئەتكارلاردا ئوخشاشمىغان ئىلھام بولىدۇ. بېلىنىسكى: «ئىلھامنىڭمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىسى بولىدۇ، ھەر بىر شائىرنىڭ ئۈستىدە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئۇ نۇر چاچىدۇ، خۇددى شامپانسكىنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشايدۇ، شامپانسكىدەك بىردەمدە ئادەمنى مەست قىلىۋېتىدۇ، يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇ خۇددى سۈپ - سۈزۈك تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دەرياغا ئوخشايدۇ. ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇ تەرەپ - تەرەپكە چاچراپ تۇرغان شاقىراتمىغا ئوخشايدۇ. تۆتىنچى بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئۇ بىپايان، چەكسىز كەتكەن چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ بولمايدىغان دەرياغا ئوخشاپ قالىدۇ...» دېگەن. بېلىنىسكى ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ئىلھامنىڭ ئوخشاشمىغان ئادەم ئۈستىدە ئوخشاشمىغان نەتىجە ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەردى، ئىلھام سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئوخشاش خاسلىقىقا ئىگە.

## 4. ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات، ئەركىن ھالەتتىكى ئىچكى دۇنيا

بۇ، ئىلھامنىڭ ھاسىل بولۇشى سەنئەتكارلارنىڭ ئىچكى پسىخولوگىيىلىك ئالامىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا سەنئەتكارلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى پەللىدە تۇرىدۇ، تەسەۋۋۇرى ناھايىتى مول بولىدۇ، تەپەككۇرى ناھايىتى جۇشقۇن بولىدۇ. بۇ، ئىجادىيەت سەنئىتىنىڭ ئەڭ ياخشى پەللىسى —ئەركىن ئىچكى دۇنيادۇر.

ئاۋستىرىيىلىك يازغۇچى ستېفان زۋېگ: «ئىلھامى كەلگەن بالزاكنىڭ ئەسەر يېزىش ئەھۋالى خۇددى ئوت كەتكەن ئورمانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئوت چوغلىرى بىر دەرەختىن يەنە بىر دەرەخكە كۆچىدۇ، ئوت يارغانسېرى ئۇلغىيىدۇ، قەلىمى ئۇچقاندەك ماڭسىمۇ لېكىن يەنىلا تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇلگۈرەلمەيدۇ» دېگەن.

ئۇرغۇن سەنئەتكارلار بۇ خىل ئىجادىيەت خۇشاللىقى ۋە تەمىنى تېتىپ كۆرگەن. بۇ خىل كەيپىيات تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە خۇددى «غالجىرلىشىپ قالغاندەك بولىدۇ».

بالزاك: «ئىلھام كەلگەندە سەنئەتكارلار ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ، ئۇ بىر خىل كونترولسىز كۈچنىڭ كونتروللىقىدا بولىدۇ» دېگەن.

بۇنداق ئۆز ئىختىيارىنى يوقاتقان چاغدا، سەنئەتكار ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكت بىلەن «بىرىكىپ كېتىدۇ».

## § 3. ئىلھامنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى رولى

ئىلھام بىر خىل غەلىتە ئىجادىيەت تەپەككۇرىدۇر، ئۇ ئىجادىيەتتە دائىم ھەل بولمىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ئۇشتۇمتۇت كۆتمىگەن يەردىن ھەل قىلىشتەك ئالاھىدە ۋەزىپىگە ئىگە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رولىنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەتكە تەييارلىغان ماتېرىيالى بار بولسىمۇ، لېكىن، ئىجادىيەت ھېسسىياتى يوق چاغدا، ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىجادىيەت ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدىغان رولغا ئىگە.

ئىككىنچى، ئىجادىيەت ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمما، ئىجادىيەتكە كىرىشەلمىگەندە، ئىلھامنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى، پۈتۈن ئىجادىيەت بەدىئىي توقۇلمىسىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايدۇ، ئالدىنقى ئەھۋالدا، ئىجادىيەت قىلىش خىيالى بولمىغان بولىدۇ، ئىلھام كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا، ئىجادىيەت ئارزۇسى بار بولسىمۇ، نېمىنى يېزىش، نەدىن باشلاش، قانداق باشلاشنى بىلمەي قالىدۇ.

بەدىئىي ئىلھام ئىجادىيەت ھېسسىياتىنى قوزغاش رولىنى ئوينايدۇ ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك رولغا ئىگە.

ئۈچىنچى، سەنئەتكار ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، بەزىدە ئەسلى پىكرى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن ئىجادىيىتىنى ئامالسىز توختاپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا تاسادىپىي بىر ئېغىز سۆز، بىر ئىشلار، تۇيۇقسىز ئىلھام قوزغايدۇ، بۇنداق چاغدا شائىر -يازغۇچىنىڭ پىكىر يولى قايتىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ.

گومورو «چۈيۈەن» دراممىسىنى يازغاندا: «مەن تازا يېزىپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ۋەقەلىك توختاپ قالدى. بۇ چاغدا مەن چۈيۈەننىڭ «تەڭرىگە سوئال» شېئىرىدىن چاقماق توغرىلىق بىر سۆزنى كۆرۈپ دەرھال نىمە يېزىش كېرەكلىكىنى بىلدىم ھەمدە مېنىڭ كاللامدا چاقماق چېقىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەن چۈيۈەننىڭ ئاسمانغا-چاقماققا قاراپ غەزىپىنى چىقىرىشتەك ۋەقەلىكنى ئويلىدىم ھەم ئويلىمىغان يەردىن «چاقماققا مەدھىيە» دىن ئىبارەت داڭلىق تۆتىنچى پەردىنى يازدىم. بۇ پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر پەردىسى بولۇپ قالدى ھەم چۈيۈەننىڭ ئوبرازى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بىر پەردىسى بولۇپ قالدى» دېگەن.

تۆتىنچى، بەزىدە ئىجادىيەت پۈتۈنلەي تاماملانغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىبىر تەسادىپىي ئىشنىڭ ياكى بىر تەبىئىي مەنزىرىنىڭ تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا ئىلھاملىنىپ، پۈتكەن ئەسەرنى خۇددى تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغاندەك قايتا ئۆزگەرتىش ياكى ئۆزى ئالىقاچان شەكىللەندۇرگەن سەنئەت ئۇسلۇبى ئۈستىدە يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش مۇمكىن، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىجادىيەتمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدۇ.

ئىلھام بەدىئىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ، ئۇ بەلكىم يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت تەرەپ بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما بىز بۇ

يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈركى، ئىلھامنىڭ رولىنى ھەرگىزمۇ نامۇۋاپىق يەردە ئىشلەتمەسلىك ياكى تەكىتلىمەسلىك، ئۇنى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىۋالماسلىق لازىم. ئىلھام كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا چوقۇم ئاچ قالغاندەك ئىنتىلىش كېرەك، ئەمما، ئىلھام كەلمىگەندە يەنە ئوخشاشلا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىۋېرىش كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىلھامغا تايىنىپ بارلىققا كەلگەن ئەمەس. مەسىلەن، تولستوي: «‹ھاملېت›، نى كىم بىر مەشھۇر ئەسەر ئەمەس دېيەلەيدۇ. بۇ ئەسەرنى ئىلھامغا، قىزغىنلىققا تايىنىپ پۈتتۈرۈش تەس، بۇ ئەسەر ئۇزۇن ئويلىنىش ۋە ئۇلۇغ ئىرادىنىڭ مەھسۇلى» دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىلھامغا تايىنىپ ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، بەزى قىسمى نورمال ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇرگە تايىنىپ ئىجاد قىلىنغان، ئادەتتە نۇرغۇن ئەسەرلەر مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بارلىققا كەلگەن.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئىجادىيەت دېگەن نېمە؟
2. ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشتا قايسى تەركىبلەر مۇھىم رول ئوينايدۇ؟
3. ئىلھامنىڭ ئامىللىرى قايسىلار؟
4. ئىلھامنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى رولى نېمە؟

# XV باب ماقاله ـ ئەسەرنى تۈزىتىش

## § 1 . تۈزىتىشنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقى

ماقالە ـ ئەسەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش يېزىقچىلىقنىڭ مۇھىم ھالقىسى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئۆزى يازغان ئەسەرنى تۈزىتىش بىلەن بىللە باشقىلار يازغان ئەسەرنى تۈزىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يەردە دەۋاتقان تۈزىتىشكە ئەگەر بىر دائىرە بەلگىلىسەك، بۇ دائىرە ئەسەرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يازغاندىن تارتىپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى بېكىتكىچە بولغان جەريانىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە بەزى ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تۈزىتىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

تۈزىتىش ئىبارەت بۇ ھالقىنىڭ جەريانى، ئوخشاشمىغان ئاپتور ۋە ئوخشاشمىغان ئەسەرلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. چىڭگىز ئايتماتوۋ: «يازغۇچىلىق ئىشىدىمۇ قاتتىق بىر تەرتىپ ساقلىنىشى كېرەك» دېگەنىدى. بۇ ئاپتورنىڭ ئادىتىگە باغلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا تۈزىتىشكە، ھەتتا ئەسىرى نەشىردىن چىققاندىن كېيىنمۇ، داۋاملىق دېگۈدەك تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاساسلىق زېھنى كۈچىنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەرپ قىلىدۇ، ماقالىسى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئازراقلا تۈزىتىش كىرگۈزسە بولىدۇ، قانداق

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۈزىتىش خىزمىتى يېزىقچىلىقتا كەم بولسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن باشلىغانلار تۈزىتىشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى ھەم كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم.

تۈزىتىش خىزمىتى دەسلەپكى نۇسخا پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ماقالە - ئەسەر يېزىقچىلىقىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولۇشى كېرەك.

يېزىقچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەنلەر دائىم دېگۈدەك تۈزىتىش خىزمىتىگە سەل قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت بولۇپ، جاپالىق ئەقلىي ئەمگەكتۇر، ياخشى تۈزىتىلمىسە ياخشى يازغىلى بولمايدۇ. ماقالە - ئەسەرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن قايتا - قايتا تۈزىتىش كېرەك؟ تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى نەدە؟ ماقالىنى تەكرار - تەكرار تۈزىتىش ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ تەلىپى، قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ، قايتا - قايتا تۈزەتكەندە، مۇرەككەپ، چىگىش شەيئىلەرنى توغرا، مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى قايتا تەتقىق قىلىش كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، تۈزىتىش بىر ھالقىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يېزىقچىلىقنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭىشى كېرەك. بۇنىڭدىن ئەسەرنى تۈزىتىشنىڭ يېزىقچىلىق جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر باسقۇچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پىشقان يازغۇچىلار ئەزەلدىن ماقالىنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بەزى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ماركس «كاپىتال»نىڭ تىزىسىنى تۈزۈشتىن تارتىپ، دەسلەپكى نۇسخىسىنى تاماملىغىچە كۆپ قېتىم تۈزەتكەن، بىرىنچى تومىنى تاماملىغاندىن كېيىن، بەدىئىي جەھەتتىن بىر قېتىم سىلىقلاپ

چىققان. ماركس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كۆچۈرگەن ھەمدە ئۇسلۇب ئۇستىدە ئويلانغانغا قەدەر ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، چۈنكى ئۇرغۇن تۇغۇت ئازاۋىنى تارتقاندىن كېيىن، تەبىئىي يوسۇندا بالىغا كۆيۈنۈش خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولدۇم.»[1] «كاپىتال» نىڭ نېمىسچە نەشرىنى ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلغاندا، ماركس يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ چىققان. ماركس فرانسىيە كىتابخانلىرىنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزگەن. بۇنداق ئەستايىدىللىق ئىنتايىن قىممەتلىك. پاۋل لافارگ: «ماركس ئۆزىنىڭ ئىنچىكە پىششىقلاپ چىقىشىدىن ۋە ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ يۇمشىتىشىدىن ئۆتمىگەن ئەسەرنى ھەرگىز نەشر قىلدۇرغان ئەمەس»[2] دېگەنىدى.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە، ماقالىنى ياخشى يازىدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈزىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلغانىدى. قەدىمكى شائىرلىرىمىز پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن، بىرەر ئېغىز سۆز، جۈملىنىمۇ ھەرگىز سەل قاراپ ئۆتكۈزىۋەتمىگەن. دۇفۇ مۇنداق دېگەنىدى: «كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۆزنى تاپمىغىچە ھەرگىز بوشاشماسلىق كېرەك.» لۇيەنراڭ مۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى ئەسىرىنى تەكرار - تەكرار ئوقۇۋېتىپ، ساقلىنى يىمىرىپ قانچە تال

---

① ماركس: «ئېنگېلسقا مەكتۇپ»، «ماركس، ئېنگېلس مەكتۇپلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، 352 - بەت.

② پاۋل لافارگ: «ماركسنى ئەسلەش»، «ماركس، ئېنگېلسنى ئەسلەش» خەلق نەشرىياتى، 1973 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.

يۇلۇۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ.» بۇلار گەرچە مۇبالىغە سۆزلەر بولىسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تۈزىتىشكە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## § 2. ماقالە - ئەسەرنى تۈزىتىشنىڭ بىر قانچە تەرەپلىرى

ماقالە - ئەسەرنى قانداق تۈزىتىش توغرىسىدا بىرەر مۇقىم تەرتىپ ياكى ئۇسۇل يوق، بەزىلەر ئۇنى مۇنداق مەزمۇنلارغا يىغىنچاقلىغان: «سۆز قوشۇش، سۆزلەرنى ئېلىۋېتىش، ئۆزگەرتىش، تەكشەش.» ماقالىنى ئۆزگەرتىش سۆز قوشۇش، سۆزلەرنى ئېلىۋېتىش، ئۆزگەرتىش ھەمدە سۆزلەرنى تەكشەشنى كۆرسىتىدۇ، تۈزىتىشنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن، ماقالە - ئەسەرنىڭ باش تېمىسى، نۇقتىئىنەزەرى قاتارلىقلاردا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەتراپلىق يىغىنچاقلانمىسا، يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىپ يىغىنچاقلاش تەس بولۇپ قالىدۇ.

ماقالە - ئەسەرنى تۈزىتىش پۈتكۈل يېزىقچىلىق جەريانىدىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىز ئەسەرنى تۈزىتىشكە كىرىشكەن چېغىمىزدا، ئۇنىڭ باش تېمىسى، ماتېرىيالى، قۇرۇلمىسى ۋە تىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئەسەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرگەن - ئەتتۈرمىگەنلىكىگە قارىشىمىز لازىم، مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنى تۈزىتىپ، مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

تۆۋەندە ماقالىنى تۈزىتىشنىڭ بىر قانچە تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ، مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

www.uyghurkitap.com

## 1. باش تېمىنى ئۆزگەرتىش

باش تېما ماقالە - ئەسەرنىڭ جېنى بولۇپ، ماقالە - ئەسەرنىڭ بېشىدىن - ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولىدۇ. ماقالىنى ئۆزگەرتىشتە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، باش تېمىنىڭ توغرا تاللانغان - تاللانمىغانلىقىغا، پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ چوڭقۇر بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ماقالە - ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋاللار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ھەر قايسى جەھەتلەردىكى چوڭ مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ، بۇ خىلدىكى تۈزىتىش تۈپتىن ئۆزگەرتىش بولۇپ، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

«تىرىلىش» — تولستوينىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، 1889 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان. «تىرىلىش» رومانىدا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندىن كېيىنكى دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىرى مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. رومانىنىڭ خام ماتېرىيالىنى ئۇنىڭغا تەپتىش كورنى دەپ بەرگەن، بۇ بولغان ۋەقە ئىدى: بىر ئاقسۆڭەك ياش، ھامىسىنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان بىر خىزمەتچى قىزنى ئازدۇرىدۇ. خىزمەتچى قىز ھامىلدار بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، كېيىن پاھىشە بولۇپ يۈرۈپ، ئوغرىلىقتا ئەيىبلىنىپ سوراق قىلىنىدۇ. ھېلىقى ئاقسۆڭەك ياش زاسېداتېل سۈپىتىدە سوتقا قاتنىشىپ، ئىلگىرى ئۆزى ئازدۇرغان قىزنى كۆرۈپ، چىن ۋىجدانىدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، سوراقچىدىن ئۆزىنىڭ ھېلىقى قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. تولستوي بۇ ۋەقەگە ناھايىتى قىزىقىپ، دەسلەپ ئەنە شۇنى

ئاساس قىلىپ، ئۆكۈنۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەخلاقىي تەربىيە توغرىسىدا بىر پوۋېست يازىدۇ. پوۋېستىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاپتور ئۆزى ئانچە رازى بولمايدۇ. ئۇ 1895 - يىل 5 - نويابىر يازغان خاتىرىسىدە: «ھېلىلا سەيلىگە چىقىپ، ‹تىرىلىش›نى نېمىشقا يازالمايۋاتقانلىقىمدىكى سەۋەبنى بىردىنلا چۈشەندىم. . . ئىشنى دېھقانلار تۇرمۇشىنى يېزىشتىن باشلاش كېرەك. ئۇلار ئوبيېكت، ئىجابىي تەرەپ، باشقىلار بولسا پەقەت سايە، سەلبىي نەرسىلەر» دەپ يازىدۇ. ئون يىللىق ئىجادىيەت جەريانىدا، ئاپتور جاپالىق ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز تۈزىتىش ئارقىلىق ئاساسىي ئىدىيىنى كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. روماننى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالتە قېتىم يېزىپ چىقتى، مەزمۇنىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ باردى، كورنى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆزى پاش قىلماقچى بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن بىرلەشتۈردى، ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن كېڭىيىپ، پوۋېستتىن رومانغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئاپتور «بايان قىلماقچى بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي، دىنىي ئالدامچىلىقلار»، «شۇنداقلا تۈزۈمنىڭ دەھشەتلىكلىكى» دىن ئىبارەت مۇشۇ مۇھىم تېما گەۋدىلەندۈرۈلگەن رومان بولۇپ قالدى.

«تىرىلىش» نى قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش باش تېمىنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، بۇ، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەقەلىكتە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خىل تۈزىتىش بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. بۇ خىل تۈزىتىش ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇشى، باش تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تاۋلاش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەزى ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئاسانراق بولىدۇ، باش تېمىنى ئۆزگەرتىش ئانچە كۆپ كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەرنى تۈزىتىشتە،

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

## 2. نۇقتىئىنەزەرنى تۈزىتىش

ماقالىدە نۇقتىئىنەزەر ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ماقالىنى تۈزەتكەندە چوڭ - كىچىك نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، خاتالىق، بىر تەرەپلىمىلىك، مۇستەھكەم بولمىغان جايلىرىنىڭ بار - يوقلىقىغا قاراش كېرەك. نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى مەسىلە بولسىلا، مەيلى ئۇنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۈزىتىش كېرەك، بولمىسا نۇقتىئىنەزەردىكى نۇقسان مەزمۇننى ئىپادىلەشكە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈپ، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ماقالىدە بەزىدە مۇتلەقلەشتۈرۈپ قويۇلغان تەرەپلەرمۇ نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىمۇ تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

نۇقتىئىنەزەرنى تۈزىتىش ماقالىنى تۈزىتىشتە دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ، ئومۇمەن چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسىلە بولسىلا ئويلىنىپ كۆرۈش ۋە تۈزىتىش، ماقالىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان قىلىش لازىم.

## 3. ماتېرىياللارنى قوشۇش ۋە قىسقارتىش

ھەرخىل ماقالە - ئەسەردە نۇقتىئىنەزەر ماتېرىيالغا يېتەكچىلىك قىلىشى، ماتېرىيال نۇقتىئىنەزەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى، نۇقتىئىنەزەر بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىردەكلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئەگەر بىردەكلىك بولمىسا ياكى ئانچە ياخشى بىرلىشەلمەسلىك ئەھۋاللىرى

كۆرۈلسە، تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.
ئەگەر نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە نۇقسان بولمىسا، ماتېرىيالنى تۈزىتىش كېرەك. بۇنداق تۈزىتىش ماتېرىيال قوشۇش، چىقىرىپ تاشلاش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ماتېرىيالنى تۈزىتىش خىلمۇ خىل بولىدۇ.

ماقالىدە ماتېرىيال نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرۈپ، باش تېمىنى ئىپادىلەيدۇ، ماتېرىيالنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ ئىشلىتىش لازىم، تىپىك ماتېرىيال بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن، ماتېرىيال بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. ماتېرىيال بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، نۇقتىئىنەزەرنى بېسىپ كېتىپ، باش تېمىنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئارتۇقچە ۋە تىپىك بولمىغان مىساللارنى چىقىرىپ تاشلىغاندا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

باشقا بەزى ماقالىلەردە ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ماتېرىياللار ئاز، تىپىك مىساللار يېتەرلىك ئەمەس، ماقالە تولىمۇ ئابستراكت بولۇپ قېلىشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ماقالىلەرنى تۈزەتكەندە ماتېرىيالنى تولۇقلاپ، ماقالىنى مول مەزمۇنلۇق قىلىش لازىم.

تولستوي «تىرىلىش» رومانىدا، كاتيۇشا ئوبرازىنى سۈرەتلەشتە پورترېت تەسۋىرىنى 12 قېتىم تۈزەتكەن، بۇ خىل تۈزىتىش ئارقىلىق يازغۇچى ئۆزىنىڭ تەسۋىرىدىن رازى بولغان. پېرسوناژنىڭ تاشقى قىياپىتىنى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، نۇرلۇق كۆزلىرى كاتيۇشانىڭ قىز چاغلىرىنى ئەسلىتىپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى ساددا ئاياللارنىڭ گۈزەل قەلبىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ياغلىقتىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرى، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى، تاتىراڭغۇ يۈزلىرى ھاقارەتلەنگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان روھى جاراھەت ۋە ئىچكى ئازابنى ئىپادىلىگەن، سىبىرىيەگە يولغا چىققان جەريانىدا پېرسوناژنىڭ ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق تۈزىتىش سەنئەت ئۇستىسى پىششىقلاپ ئىشلىگەن پېرسوناژ ئوبرازى تەسۋىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشى پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ باش تېما ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەزى ماقالىلەردە، بەزىدە ماتېرىياللار ئانچە توغرا، تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولماي قالىدۇ، نۇقتىسىز ئىنەزەرگە، ماتېرىيالنىڭ بىردەكلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇڭا تۈزەتكەن چاغدا ماتېرىيالنى ئەستايىدىل تۈزىتىش لازىم، بۇنداق ئەھۋال ئىلمىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، بۇ خىل ماقالىلارنى تۈزەتكەندە ئۆزگەرتىش ياكى ماتېرىياللارنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

## 4. قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

ماقالە - ئەسەرنى تۈزىتىشنى قۇرۇلمىدىن باشلاش — كونكرېت، ئىنچىكە خىزمەت. مەزمۇن جەھەتتىن قاراش ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ ئۆزگەرتىش ماقالىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغىچە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم. قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە قاتلام، ئابزاس، باشلاش، ئاخىرلاشتۇرۇش، ئۆتكۈنچى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

بىر پارچە ماقالىنىڭ مۇكەممەل گەۋدىگە، مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇشىنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، مەيلى مەزمۇندىن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ئۆزگىرىش سەل چوڭراق بولسىلا، قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى قۇرۇلما جەھەتتىن سۆزلىگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دائىم باشقا مەسىلىلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

### 5. يېزىق جەھەتتىكى سىلىقلاش

بۇ، ماقالىنى تۈزىتىشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، تىل - يېزىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سىلىقلاش خىزمىتى گەرچە نىسبەتەن كونكرېت پارچە - پۇرات ئىش بولسىمۇ، تۈزىتىش جەريانىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىسە تىلنىڭ ئىخچام، توغرا، تەسىرلىك بولۇشىغا تەسىر يېتىپ، مەزمۇننى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەشكە توسقۇن بولىدۇ.

سۆز - جۈملىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمىتىمۇ ئەمەلىيەتتە تىل - يېزىق جەھەتتىكى سىلىقلاش خىزمىتى بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز تەكىتلەشتىن ئىبارەت. سۆز-جۈملىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈزىتىشنىڭ مۇھىم تەرىپى بولۇپ، سۆزدىن جۈملە تۈزۈشتىكى بىر قەدەر يۇقىرى پەللە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## § 3. تۈزىتىش ئۇسۇللىرى ۋە ماھارەت

قەدىمكىلەردە: «ماقالە يېزىشتا مۇقىم قائىدە يوق» دېيىلگەن بىر گەپ بار. بۇنىڭغا قارىتا كۆز قاراش بىلدۈرۈش ئەمەس، لېكىن، ماقالىنى تۈزىتىشتە بەلگىلىك ئۇسۇل ۋە يول يوق. تۈزىتىشنىڭ مەقسىتى بىردەك بولۇپ، مەقسەتكە يېتىش يولى ئادەمنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ، ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ ئادىتىمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، كونكرېت شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن ماقالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى بولسىلا، ئۇنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆلگە قىلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە بىر قىسىم كونكرېت تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرىمىز:

بىرىنچى، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ماقالىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتىش.

بىز يۇقىرىدا ماقالىنى تۈزىتىشنىڭ بىر قانچە تەرەپلىرى توغرىسىدا توختالدۇق. بۇ پەقەت نۇقتىلىق ئويلىشىدىغان تەرەپ بولۇپ، مۇھىم باسقۇچ ۋە شەكىل ئەمەس، ئۇنىڭ رەت تەرتىپى جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىنلىك يوق، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر تۈزىتىشكە كىرىشكەن چاغدا قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بارمايدۇ. لېكىن ئۆزگەرتكەن چاغدا ئالدى بىلەن چوڭ يەردىن باشلاش، يەنى ئالدى بىلەن باش تېما، نۇقتىئىنەزەر، ئىدىيىۋى مەزمۇن قاتارلىق چوڭ جەھەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇش، ئۇنىڭدىن قالسا، جۈزئىي مەسىلىلەرنى ئويلىشىش، ئەڭ ئاخىرىدا تىل قاتارلىق ئارماق مەسىلىلەرنى ئويلىنىپ كۆرۈش لازىم، بۇنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا تۈزىتىشنىڭ تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇششاق - چۈششەك مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، باش تېما، ماتېرىيال، قۇرۇلما قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەرنى ئۇنتۇپ قالساق، كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئاز ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولىمىز. بۇ ھەتتا ئارتۇقچە كۈچ سەرپ قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى چوڭ مەسىلە كونكرېت مەسىلىلەرنى شەرت قىلىدۇ، ئالايلۇق، بىر ئابزاسنىڭ تىلى ھەر قانچە ياخشى بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئارتۇقچە بولسا، يەنىلا چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ئۇنداقتا تىلنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىپ سىلىقلىنىشىمۇ بىكار كۈچ سەرپ قىلغانلىقمۇ؟ ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان چاغدا قەيەردىن باشلاش توغرا كەلسە، شۇ يەردىن باشلاۋەرسە بولىدۇ.

ماقالىنى تۈزىتىش ئىنتايىن ئىنچىكە خىزمەت بولۇپ، مەيلى ئۆزىنىڭ ماقالىسىنى تۈزىتىش ياكى باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى ئۆزگەرتىش بولسۇن، قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىش، «قويماي ئۆزگەرتىش»كە ماھىر بولۇش كېرەك، ئومۇمەن ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇش، كىچىك مەسىلىلەرنى چالا تاشلاپ قويماسلىق لازىم.

ئىككىنچى، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم كۆرۈپ چىقىش.

لۇشۈن ئەپەندى ماقالىنى ياخشى يازاتتى، ئانچە كۆپ ئۆزگەرتمەيتتى، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئادىتى تۈزىتىش خىزمىتىگە پىكىر يۈرگۈزۈش، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان لايىھە بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئالدى بىلەن ئىچىدە پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن قەلەم تەۋرىتەتتى. لۇشۈن ئۆز تەجرىبىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «يېزىپ بولغاندىن كېيىن كەم دېگەندە ئىككى قېتىم ئوقۇيمەن، ئىشلەتمىسىمۇ بولىدىغان سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنى چىقىرىۋېتىپ، بۇنىڭدىن ئېچىنىشلانماسلىق»، يەنە «مەن يېزىپ بولغاندىن كېيىن دائىم ئىككى قېتىم كۆرۈپ چىقىمەن، تىل قۇلاشمايدىغان جايلىرى بولسا سۆز قوشىمەن ياكى چىقىرىپ تاشلاپ ئۇنى راۋان قىلىمەن، مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاممىباب ئەدەبىي تىل بولمىسا، قەدىمكى تىلنى ئىشلىتىپ، ھامان بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، پەقەت ئۆزۈملا چۈشىنىدىغان ياكى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئاز ئىشلىتىمەن».

ئۈچىنچى، بىر نەچچە كۈن قويۇپ قويۇپ تۈزىتىش.

ماقالىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، قانداق يېتەرسىزلىكى بارلىقىنى بايقىماق تەس، ئەگەر بىر مەزگىل تاشلاپ قويۇپ، ئاندىن ئوقۇپ باقسا، مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنى بايقىغىلى، قايسى يېرىنى تۈزىتىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئاممىنى ئۇستاز تۇتۇش.

ماقالە ـ ئەسەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاش، ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىتابخانلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم. ماقالىنى تۈزىتىشتە، ئادەتتە كىشىلەر ئۆز ماقالىلىرىدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى ئاسانلىقچە بايقىيالمىغاچقا، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئىنتايىن مۇھىم. ئاممىنى ئۇستاز تۇتقاندا، مەسىلىلەرنى

تېزلىكتە بايقاپ، ماقالىنى ياخشى تۈزەتكىلى بولىدۇ. پىكىر ئېلىشتا قارغۇلارچە ئىش قىلماسلىق، كۆپرەك تەھلىل قىلىش كېرەك. چۈنكى باشقىلارنىڭ پىكرىنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن، لېكىن، كەمتەر پوزىتسىيىدە بولۇش تولىمۇ مۇھىم، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دېيىشكە بولمايدۇ، پەقەت باشقىلارنىڭ پىكرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىغاندىلا، ماقالىنى ياخشى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇش.

ماقالىنى تۈزىتىش ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ قارغۇلارچە ئىش قىلماسلىق، باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دېمەسلىك لازىم، بىپەرۋالىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ماقالىنى تۈزىتىشتە ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ھەم چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش ماھارىتى بولۇشى كېرەك. يازما ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەندە، ماتېرىيال تەكشۈرۈشنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش - بولماسلىقىغا، سېلىشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئەگەر ئىشلەتكىنى ئىككىنچى قول ماتېرىيال بولسا، ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىزدەپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا خاتالىق سادىر بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەر خىل ماتېرىياللارنىڭ سېلىشتۇرۇپ ئىشلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىلا ماقالىنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ماقالىنى تۈزىتىشنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۇنى دەل جايىدا تۈزىتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىدە. قەدىمدىن ھازىرغىچە ماقالىنى خاتا تۈزىتىدىغان ياكى بۇزۇپ قويىدىغان مىساللار ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى تۈزىتىشتە مۇشۇنداق ئەھۋاللار

كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئالتىنچى، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بولۇش.

ماقالىنى تۈزىتىشتە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدىغان غەيرەت بولۇشى كېرەك. ياخشى يېزىلغان ماقالە دائىم ئەستايىدىللىق بىلەن سىلىقلاش، قايتا - قايتا تۈزىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ياخشى ماقالىنىڭ مەزمۇنىلا ياخشى بولۇپ قالماستىن، شەكلىمۇ ياخشى بولىدۇ. تۈزىتىش ماقالە يېزىشتىنمۇ تەس. ماقالە - ئەسەر يېزىش تەرتىپىدىن ئالغاندا، تۈزىتىش گەرچە ئاخىرقى بىر خىزمەت بولسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم، كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ماقالە - ئەسەرنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەلۇم شەكىلگە كىرگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا خىلمۇ خىل نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، تۈزىتىشكە تايىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك، بۇ جەھەتتە، چوقۇم مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىش، ماقالىنى بىر سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. تۈزىتىش ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
2. ماقالىنى قايسى تەرەپلەردىن تۈزىتىش كېرەك؟
3. ماقالىنى تۈزىتىش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟
4. نېمە ئۈچۈن ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ماقالىنى ئۆزگەرتىش تەكىتلىنىدۇ؟
5. ماقالە تۈزىتىشكە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى قىسىم

## ئىلمىي ماقالە نەزەرىيىسى

www.uyghurkitap.com

# XVI باب ئىلمىي ماقالە

## § 1. ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ۋە تۈرى

ئىلمىي ماقالە — ئىلمىي ماقالە تەتقىقات نەتىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياكى پەنلەرنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر تۈردىكى ئەدەبىي ژانىر. «ئىلمىلىك» ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە مەركىزىدۇر. «نەزەرىيىۋىلىك» بولسا ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ ھەرقايسى پەنلەردە مەخسۇس خادىملارنىڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئەدەبىي ژانىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەدەبىي ژانىردۇر. ئىلمىي ماقالە پەلسەپىۋى ئىلمىي ماقالە، سىياسىي ئىلمىي ماقالە، ئىقتىساد ئىلمىي ماقالىسى ھەمدە باشقا ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئىلمىي ماقالىسى بىلەن پەن-تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش يىلى ئىلمىي ماقالىسى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى ھەمدە باشقا ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوقۇش يىلى ئىلمىي ماقالىسى: بۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر مۇستەقىل تاپشۇرۇقى. بۇنىڭدىكى مەقسەت — ئوقۇغۇچىلارنى ئىلمىي ماقالە يېزىش ئارقىلىق، شۇ پەنلەرنىڭ كەسپىي بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا پەننىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتىنى ۋە ئۇسۇلىنى مەشق

قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. ئۇ، كەسپىي بىلىمنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى، ئىلمىي ماقالە يېزىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىملەرنى ئىشلىتىش ئاساسىدا، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشنى، كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەيدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى: بۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇلاسىلەش خاراكتېرىگە، ئىلمىيلىككە ئىگە بولغان مۇستەقىل تاپشۇرۇقىدۇر. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇلاسىلەشكە ماھىر بولۇشىنى، بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئوقۇغان بىلىملەرنى بىرتەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن-تەتقىقاتنى مۇنتىزىم مەشىق قىلىشىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ھالدا جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، خىزمەت ۋە پەننىي تەتقىقات ئۈچۈن شارائىت يارىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوقۇش ئۇنۋانى ئىلمىي ماقالىسى. بۇ، مۇناسىۋەتلىك ئوقۇش ئۇنۋانىنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار بەلگىلىمىگە ئاساسەن تاپشۇرغان ئىلمىي ماقالە. باكالاۋىرلىق ماقالىسى قاتارلىقلار بولسا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىلمىي ماقالىدە ئاپتورنىڭ پەننىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ ئەكس ئېتىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ ئاپتورغا بولغان تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئىلمىي ماقالىدە چوقۇم ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى گەۋدىلىنىشى، شۇ ئارقىلىق ئاپتورنىڭ مۇستەقىل پەننىي تەتقىقات ئىقتىدارى ئەكس ئېتىلىشى كېرەك. دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى ئاپتورنىڭ تېمىغا بولغان ئىجادچانلىقتا ئىگە تەتقىقات نەتىجىسى. ئۇ ئەمەلىي ھالدا شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەسىپ ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەلۇم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

گەرچە ھەرخىل ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى، مەقسىتى، تەلىپى، ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئىلمىيلىكى ئۇلارنىڭ ئورتاق ماھىيىتى بولىدۇ، نەزەرىيىۋى بايان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسى بولىدۇ.

ئادەتتە مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ماقالىدە، كۆپىنچە كۆز قاراش روشەن، توغرا بولۇش، مۇھاكىمە قىلىنغان پاكىت ئەسلى ھەم ئىشەنچلىك، لوگىكىغا ئۇيغۇن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىلمىي ماقالىدە گەرچە مۇھاكىمە ماقالىسىدىكى مەلۇم خۇسۇسىيەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەتقىقاتى مەلۇم ئىلمىي ساھەدىكى كەسپىي تېما، شۇڭلاشقا، ئۇ ئادەتتىكى مۇلاھىزە ماقالىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئىلمىي ماقالىنىڭ خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئايرىپ مۇلاھىزە قىلىش، ئىلمىي ماقالىنىڭ مۇھىملىقى، مۇقەررەرلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن، تەتقىقات نەتىجىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقى جەريانىدا، ئاپتور ئىلمىي مەشىققە ئىگە بولۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئاپتورنىڭ تەتقىقات ئىقتىدارى، ئىشلىتىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى چېنىقتۇرىدۇ ھەم يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم يول.

## § 2 . ئىلمىي ماقالىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1 . ئىلمىيلىكى

پەننىي ساھەدىكى مەخسۇس تېمىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى، رىتىمچانلىقىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئېچىپ بېرىش، چۈشىنىش، ئىشلىتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى چوقۇم ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىشلەش، بۇنىڭغا قىلچىمۇ شەخسىي كۆز قاراشنى ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەكۈنى چوقۇم ئىلمىي، ئوبيېكتىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىلمىيلىكىدە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، ئەمەلىي كۆزىتىش، قاتتىق تەجرىبە قىلىش ھەمدە كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئازراقمۇ ساختىلىق ياكى ئېھتىياتسىزلىق يۈز بەرمەسلىكى كېرەك.

ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىلمىيلىكى يەنە كۆز قاراشنىڭ ئەتراپلىقلىقى بىلەن قاتتىق دەلىلدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانى ئەمەلىي بولۇش كېرەك. تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى بەزى ئىلمىي ماقالىلەر ھەتتا تەجرىبە باسقۇچلىرىنى ھېسابلاش جەريانىنى بىر-بىرلەپ تىزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 2 . ئىجادىيلىقى

ئىلمىيلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلمىي ماقالىنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىجادىيلىقى گەرچە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە كوللېكتىپ تەتقىقات تېما گۇرۇپپىسى، مۇھىم ھالقا گۇرۇپپىسى قاتارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپسىمۇ، لېكىن مەيلى كوللېكتىپ تەتقىقات بولسۇن ياكى يالغۇز تەتقىقات بولسۇن، ئىلمىي ماقالىنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىجادىيلىقىغا بولغان تەلەپ ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن قاراش، تەتقىق قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەتىجە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەر چوقۇم ئۆزىنىڭ بولۇشى، ئىجادىيلىقتا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەنىسى — بىرى بايقاش، يەنە بىرى يېڭىلىق يارىتىش بولىدۇ. بايقاش ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقاتتىن ئايرىلىپ قالسا ياكى باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا بۇ ناچار ئىللەتچىلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئىلمىي ساھەدە چوڭ بىر بايقاش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش بولسا ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. مۇشۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ تەلەپ قويۇش تەس ئىش ئەمەس. بۇرۇنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى، باشقىلارنىڭ خۇلاسىسىنى، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تۈزىتىش، تولۇقلاش، قوغداش ياكى ئىنكار قىلىشتا ھەم پاكىت ھەم ئاساس بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بۇ بىر ئادەمنىڭ سۆزى بولىدۇ. بۇنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمەن، پەقەت كۆز قاراشقا بويسۇنۇش بولسا، ماتېرىيالدا يېڭىلىق بايقاش بولسا، ئىسپاتلاشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولسا، تېما تاللاشتا يېڭى نۇقتا بولسا، تونۇشتا بۇرۇنقىلاردىن ئۈستۈنلۈك بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

### 3. نەزەرىيىۋىلىكى

ئىلمىي ماقالىدىكى نەزەرىيىۋىلىك ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ئىلمىي ماقالە يازغان كىشى مەلۇم نەزەرىيىۋى تەربىيىگە ئىگە بولغان بولۇشى، توغرا نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك، ھەمدە شۇ كەسىپ توغرىلىق مەلۇم مول نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە بولۇشى، كەسپىي تەتقىقاتتىكى ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۆزى مۇقەررەر ھالدا مەلۇم نەزەرىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىلمىي ماقالىنىڭ

نەزەرىيىسى ئاساسەن ماددىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلى ماھىيەتنى ئېچىپ بېرىش، بايقاش، ھەمدە تونۇش قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئىسپاتلاش ھەم ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم يېڭىلىق يارىتىش روھىغا تولغان. ئەگەر نەزەرىيىۋى ئىدىيە توغرا بولسا، ئىسپاتلاش ئۇسۇلى مۇكەممەل بولسا، نەتىجىدە، ئىلمىي ماقالە نەتىجىسى توغرا بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن ماقالە نەزەرىيىسى رەتلىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىلمىي ماقالە يېزىشتا كىتابتىن پايدىلىنىش، لوغەتلەردىن ئۆزۈندە ئېلىش بىلەن چەكلىنىپ قالسا، بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش بولىدۇ.

ئىلمىي ماقالىنىڭ خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈشتە بىز چوقۇم ئادەتتىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، يېزىقچىلىق ئۇسۇلىغا ۋە شەكلىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئادەتتىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا تاشقى قۇرۇلمىسىغا بولغان ئويلىنىش كۆپرەك بولىدۇ، فورمال لوگىكا كۆپرەك سۆزلىنىدۇ. كۆز قاراشتىن بۇنى ئىسپاتلاشقا قەدەر بولغان شەكىل ئۆزگەرمەس شەكىل بولۇپ قالىدۇ. يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرگە بىر ئۆزگەرمەس قائىدە ۋە مۇقىم قېلىپ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداقتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى بىرلا نۇقتىدا توختاپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

## § 3. تېما تاللاش

ئىلمىي ماقالىدە تېما تاللاشتا چوقۇم ئىلمىي ماقالىنىڭ خاركتېرى، ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ھەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىمكانىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئويلىنىش كېرەك.

ئىلمىي ماقالىنىڭ تېمىسىنى تاللاشنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەريان. شۇڭا چوقۇم ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىرى، شۇ كەسىپنى ئۆگىنىش جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈش مەركىزىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، مەسىلەن، ئىلمىي يۈزلىنىش، تەتقىقات ئەھۋالى، مۇنازىرە نۇقتىسى، تەرەققىيات يۆنىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كۆڭۈلدە سان بولۇش كېرەك. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تېما تاللاش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش بىر قەدەر ئاسانغا توختايدۇ. يەنە بىرى، نۇقتىلىق خاراكتېردىكى تېما گەرچە ئۆزىنىڭ كەسپىي دائىرىسىدە بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەتتە تەتقىقاتتا كەم ماتېرىياللارنى يىغىش ئاز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا ھازىرقى ئەھۋالغا بولغان چۈشەنچە ئاز بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چوقۇم كۆپ ھالدا ئىجادىي ئەمگەك ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن ماتېرىيال ئىزدەپ، ئۇنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، بۇ تەتقىقاتقا دائىر بىلىملەرنى كۆپەيتىپ، توپلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە باغلاپ ئۆزىگە پايدىلىق نۇقتىنى تاللاپ، نۇقتىلىق يۆنىلىشنى بېكىتىش لازىم.

دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئادەتتە ئىلمىي تەتقىقاتقا قىزىقىش كەمچىل بولسا، كەسىپ جەھەتتىمۇ ئالاھىدىلىكى بولمىسا، ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىلىرى ئادەتتىكىچە بولسا، ئۇ چاغدا تېما تاللاشمۇ بىر قەدەر قىيىنغا توختايدۇ.

تېمىنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن قول سېلىش لازىم:

1. كىتابلاردىن مۇھىم تارىخىي نۇقتىلارنى بېزىۋېلىپ،

مۇندەرىجە كاتولىكىنى ياخشى ئىشلەش. شۇلار ئارقىلىق، شۇ ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي نەتىجىسى ھەم ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىزىقىش ھەم تەتقىقات يۆنىلىشىنى بايقاش كېرەك.

2. مۇندەرىجە كاتولىكىنى رەتلەپ، تۈرلەرگە ئايرىپ، سېلىشتۇرۇپ، قىسقارتىپ، شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ تەبىئىي تەپەككۇرى ۋە قىزىقىش يۆنىلىشىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، گەرچە قىيىن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بولغاچقا ئۇنى ئېچىش روھى قوزغىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا نۇقتىئىينەزەر مەركەزلىشىپ، نىشان تەدرىجىي روشەنلىشىدۇ، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنىڭ تېمىسىمۇ شەكىللىنىدۇ.

لېكىن، مەيلى قايسى شەكىل بولسۇن، تېمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىلىشى چوقۇم تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىنىشى لازىم:

(1) قىممىتى بولۇش

ئىلمىي ماقالىدە تەتقىق قىلىنىغان تېما ئادەتتە زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەتقىقات مۇددىئاسىمۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئىلمىي ماقالە شەكلىدە ئىپادىلەش ھەمدە نەزەرىيىنىڭ يېكىلىنىشى ھەم ئەمەلىي ئىشلىنىشى ئۈچۈن بولىدۇ، شۇڭلاشقا تەتقىقات تېمىسىنى تاللاش، چوقۇم زامانىۋىلاشتۇرۇش، تەرەققىيات ياكى پەن-تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈش مەزمۇنىغا ئىگە، رولى بار، قىممىتى بار بولغان بولۇشى كېرەك، بۇ تېما تاللاشنىڭ باش پرىنسىپى.

(2) قانات يايدۇرۇشقا قولاي بولۇش

قىممەتكە ئىگە بولۇش، ئىجتىمائىي ئۇنۇم نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېما تاللاشنىكى ئوبيېكتىپ ئۆلچەم. قانات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يايدۇرۇشقا قولاي بولۇش بولسا، تەتقىقاتچىنىڭ سۇبيېكتىپ شارائىتىدىن ئېيتىلغان. تېمىنىڭ تاللىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى مۇمكىنلىككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يەنە چوقۇم تەتقىقاتچىنىڭ ئۆز شارائىتى، مەسىلەن، قىزىقىشى، ئالاھىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى، قابىلىيىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىشىش كېرەك.

قىزغىن كەسپچانلىق، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، قاتتىق قىزىقىش، ئاكتىپ ھالدا ئىلگىرىلەش ئېكى ئاساسلىق نۇقتىنى نىشان قىلىش كۈچىگە ئايلىنىدۇ. جاپانى يېڭىش غەيرىتى ۋە نەتىجىگە ئېرىشىش ئىشەنچىسى ئىلمىي ماقالە تېمىسىنى تاللاشقا ھەم تەتقىق قىلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كەم بولسا بولمايدۇ. كەسپچانلىقى ۋە قىزىقىشى بىر تەرەپتىن سىياسىي قىزغىنلىقنى قوزغاشقا تايانسا يەنە بىر تەرەپتىن ئەڭ ئاساسلىقى تېمىغا بولغان چۈشىنىش، تونۇش ۋە ئىگىلەش دەرىجىسىدە بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تېما ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىقمۇ-ئەمەسمۇ؟ چوڭ-كىچىكلىكى نورمال بولدىمۇ-يوق، ئاسان نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولامدۇ-يوق، ماتېرىيال توپلاش بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكى قولايلىقمۇ-ئەمەسمۇ؟ بەزى مۇھىم تەتقىقات نەتىجىسى گەرچە ناھايىتى قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ، ئۇنى باشقىدىن تاللاشقا بولمايدۇ، گەرچە تاللىغان ئەھۋالدىمۇ ئۇنى تاماملاشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە بەلگىلىمە ۋاقىت چەكلىمىسى بولىدۇ. ئەگەر ماتېرىيال كەم بولۇپ قالسا، ياكى مۇۋاپىق يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولمىسا، تېمىنىڭ تەتقىقاتىدا نەتىجىگە ئېرىشىش تەس بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىلمىي ماقالە تېمىسىنى تاللاشتا، يەنى

يىلىلىق ئىلمىي ماقالە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى ياكى ئۈنۋان ئىلمىي ماقالىسىنى تاللاشتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلە. شۇڭلاشقا، تېما تاللاش ناھايىتى مۇھىم، بەزىلەر تېمىنى ياخشى تاللاش ئىلمىي ماقالىنىڭ يېرىمىنى پۈتتۈرگەنلىك، دەيدۇ. مېنىڭچە بۇمۇ خاتا ئەمەس.

## § 4. تېما تەتقىقاتىنىڭ قەدەم-باسقۇچى ۋە ئۇسۇلى

تېمىنى تاللاپ بولغاندا، تەتقىقات مەقسىتى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بولغاندا، ئاندىن تەتقىقات ئۇستىدە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. تەتقىقات رىتىمى بىلەن ئۇسۇلى ئاساسەن:

### 1. پىلان تۈزۈش

تېما تاللاش جەريانىدا تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار دائىرىسىنى تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش، تېمىنىڭ قىيىن-ئاسانلىقى قاتارلىقلار گەرچە كۆڭۈلدە ئايان بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ ئۆڭۈشلۈك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، چوقۇم بىر تەپسىلىي پىلان تۈزۈلۈشى لازىم. بۇ پىلان ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

ماتېرىيال توپلاش (گېزىت، ژۇرناللاردىن پايدىلىنىش، تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

ماتېرىيال كۆرۈش (ئۈزۈندە ئېلىش، خاتىرىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

ماتېرىيال رەتلەش (تۈرگە ئايرىش، كۆز قاراشنى تاۋلاش)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەزەرىيىمىزى كۆزقاراشنى ئومۇملاشتۇرۇش
ماتېرىيال تاللاش
تىزىس يېزىش
دەسلەپكى ئورگىنال
ئۆزگەرتىش
بېكىتىش

بۇ يەردە ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ماتېرىيال يىغىش بىلەن ۋاقىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش. شۇنداق قىلغاندىلا، ماقالە يازغاندا ئالدىراپ قېلىش بولمايدۇ. ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

پىلان بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ بويىچە تەتقىقات پائالىيىتىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. پىلان ئورۇندىلىش جەريانىدا ئانچە-مۇنچە ئۆزگىرىشلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن چوقۇم ئىلمىي ماقالىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى پۈتتۈرۈشكە ئاساسەن، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىلمىي ماقالە پىلانلىغان ۋاقىتتا ئورۇندىلىدۇ.

## 2. ماتېرىيال توپلاش

بۇ، تەتقىقات پىلان پائالىيىتىنى ئىجرا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچ، ئۇ كىتاب-ژۇرناللاردىن پايدىلىنىش، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش، كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنۇملۇك ۋە ئۇنۇم بىلەن قىممەتنى كۆزدە تۇتۇدىغان تەتقىقاتچى ماتېرىيالنى جان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ كىتاب-ژۇرناللاردىكى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىمكانقەدەر قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، ھەمدە تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، زىيارەت قىلىش، تەجرىبە قاتارلىق بارلىق

ۋاستىلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىمكانقەدەر بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەيدۇ. يەنە باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىشقا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ساۋاقلىرىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇچۇر مىقدارىنى كۈندىن-كۈنگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى كۈندىن-كۈنگە ئىلغارلىشىۋاتىدۇ. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ماتېرىيالىنى دېڭىزغا ئوخشىتىش مۇمكىن، ئۇنى ئازراقمۇ قالدۇرماي ھەممىنى ئۆگىنىۋېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا چوقۇم ماتېرىيالنىڭ قىممىتى ھەم تەتقىقات تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك دەرىجىسىنى ئېنىق ئايرىشنى بىلىش كېرەك. قىممىتى كىچىك، مۇناسىۋىتى چوڭ بولمىغان، بولسىمۇ بولىدىغان ماتېرىياللارنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. بۇ يەردە ئىككى تەرەپتىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ: بىرى، ماتېرىيالنىڭ توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەتقىقات تېمىسىنىڭ تومۇرى ئېنىق، روشەنلەشكەندە، ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى ھەم ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىگە ئىشەنچىسى بولغاندا، ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى توختاتسا بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ماتېرىيالنى تاللاش، ئانالىز قىلىش، ئوقۇش، تۈرلەرگە ئايرىش ئارقىلىق يېڭى تەپەككۇر قوزغالسا، يېڭىلىق پەيدا بولسا، ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئازراق كۆزگە كۆرۈنسە، ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى توختاتسا بولىدۇ. ئومۇمەن، تېما تەتقىقات ھەم ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىق ئاساسىغا قولايلىق بولۇشى كېرەك.

كىتاب - ژۇرناللاردىن ئۆزۈندە ئېلىش، قىسقارتىپ ئېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ياردەمچى قورالدىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىش قاتارلىقلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالىدىغان بىلىملەر، بىز بۇ يەردە تەپسىلىي سۆزلىمەيمىز.

## 3. ماتېرىيال كۆرۈش

ئەمەلىيەتتە، ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا، ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ھەم تۈرلەرگە ئايرىش، رەتلەش خىزمىتى ھامان بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىز بۇ يەردە ئاساسەن، ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىكى ئوقۇش بىلەن ئىگىلەش، ماتېرىيالنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى جەھەتتە توختىلىمىز.

ئوقۇشتىكى مەقسەت، بىر جەھەتتىن ماتېرىيالغا بولغان چۈشەنچە، چۈشىنىشنى ئاشۇرۇش، ئەڭ قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى تاللاش، ئانچە كېرەك بولمىغان ماتېرىياللارنى قالدۇرۇش ئۈچۈن بولسا؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇنىڭ ئاساسىي تەرىپى ماتېرىيال ئوقۇش جەريانىدا كۆرۈش، ئانالىز قىلىش، سېلىشتۇرۇش بولىدۇ. توپلانغان بىلىملەر ئارقىلىق يېڭى بىر تونۇش، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ئۇسلۇب پەيدا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئىلمىي ماقالىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئوقۇشقا ئېتىبار بەرمىسە، ياكى ئوقۇش ئۇسۇلى توغرا بولمىسا، ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

ئوقۇش ئۇسۇلى: كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئەڭ ياخشى ئوقۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ماتېرىياللاردىن كېرەك بولغان ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش كېرەك. بۇ يەردە خاتىرە يېزىش، ئۆزلۈكىدىن ئىلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇۋېلىش، مۇلاھىزىنى ياخشى قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتىنى بىلىش لازىم.

1. يۇزەكى ئوقۇش. قولدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىنچىكە، بەزىلىرى قوپال بولىدۇ. بەزىلىرى يېنىك، بەزىلىرى ئېغىر بولىدۇ. مۇندەرىجىنى كۆرۈش، قىسقىچە مەزمۇننى كۆرۈش، ماتېرىيالنىڭ باش-ئايىغىنى كۆرۈش ئارقىلىق دەسلەپ قەدەمدىكى تەسىرگە ئىگە بولغىلى ھەم دەسلەپكى قەدەمدە ماتېرىيالنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنى ئېلىش-ئالماسلىقنى بېكىتكىلى بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئەسەرلەردە مەزمۇن، چۈشەندۈرۈلۈش بولىدۇ. يەنە مۇندەرىجە قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ھەم قىممىتىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ قىسقا يول. بۇ بىرقانچە نۇقتىنى تۇتۇۋالغاندا، بىر پارچە چوڭ ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكى، تېمىغا مۇناسىۋەتلىك دەرىجىسى كۆزگە ئايان بولىدۇ. بىر پارچە ئىلمىي ماقالىدە، ماۋزۇنى تۇتۇۋېلىش، بېشى بىلەن ئاخىرىنى، ئوتتۇرىدىكى ئابزاسلارنىڭ ئابزاس بېشى، ئاخىرىنى، ھەرقايسى ئابزاسلارنىڭ ئاساسىي جۈملىسىنى ياخشى ئوقۇسىلا بۇ ماقالىنىڭ قىممىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئوقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق قىممىتى يوق كۆپلىگەن كېرەكسىز ماتېرىياللارنى قىسقارتىۋېتىپ، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

2. تەتقىق قىلىپ ئوقۇش. قىممىتى چوڭ بولغان ماتېرىياللارنى چوقۇم تەتقىق قىلىپ ئوقۇش ياكى پىششىق ئوقۇش كېرەك. بۇ، قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ياسىسپ ھالدا جۈملىمۇ جۈملە، ئابزاسمۇ ئابزاس ئوقۇش بولماستىن، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئىزدىنىشچانلىقى، ئۇلانمىلىقى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىجادىي تەپەككۇرنى قوزغاش ئارقىلىق يېڭىلىقنى بايقاش، يېڭىلىق يارىتىش بولۇشى لازىم.

ئوقۇش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، كونا بىلىملەرنى يېڭى بىلىملەرگە باغلاپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى، تەرەققىياتى، سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ئوقۇشنى كۈچەيتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك. بۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇر، ئۇلارنى تەسەۋۋۇر ئىنتايىن جانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىنتايىن قولايلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئوقۇشنىڭ سۈپىتى مۇناسىۋەت سېلىشتۇرۇشتا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بىلىم مۇناسىۋەت، سېلىشتۇرۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت سېلىشتۇرۇش، يېڭى بىلىم، كونا بىلىم، قەدىمكى ھەم ھازىرقى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ھەممىسىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ، شۇنىڭدىن پايدىلىق بىشارەتكە ئىگە بولۇش لازىم.

ئوقۇش جەريانىدا، ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر ناھايىتى قىممەتكە ئىگە ئوقۇش خىسلىتىدۇر. ئوقۇش، مۇكەممەل قىلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل تەپەككۇر پائالىيىتىنى باشقىدىن قوزغاتقانلىقتۇر. ئوقۇش-قوبۇل قىلىش، ئوچۇرلارنى كىرگۈزۈشتۇر، كىرگۈزۈشتىكى مەقسەت بولسا چىقىرىش ئۈچۈن بولىدۇ، چىقىرىش جەريانىدا ئىجادىيەت بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇشتا پەقەت ئۈزلۈكسىز باھا بېرىش، گۇمانلىنىش بولغاندىلا، ئاندىن توختىماي سوئال قويغىلى، بايقىغىلى، مۇلاھىزە قىلغىلى، ئوقۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

3. ئاساسىي ماھارەت. ئاساسىي مەزمۇن ئوقۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئوقۇش نەتىجىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. ئوقۇش جەريانىدا، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىگىلىگەن ھەرخىل ماتېرىياللارنى ھەرخىل سېلىشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ. ئۈزلۈكسىز ھالدا سېلىشتۇرۇش، مۇناسىۋەت نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇش، قىسقارتىپ، توغرا ئىپادىلەپ بېرىش بولسا ئاساسىي مەزمۇن بولىدۇ. مەيلى ماقالە ئابزاسلىرىدىكى مۇھىم نۇقتا مەزمۇنى بولسۇن، مەيلى پۈتۈن كىتاب، ماقالىدىكى گەۋدىلىك مەزمۇن بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغان ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش،

ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ، ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەش جەريانىدۇر.

ئادەتتە، كىشىلەر ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىگە بىرقەدەر ئېتىبار بېرىپ، ماتېرىيال ئوقۇشقا ئانچە ئېتىبار قىلمايدۇ، شۇڭا، بۇ يەردە ئوقۇش ئۇسۇلى مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپرەك توختالدۇق. بۇلار تەتقىقات ئېھتىياجى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم ھالقىدۇر.

## 4. ماتېرىيالنى بىرتەرەپ قىلىش

ماتېرىيال ئوقۇش جەريانىدا، گەرچە ماتېرىيالنى بىرتەرەپ قىلىش داۋاملاشتۇرۇلسىمۇ، لېكىن بۇ يۈزەكى بىرتەرەپ قىلىشتۇر. بۇ يەردە تېخى ئومۇمىي گەۋدە تەرەپ تېخى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ئومۇمىي ئوقۇش ئاساسىدا تەتقىقات ئېھتىياجىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەرەپكە ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم بىرقەدەم ـ ماتېرىيالنى بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىسىدۇر. يەنى ئايرىم-ئايرىم، سىستېمىلىق بولمىغان ماتېرىياللارنى قانداق قىلىپ مۇناسىۋەتلىك، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللارغا ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمەن، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى ئىشلەش كېرەك:

1. خاتىرلەش

خاتىرلەش ـ كۆچۈرۈش، ئۈزۈندە ئېلىش، تەسىرات يېزىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ماتېرىيال توپلاش، تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، زىيارەت قىلىش، تەجرىبە پائالىيىتى، ماتېرىيال ئوقۇش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسىدە خاتىرە يېزىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەش ئۈچۈن بىز ئايرىم چۈشەندۇرىمىز.

ئەگەر ماتېرىيال قىسقا بولسا، ئىشلىتىش قىممىتى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هامان كۆچۈرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇزۇن بولسا ئۇ چاغدا ئۇزۇندە ئېلىش كېرەك. ئۇزۇندىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى-ئاساسلىق كۆزقاراش، ئاپتورنىڭ يارانقان يېڭىلىقى، ئاپتورنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشىنى ئىسپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرىنى، قىممەتكە ئىگە سان-سىفىرلارنى ئۆز ئېچىگە ئالىدۇ.

تەسىرات يېزىش بولسا ماتېرىيال توپلاش، ئوقۇش جەريانىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇلانما تەپەككۇر، تەسىرات، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بىشارەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى يازغاندا، ئەسلى ئەسەردىكى كۆز قاراشلارنى ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى، تەتقىقات ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگە چەكلىمە قىلىۋالماستىن يازسا بولۇۋېرىدۇ. تەسىرات يېزىش ئوقۇشنىڭ بىۋاسىتە تېمىسى بولۇپ، كۆچۈرۈش، ئۇزۇندە ئېلىش ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش تەتقىقات تېمىسىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. تۈرلەرگە ئايرىش

ئادەتتە، كەسپ-پەنلەر دائىرىسىدە كىتاپ، ژۇرناللارنى ئوقۇش جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللار چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. ئەگەر تۈرلەرگە ئايرىشقا دىققەت قىلمىسا، ئادەتتە دائىم كۆرۈپ تۇرمىسا، بۇ ماتېرىياللار ئاسان قولغا كەلمىگەن ۋە قىممەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىشلىتىش تەسكە توختايدۇ. بىرى، كاللىدا ئازراق تەسىرى بار، بىراق تۇتۇۋېلىنمىغان، يەنە بىرى گەرچە تەسىرى بولسىمۇ ئىزدەش تەسكە توختايدىغان ماتېرىياللار، شۇڭلاشقا، توپلانغان ماتېرىياللارنى (خاتىرىنىمۇ ئۆز ئېچىگە ئالىدۇ) چوقۇم تۈرلەرگە ئايرىش كېرەك. تۈرلەرگە ئايرىشمۇ ئۇلانما تەسەۋۋۇرنى قوزغاپ، بىلىم ئىگىلەشتىكى مۇھىم ۋاسىتە بولىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى، ئىلمى ماقالىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش مەزمۇنى، تۈرى

بولغانلارنى ئالدىن-ئالا تەييارلىغان تىزىس بويىچە، ماتېرىياللارنى رەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

يەنە بىرى، ئالدىن-ئالا تىزىس بولمىغان (مەزمۇن ۋە تۈر) لارنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق تۈرلەرگە ئايرىيمىز:

بىرىنچى قەدەمدە، ھەرقايسى بەتلەرگە ياكى كارتوچكىلاردىكى ئايرىم ماتېرىياللارغا ماۋزۇ بېكىتىش، ئەڭ ياخشىسى پۈتۈن جۈملە ئارقىلىق بۇ ماتېرىيالنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشى ھەم مەزمۇنىنى ئىپادىلەش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، مەزمۇنى ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىن ماتېرىياللارنى بىر تۈرگە ئايرىش، شۇنداق قىلغاندا ماتېرىياللارنى بىرقانچە قىسىمغا ئايرىغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، ھەرقايسى قىسىملارغا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلايدىغان ماۋزۇلارنى قويۇش، بۇنداق قىلغاندا ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى شەكىللىنىدۇ.

بۇ خىل تۈرگە ئايرىشتا، قېلىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ ئىجادىي تەپەككۇرگە شارائىت يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلمىي ماقالە تىزىسىنى تۈزۈشكە رامكا تۈزۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ھەربىر تۈردە بېكىتىلگەن ماۋزۇ ئېھتىمال كەلگۈسىدىكى ئىلمىي ماقالىدىكى ھەربىر قىسىمنىڭ ماۋزۇسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ خىل تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۆزىمۇ بىرخىل ئىجادىي تەتقىقات پائالىيىتىدۇر. شۇڭلاشقا، ئىلمىي ماقالە يازغۇچىلار تۈرگە ئايرىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

3. ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتى

ئەگەر بىز تېما تاللاش، پىلان تۈزۈش، ماتېرىيال توپلاش قاتارلىقلارنى ئىلمىي ماقالىنىڭ سىرتىدىكى ھۈنەر دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ماتېرىيالنى بىرتەرەپ قىلىش، بولۇپمۇ ماتېرىيالنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تۈرگە ئايرىش ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىچكى ماھارىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماھارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلمىي ماقالىنىڭ سۇپىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە بىز ئوقۇش بىلەن ماتېرىيالنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى ئىلمىي ئىجادىيەت تەپەككۇرى پائالىيىتى مەسىلىسىنى تەكىتلىمەي تۇرالمايمىز.

ئادەتتىكى ئوقۇشتا، بىز كۆپىنچە تەپەككۇر ئادىتى ۋە ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە كونكرېتلىقتىن ئادەتتىكى ئابستراكتلىققىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيمىز. بىزنىڭ كۆپىنچە بىلىملىرىمىز مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە كەلگەن، بۇنىڭدا خاتالىق يوق. لېكىن، ئىلمىي تەتقىقاتتا ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇسۇللار يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. ماتېرىيال ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن ئۇ هامان ئۆلۈك نەرسە، ئۇنى تىرىلدۈرۈش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش، يېڭى ئۇنۇم يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش كېرەك.

تولۇق تەييارلىق ۋە تەپەككۇر بولغاندىن كېيىن، تەتقىقاتتا ئاساسىي كۆزقاراش تەييارلانغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى رەتلەپ بولۇپ ئىلمىي ماقالە يېزىش باسقۇچىغا قەدەم قويسا بولىدۇ.

## § 5. ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقىنىڭ قەدەم-باسقۇچى ۋە ئۇسۇلى

ئىلمىي ماقالە يېزىشنىڭ بىرقانچە قەدەم باسقۇچى بولىدۇ.

### 1. تىزىس تۈزۈش

تېما تەتقىقات نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى

بىرقانچە مەزمۇن ماقالىنىڭ باش تېمىسى ۋە جېنىدۇر. ئۇلار ئىلمىي ماقالە تىزىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

1. تىزىسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. تىزىس ئاساسەن، ماۋزۇ، ئاساسىي كۆز قاراش ۋە مەزمۇندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىلمىي ماقالىنىڭ ماۋزۇسى قىسقا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىق ئىككى خىل ئۇسۇل بار: بىرى، ئاساسىي مەزمۇننى ئېچىپ بېرىدىغان ماۋزۇ، ئۇ تېما تەتقىقاتىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى، ئاپتورنىڭ نەزەرىيە بايان قىلىدىغان مەركىزى، ئادەتتە بۇ پۈتۈن جۈملە شەكلىدە يېزىلىدۇ؛ يەنە بىرى، تېمىنىڭ ماۋزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تېما ئىلمىي ماقالىنىڭ ماۋزۇسى بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا بەزى تېمىلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشى تەس، بىرىنچى خىلدىكى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ.

ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ئاپتورنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى، ئىلمىي ماقالىنىڭ مەركىزى ۋە تۈۋرۈكى بولىدۇ. پۈتۈن ئىلمىي ماقالە شۇنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەزمۇن تىزىسى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بولىدۇ. نۇقتىئىنەزەرنى ھەرقايسى جەھەتتىن بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. مۇشۇ تەرەپتىكى مەزمۇننى رەتلىگەندىلا ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاساسىي رامكىسى قۇرۇلىدۇ.

2. ئىلمىي ماقالىنىڭ ئادەتتىكى قۇرۇلمىسى

تىزىسنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئىلمىي ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ئادەتتە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئادەتتە، ئىلمىي ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى، كىرىش نەزەرىيىسى، ئاساسىي نەزەرىيە، خۇلاسە نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرىش نەزەرىيىسى ئومۇمەن تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تېمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، تېما تاللاشتىكى سەۋەب، تېما تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى، ۋاستىسى، ئۇسۇلى ھەم نەتىجىسى.

ئاساسىي نەزەرىيە بولسا، ئاساسىي نۇقتىئىينەزەرنى بايان قىلىدىغان قىسىمدۇر، يەنى مەزمۇن تىزىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىدۇر. ھەرقايسى چوڭ قىسىملار ياكى بېقىنما قىسىملارنى ئېنىق يېزىپلا قالماستىن، يەنە ئىشلەتكەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار توغرىسىدا ئىزاھات بېرىش كېرەك.

خۇلاسە نەزەرىيىسى ئاساسىي نەزەرىيىنىڭ تەكرارلىنىشى ئەمەس، ئۇ، كىرىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە قىسمىغا ماسلاشقان ھالدا ئومۇملاشتۇرۇش، خۇلاسىلەش ھەم يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىدۇر.

## 2. دەسلەپكى ئورگىنالنى يېزىش

تىزىسنىڭ پۈتكەنلىكى ئىلمىي ماقالىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنىڭ پۈتۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ھەمدە دەسلەپكى ئورگىنالنى يېزىشقا بولىدۇ. ئادەتتە تىزىسنىڭ رەت-تەرتىپى بويىچە يازسىلا بولىدۇ، بۇ يەردە ئىلمىي ماقالە يېزىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز.

1. كۆلەم ئابزاس. ئىلمىي ماقالە بىلەن ئادەتتىكى ماقالە ئابزاس قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىق پەرقلىنىدۇ. ئالدىدىكىسى كۆلەم ئابزاسنى تەلەپ قىلىدۇ، كېيىنكىسىدە بولسا بىرقەدەر ئەركىن بولۇپ، بىرنەچچە سۆز ھەتتا بىر تىنىش بەلگىسىمۇ مۇستەقىل بىرتەبئىي ئابزاس بولىدۇ. ئىلمىي ماقالىنىڭ كۆلەم ئابزاسى بىرپۈتۈن لوگىكىلىق نەزەرىيىۋى پاكىت ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ.

بۇ خىل ئابزاسنىڭ ئاپتورنىڭ مۇكەممەل لوگىكىلىق تەپەككۇرىنى ئىپادىلەشكە ياردىمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشىغا ياردىمى بولىدۇ.

2. ئابزاستىكى ئاساسىي جۈملە. ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاساسىي ئابزاسى بولۇپمۇ، ئاساسىي نەزەرىيە قىسمىدا مەركىزى ئىدىيە مەركەزلىك، روشەن بولۇشى كېرەك. ئۇنى گەۋدىلىك، كۆرۈنەرلىك قىلىش ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك، ئابزاسنىڭ ئاساسىي مەركىزىنى ئىپادىلەش كېرەك. ئۇ مەيلى ئابزاسنىڭ ئالدىغا، ئوتتۇرىسىغا ياكى ئاخىرىغا قويۇلسۇن، شۇ ئابزاستا باش رول ئوينىشى لازىم. ئابزاستىكى باش جۈملىنى تاۋلاش ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىقتىكى نىشانى، مەركىزىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە كىتاپخانلارنىڭ ئابزاستىكى مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلىشىگىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

3. تەكىتلەش ئۇسۇلى. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردا پەردازلاش، مۇبالىغە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەكىتلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىلمىي ماقالىلەردە بۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ماقالىدە ئىپادىلەشتە، كۆپىنچە سېلىشتۇرما تەكىتلەش، ھەرقايسى ئورۇنلاردا تەكىتلەش، سۆزلەرنى تەكىتلەش ئۇسۇلى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تەرەققىياتنى دېيىش، ئۆزگىرىشنى دېيىش، ئۈنۈمنى دېيىشلەر سېلىشتۇرما ئۇسۇل ئارقىلىق تىپىك ھالدا سان-سىفىرلارنى قوللىنىش، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرىنى يەنى ئاپتورنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىۋى نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئوخشاشمىغان ئورۇنلاردا تەكىتلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، باشلىنىشىدا سوئال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇش ياكى نەتىجىسىنى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاخىرلاشقاندا يەنە ئالدىدىكى يەكۇنگە ماسلىشىشلارنىڭ ھەممىسى تەكىتلەشنى گەۋدىلىك كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

4. تىل. ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىلى پەننىي تىل بولۇپ، گەرچە ئادەتتىكى ماقالىلەردىكىدەك بايان، مۇلاھىزە، چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلسىمۇ، يەنە ئۇلارغا ئوخشاش بولمايدۇ. ئىلمىي ماقالىدىكى بايان بىلەن چۈشەندۈرۈش، بايان جەريانى، چۈشەندۈرۈش ئەھۋالىدا بولماستىن بەلكى، شۇ جەرياندا كۆرۈلگەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت، تەرەققىيات، ئۆزگىرىش يولىدىدۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، كىشىلەرگە رىتىملىق تونۇش ھاسىل قىلىدۇ. مۇلاھىزە بولسا، ئادەتتىكى مەنىنى ئۇقتۇرۇش، كۆزقاراشنى ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى مۇكەممەل لوگىكىلىق نەزەرىيە، ئىسپات ئارقىلىق، ئۇنىڭ رىتىملىق تونۇشى، كۆزقاراشىنىڭ ئىلمىيلىكى، ئىجادىيلىقى ۋە ئوبيېكتىپلىقى، ماسلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەمەلىي ئىشلەتكەندە، ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، تەجرىبىنى تونۇشتۇرغاندا، مۇناسىۋەتسىز جەرياننى يازماسلىق كېرەك ھەم ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ۋە كۆپلىگەن ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشلەتمەستىن بەلكى، پەننىي تىل، مۇنتىزىملاشقان، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ھەم بولغان، مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان توغرا سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئاز قىسقارتىش كېرەك. كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشلىتىشىگە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى بىرنەچچە نۇقتىدىن سىرت، ئورگىنالنى يېزىش جەريانىدا، ئىشلەتكەن ماتېرىياللار، رەسىملەرنى توغرا تەكشۈرۈپ، ئېنىق بېكىتىش كېرەك.

## 3. بېكىتىلگەن ئورگىنالنى ئۆزگەرتىش

دەسلەپكى ئورگىنال پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. ئۇنى جۈملىمۇ-جۈملە تەكشۈرۈپلا قالماستىن، يەنە نۇقتىئىينەزەر مەزمۇنىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئالدى بىلەن بارلىق كۈچنى يىغىپ، ئىلمىي ماقالىنى تەكشۈرۈپ ئوقۇش كېرەك.

بۇنىڭدا، ماقالىدە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، بارلىق سان-سىفىرلارنى ئىسپاتلاش، رەسىملەرنىڭ توغرا-خاتالىقىنى تەكشۈرۈش ھەمدە ئىسپاتلەش جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان رىتىمنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئىلمىي ماقالىلەردە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ھەممە ماتېرىيالنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بولىدۇ. بۇ خىل ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلەش كۈچى يېتەرلىك بولۇش-بولماسلىقىنى تەكشۈرۈش ھەم يېتەرسىز تەرەپلىرىنى باشقا ماتېرىياللار بىلەن ئالماشتۇرۇش ياكى تولۇقلاش لازىم.

يەنە مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى، پىكىرنىڭ تاۋلىنىشى، ئۇقۇمنىڭ ئىشلىتىلىشى، توغرىلىقى، مۇكەممەللىكىنى تەكشۈرۈش لازىم. ئەگەر تولۇق بولمىسا، ئۇنىمۇ رەتلەپ تۈزىتىش كېرەك. ئاخىرىدا، ئىلمىي ماقالىدە پايدىلانغان مەنبەلەرنى ئايرىم قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ، ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرخىل ئىلمىي ئەخلاقنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىلمىي ماقالە بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. باھالاش گەرچە ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقىنىڭ بىر قىسمى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى تۈردىكى ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرىغا نىسبەتەن چوقۇم ئويلىشىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

چۈنكى، باھالاش — تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن ئاپتورنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى ئېغىزچە تەكشۈرۈشتۇر، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مۇقەررەرلىشىشى بىلەن ئۇنىڭدىكى قېلىپ قالغان مەسىلىلەر ۋە خاتالىقلارنى تولۇقلاش ئۇسۇلىدۇر.

باھالاشقا تەييارلىق قىلغاندا، ئىلمىي ماقالە دائىرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەييارلىغاندىن سىرت يەنە تەتقىقات تېمىسىدىكى يېتەرسىزلىك، كەم قالغان ھەمدە ئىلمىي ماقالىدىكى ئاجىز نۇقتىلارغا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، باھالاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مۇتەخەسسىسلەردىن سوراپ بىلىۋېلىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۆزىگىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، كېيىنكى يېزىقچىلىق ئۈچۈن ياردىمى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

باھالاش ئىلمىي ماقالىنىڭ سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئاپتورنىڭ بىلىم قۇرۇلما سەۋىيىسىنى، تەپەككۇرىنىڭ تېزلىكى ھەم دەرھال ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قويغان سوئاللىرىغا تەمكىن ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا جاۋاب بېرىش كېرەك.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئىلمىي ماقالىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
2. ئىلمىي ماقالە يېزىشتا قايسى تەييارلىقلارنى ئىشلەش كېرەك؟ بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ھالقا قايسى؟
3. ئىلمىي ماقالىنىڭ تېما تاللىشىغا ئاساسەن، كەسىپ دائىرىسىدە بىر تېما تاللاپ يېزىپ چىقىڭ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «ئېڭگېنى پوتئىر» ، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم.
2. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ، تاشكەنت ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم.
3. ز. قادىرى: «غۇنچەم» ، «خاتىرىلەر» .
4. مۇپاسسان: «ھېكايە توغرىسىدا» .
5. لېۋ. تولستوي: «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» .
6. لۇشۇن: «چۇقان» ، «ياۋا گىياھ» .
7. ن. ئوستروۋسكىي: «پولات قانداق تاۋلاندى» .
8. يولىئۇس فۇچىك: «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز» .
9. لاۋشى: «تىلنى قانداق ئۆگەندىم» .
10. ئېنگېلس: «مېيناھاركىنىسقا خەت» ، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم. خەنزۇچە نەشرى.
11. بالزاك: «گورىيو بوۋاي» .
12. سېرۋانتىس: «دون كېخوت» .
13. گوگول: «ئۆلۈك جانلار» .
14. «ماركس - ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى.
15. ت. ئېلىيوۋ: «تاللانغان شېئىرلار» .
16. ئابدۇللا قادىرى: «مېھراپتىن چايان» .
17. لېۋ. تولستوي: «ئىجادىيەت توغرىسىدا» .
18. ماياكوۋسكى: «مەن شېئىرنى قانداق يازىمەن» ، «سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» .
19. لېۋ. تولستوي: «تىرىلىش» .
20. تورگېنىۋ: «مۇھەببەت يولى» .
21. ئىززەت سۇلتان: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» .
22. «شائىر ھەققىدە. . . .» .
23. «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com

责任编辑:阿不力米提·卡迪尔
责任校对:吐尼沙依木·沙吾提
封面设计:夏迪亚·阿西木

新疆维吾尔自治区高等院校教材
写　作　学
博格达·阿不都拉　编

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮编:830046)
新疆建工印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　11.5印张
1996年7月第1版　1996年7月第1次印刷
印数:1—5000册

ISBN7—5631—0783—5/G·443(维文)
定价:10.50元(平)　　18.50元(精)